
نۇرئەلى ئابلىز

# بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت

يېڭى نۇسخىسى



- تۆت پارچە ئېسىل ماقالە ھەم يۇ مىنخۇڭ بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «دىيالوگ» ى قوشۇلغان
- ئۇيغۇرچە نەشرى بىر ئايدا 30 مىڭ پارچە
- خەنزۇچە نەشرى ئالتە ئايدا 500 مىڭ پارچە تارقىتىلغان
- جۇڭگودىكى يىللىق ئىلھامبەخش كىتابلار تورىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان كىتاب

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىت ئەنسەر ئالىم

ئەلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۇۋەتتە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلارغا غەلىبە قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بىر ئىمكانىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى: بىر ئادەم ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان تەقدىردىمۇ، كىچە - كۈندۈز بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە تايىنىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەلۇم بىر ساھەدە ۋايىغا يېتىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىگە تەۋە بىر دۇنيا يارىتالايدۇ.

— يۇ مىنخۇڭ

مەن ئالدىراپ يىغلىمايدىغان ئادەم. لېكىن، ئەلنىڭ نۇتقى مېنى يىغلاتتى. يۈرىكىم ئاغرىدى دېگەندىن كۆرە، تەسىرلەندىم، ھەخىرلەندىم دېگىنىم توزۇك. ئىنگلىز تىلى مېنى بىر پۇرسەتكە ئېرىشتۈرگەنىدى، ئەمما ئەلى لېكسىيە سۆزلەش، ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

— چىن لۇيۇ

ئادەمنى ئۇتۇق قازىنىشقا يېتەكلەيدىغان بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بار. «سىزنىڭ ئىگە بولغىنىڭىز 365 كۈن ئەمەس، بەلكى 8760 سائەت»، مانا بۇ دەل شۇ خىل تەپەككۇر. بۇنداق ياخشى تەپەككۇر ۋە ئۇسۇل بىلەن ياشىغان ئادەم ئۈچۈن غايە ھەرگىز بىر چۈش ئەمەس.

— خۇاڭ لېي

مەن ئەلنىڭ پىروگراممىلىرىنى مەخسۇس كۆرۈپ باققان. ئۇ، ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئادەم. باشلىنىش نۇقتىمىز ئوخشاشمايدۇ، بېشىمىزغا كەلگەن قىسمەتلەر ئوخشاشمايدۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭ غايىسىنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. تىللاردا داستان بولغۇدەك ياشىغۇڭىز بارمۇ؟ ھەقىقىي ھېكايە ھەممىنى ئۆزى سۆزلەيدۇ. ئەلنىڭ غايە يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مېنىڭچە بىزنىڭ كۆرۈپ چىقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

— دا بىڭ

*دۇنيا تولىمۇ كەڭ ، قانداق ئادەم بولۇش پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا باغلىق. مەن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىلىقى ئۇنچە يىراق ئەمەس. توغرا ئۇسۇلدا، يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز، ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك ئادەم بولالايسىز!*

ISBN 978-7-5466-3632-0

نۇرئەلى ئابلىز

# بىر يىلدىكى 8760 سائەت

## يېڭى نۇسخىسى

تەرجىمە قىلغۇچى : دولقۇن ئەلى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى تارىبىسى

图书在版编目(CIP)数据

你一年的 8760 小时：升级版：维吾尔文 / 努尔艾力·阿不力孜著；多力坤·艾力译. -- 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2016.4
ISBN 978-7-5466-3632-0

Ⅰ. ①你… Ⅱ. ①努… ②多… Ⅲ. ①成功心理—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①B848.4-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2016)第 082792 号

نەشر قىلغۇچىلار: تالڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت


پىلانلىغۇچى: نۇربىيە ئىسمايىل
مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇربىيە ئىسمايىل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مەمەت
بەت ياسىغۇچى: ئايىنسا ئوبۇل

# بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت

(يېڭى نۇسخىسى)

*　　*　　*

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255　پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm　1/32　باسما تاۋىقى: 13.625
2016 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2016 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5466 – 3632–0
باھاسى: 39.80 يۈەن



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ پايانسىز دۇنيا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە بولغان ناتونۇش ئۆزىنى ئىزدەپ، ئەزەلدىن قەدەم باسمىغان جايلارغا دادىللىق بىلەن قەدەم تاشلاپ، يېڭىياچە تۇرمۇشنى چۈشىنىپ بېقىشى كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

قەدەھ يەرگە چۈشۈپ كەتسە پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. مۇبادا سىزمۇ شامالغا قارشى پەرۋاز قىلسىڭىز، ئارمانلىرىڭىز بەربات بولۇپ كەتسىمۇ، پۈتۈن جان - جەھلىڭىز بىلەن تىرىشقان ئاشۇ مىنۇتلار هاياتىڭىزدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.



سىزنىڭ كېلىپ چىقىشىڭىز، هازىرقى ئەھۋالىڭىز، تالانتىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت تىرىشىدىغانلا بولسىڭىز، لەرزان مۇزىكىغا جور بولغان گۈزەل كەلگۈسى يارىتىپ، تېخىمۇ ئۈزاقلارغا بارالايسىز.



www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئاسانلا بىلەلەيدۇ، ئەمما قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.



ھەربىر ئادەم ھايات مۇساپىسىدە ئوخشاشمىغان روللارنى ئالىدۇ، مۇھىمى ئالغان ھەربىر رولدا شۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزى بولۇشىدۇر.



ھېچكىم يېگانە ئارال ئەمەس، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە تامامەن بولىدۇ، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىز بىر مەھەل تەنھالىقىمىزغا قايتىپ، ئەركىن مىنۇتلارنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەۋسىيەنامە

## ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىگەن ئادەمدۇر

يۇ مىنخۇڭ

ئەلنىڭ 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتىم.

بۇ يىگىتكە نەدىن كەلگەن جۈرئەتكىن بىلمەيمەن، ماڭا ئېلىخەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ «كۇ ئەي ئىنگلىز تىلى» («ئەلى قالتىس ئىنگلىز تىلى» دېگەن مەنىدە) دەرسىنىڭ سىن ھۆججىتىنى ئۆزىگە يوللاپ بېرىشىمنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا دەل «سوقماق مەسىلىسى» يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئارىلىق زىل تېمىغا ئايلىنىپ قالغان چاغ ئىدى. شىنجاڭلىق بۇ يىگىت بىر بۆلەك خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە دەرسلىك سىنىدا قىزىقارلىق سۆزلەر ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇردى. نۇرغۇن كىشىلەر سوقماق مەسىلىسىنى رايون خاراكتېرلىك كەمسىتىش دەپ قاراۋاتقان چاغدا، ئۇ مائارىپ قاتلىمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپتۇ. بۇ خىل مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم.

2013 ـ يىلى چاغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتىم. شۇ قېتىملىق يىغىن ئارىلىقىدا ئۇ دادىللىق ۋە ئارزۇ قارامىلىق بىلەن يېنىمغا كېلىپ، ئۆزىنى ئىنچىكە

«ئوپېراتسىيە» قىلىپ يازغان دوكلاتىنى چىقاردى. ئۇنىڭدا ئەلى ئۆزىنىڭ ۋاقىت باشقۇرۇش تەسىراتلىرىنى، ئىلگىرىكى ئوقۇتۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يېزىپلا قالماي، 90 كىلوگىرامدىن 70 كىلوگىرامغا ئورۇقلىغانلىقى، قورسىقىغا سەككىز پارچە مۇسكۇل چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت ئورۇقلاش جەريانىنىڭ ئۇنۇم خەرىتىسىنىمۇ كىرگۈزۈپتۇ.

مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا «يېڭى شەرقنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ چىققىن» دېگەن بىر جۈملە سۆزنىلا قىلغانىدىم.

دەرۋەقە، ئىككى يىلدىن كېيىن شۇنداق قىلالىدى.

ئۇ يېڭى شەرقنىڭ 20 مىڭغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياش ناتىققا ئايلاندى ھەمدە «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر ئەلىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك، ئەزەلدىن ۋايسىمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بىر تەرىپىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ياشلارنىڭ قارام ھەتتا ئاجىز چاغلىرى بولىدۇ. بىر مەزگىل، ئەلىنىڭ كەيپىياتى سۇلغۇن چاغلىرى بولغان، شۇ مەزگىلدە ماڭا بىرقانچە پارچە ئېلخەت ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈشكە چىققانلىقى ئانچە توغرا بولمىغاندەك ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ كېتەيلا دېدىم، پىسخىكا دوختۇرىغىمۇ كۆرۈندۇم دېگەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ يەنىلا غالىب كەلدى، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپلا قالماي، قالتىس بىر

ئادەمگە ئايلاندى.

ئاتىسىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولۇشى ئۇنى ھاياتلىق ھەققىدە يېڭى تەسىراتقا ئىگە قىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇچراتقان ئادەملەردە، مەن قىلىۋاتقان ئىشلاردا، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاز - تولا ياخشىلىنىش بولسىلا، ماڭا شۇ كۇپايە.»

ھەر كۈنى سائەت 7 دىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، مىكروبىلوگدا كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلايدىغان نەرسىلەرنى ھەمبەھىرلەيدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ، بەدەن چېنىقتۇرىدۇ، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە خىزمەت قىلىپمۇ، ئەتىسى يەنىلا سائەت 6 دە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش ھەقىقەتەن جاپالىق. بىرنەچچە قېتىم، يېرىم كېچىدە ئۈندىداردا خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋېتىپ، ئۇ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى، كېيىن بىلسەم، چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالغانىكەن.

ئەلى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئالدىراپ تىلغا ئالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان يامانلىقلىرىنى ھەرگىز دەپ يۈرمەيدۇ، ئۇ پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ئىشلىرىنى ئۈن - تىنسىز داۋاملاشتۇرىدۇ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا ۋە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى ھەرگىزمۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان ساددىلىقىدىن ئەمەس. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشكۈلاتلار مۇتلەق كۆپ قىسىم تەڭتۇشلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەيلى مۇنبەردە، مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن، ئۇنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىدىن كىچىككىنە

كۆلەڭگىمۇ تاپالمايسىز، ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئۇچ يىل، مىڭ نەچچە كېچە ۋە كۈندۈز، باشقىلارغا كەڭ قورساق، ئەمما ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەلىمۇ مۇكەممەل ئادەم بولالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى.

بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل مۇقەددەم، مەن چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇسى بىلەن ياشىغانىدىم، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئارزۇيۇمنى هازىرغىچە رېئاللىققا ئايلاندۇرالمىدىم. كېيىن «يېڭى شەرق» نى قۇرغاندىن كېيىن، هايات يولۇمدىكى يەنە بىر ئىمكانىيەتنى بايقىدىم، يەنى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم قىلالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. بۇ مەلۇم بىر ئىمتىهاندىن ئۆتۈپ، چەت ئەلنىڭ ئۇنۋان ـ كىنىشكىلىرىغا ئىگە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىكلا ئىش ئەمەس، تېخىمۇ مۇهىمى، ئۆزىگە ئىشىنىشكە، ئىززەت ـ هۆرمەت، غۇرۇر يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىش.

بۈگۈنكى كۈندە، ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ئەلى «ئۇتۇق قازانغۇچى»، «مۇنەۋۋەر ياش»، «ئاكتىۋال ئېنېرگىيە تارقاتقۇچى»، «ئىرادىلىك يىگىت»... دېگەندەك تۈرلۈك ياخشى سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەنمەكتە. مەن ئۇنىڭدىن «قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇش» نى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى سورىدىغانىدىم، ئۇ ماڭا كەسكىنلىك بىلەن «ئۆمۈردىن ئۆزۈن ئىشلارنى قىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ سىزگە «سىرلىق رېتسېپ» لارنى يېزىپ بەرمەيدۇ، پەقەت توغرا ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ ياخشى ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ يوللىرىنى چىنلىق بىلەن ئېيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى شۇ يولنى ئوڭۇشلۇق بېسىپ ئۆتكەن.

ئەلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۆۋەتتە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلارغا غەلىبە قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بىر ئىمكانىيەتنى كۆرسىتىپ بەردى: بىر ئادەم ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان تەقدىردىمۇ، كېچە - كۈندۈز بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە تايىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، مەلۇم بىر ساھەدە نەتىجە قازىنىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىگە تەۋە بىر دۇنيا يارىتالايدۇ.

مېنىڭ تېخىمۇ قايىل بولغىنىم شۇكى، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك يوللۇق بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، خېلى زور زېھنىي قۇۋۋىتىنى باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسى داڭلىق مەكتەپ، بايلىق ۋە مەرتىۋىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە: ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ يولىنى يورۇتۇشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب CHAPTER 1
## نېمە ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۇنۇمىنى كۆرەلمەيسىز؟

مۇۋەپپەقىيەت ـ نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى بىلىش ئەمەس ...... 2
ئەلالىقنى تاۋلاپ چىققىلى بولىدۇ ........ 11
«يوشۇرۇن كۈچىڭىز» سىزنى پۈتلاپ قويمىسۇن ........ 20
بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەتنىڭ سىرى ........ 26
ھېچكىم يالغۇز ئەمەس ........ 33
90% ئادەم مۇۋەپپەقىيەت ناملىق بۇ يولدا يىقىلىدۇ ........ 40

## ئىككىنچى باب CHAPTER 2
## ئۆزىڭىزنى كارخانىدەك باشقۇرۇڭ

نىشانسىز ماڭسىڭىز، قىردىن ئاشمايسىز ........ 48
ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر ئۆتكىلىدىكى ئاساسلىق رولىڭىزنى بىلىۋېلىڭ ........ 56
ھەرقانداق بىر جاي سىزگە سەھنە بولالايدۇ ........ 64
كەلگۈسىنى ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭ ........ 72

خىزمەت ئىزدىگۈچىلەردىكى ئىقتىدارنى بايقاش ھەققىدە
ئويلىغانلىرىم ........................................ 84
ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش ................................ 94
كەلگۈسىڭىزگە مەبلەغ سېلىڭ ............................ 101

## CHAPTER 3 ئۈچىنچى باب

## يۈكسەكلىككە ئىنتىلىڭ، مۇۋەپپەقىيەت تۇيۇقسىز ئىزدەپ كېلىدۇ

يوشۇرۇن ئىقتىدارمۇ ئەخلەتمۇ؟ ............................ 108
ئادىشىپ قالغاندا ھايات قېلىشنىڭ بىرىنچى قانۇنى .......... 115
ھېچكىم ئورنۇمنى ئالمىسۇن دېسىڭىز، ھېچكىم ئورنىڭىزنى
تولدۇرالمايدىغان بىر كىشى بولۇڭ ........................ 126
ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ــ ئۆزىگە پۇختا بولۇش .... 135
ئۇتۇق قازىنالمىسىڭىز مەيلى، ئەمما توختاپ قالماڭ ......... 141
ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەت كۆزنى تېڭىپ قويۇپ بىر قەدەم
ئالغا باسقانغا تەڭ ..................................... 149
ھاياتنى گۈزەل ئىشلارغا ئىسراپ قىلىش .................... 157

## CHAPTER 4 تۆتىنچى باب

## ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىڭ

ئۆمۈرنى يەيدىغان يوشۇرۇن قارا ئۆڭكۈر.................... 165
34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى ..................... 173

www.uyghurkitap.com

تەتۈر يۆنىلىشلىك پىلانلاش ئۇسۇلى .................... 193
ئالدىن تاللاش ئۇسۇلى .................... 203
كىنو كۆرۈش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش ئۇنۈمىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش ئۇسۇللىرى .................... 212
كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ ئازابلىنىشىغا خاتىمە بېرىڭ ... 224
قىزىقىشىڭىز پۇشايمانىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالمىسۇن ........ 231

## CHAPTER 5 بەشىنچى باب

## تېخىمۇ يىراقلارغا يېتەي دېسىڭىز، بىللە مېڭىڭ

كەم بولسا بولمايدىغان «باشقىلار» .................... 240
سىزنى يىقىتالمىغىنى سىزنى كۈچەيتىدۇ .................... 247
رەھىمسىز دۇنيادا بىر پارچە هارارەت بولۇپ ياشاڭ .......... 256
باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاش .................... 262
بىز يالغۇز جەڭچى ئەمەس .................... 269

## CHAPTER 6 ئالتىنچى باب

## مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەتتىن باشلىنىدۇ

مۇۋەپپەقىيەت ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتنىڭ «قوشنىلىرى» بار.... 276
مۇشەققەتلىك پەيتتە، بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىڭ.............. 289
«ۋەدە قىلىپ» ئورۇقلاش ئۇسۇلى .................... 297
جاپا چەكمىگۈچە هالاۋەت يوق .................... 307

گاڭگىراش ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ......... 313
مۇسابىقە ئىككىنچى، دوستلۇق ئۈچىنچى ................... 323

## يەتتىنچى باب CHAPTER 7

## بىزدىن مۇنەۋۋەر ئادەملەر بىزدىنمۇ بەكرەك تىرىشىدۇ

سىز چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدا، باشقىلار تىرىشىۋاتقان بولىدۇ.... 332
«يامان ئەمەس» تىن «بەك يامان» غىچە .................. 339
تاشپاقىنىڭ تاۋلىنىشى ھەققىدە ......................... 345
توختاڭ ۋە يەنە مېڭىڭ................................ 353

## ھېكايىنىڭ داۋامى

يالغۇزلۇق بىلەن خوشلىشىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ............ 360
ئەڭ غەلىتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇنازىرە تەسىراتلىرى ..... 367
«ئاچقىن يۈزۈڭنى مەن بىر كۆرەي»........................ 374
ھازىرقى زاماندا كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى بارمۇ........... 379
دىيالوگلار: نۇرئەلى بىلەن يۇ مىنخوڭ چىڭخۇا
ئۇنىۋېرسىتېتىدا .................................... 387
خاتىمە ............................................ 402

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچە سائەت 11 دە، ئاتام ئابلىز سەيدىن شىنجاڭنىڭ قورغاس ناھىيەسىدە قوياش ئېنېرگىيەلىك يول چىرىغى ئورنىتىۋېتىپ، خىزمەت ئۈستىدە قازا قىلدى. شۇ يىلى ئۇ 51 ياشتا ئىدى.

شۇ چاغدا مېنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈشۈمگە پەقەت 15 كۈنلا قالغان.

يۇرتقا قايتىپ، ئاتامنى يەرلىككە قويۇپ، ئايرىلىش ئازابىدا پۈچىلىنىۋاتقان ئانام ۋە سىڭلىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، يەنە بېيجىڭغا قايتىپ كەلدىم ھەمدە چىقىش يولۇمنى تېپىش ئۈچۈن، مۇشۇ شەھەردە قالدىم.

ئۇ چاغدىكى مەن بىر ئاقپىشماق بودەك ئىدىم، خىزمەتنى قانداق ئىشلەشنىمۇ بىلمەيتتىم.

قانىتىم سۇنغان، ماكانسىز قالغانىدىم. كېچە ـ كۈندۈز يېنىپ تۇرىدىغان سانسىز چىراغلىرى بار بۇ ئاۋات شەھەردە مەن ئۈچۈن يېقىلغان بىرمۇ چىراغ يوق ئىدى، مەن ئۈچۈن يېقىلغان ئۇ چىراغ پەقەت ئۆز يۇرتۇمدا، كۆز يەتكۈسىز يىراق بىر جايدا قالغانىدى.

مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇزۇن ھەم ئېگىز ـ پەس يوللارنى ئۆزۈم يالغۇز مېڭىشىم، تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

ھۆرمەتلىك ئاتامنىڭ چىرىغىنى ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلىدا مەڭگۈ ياندۇرۇشنى ئويلايتتىم.

ــ نۇرئەلى ئابلىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

CHAPTER 1 بىرىنچى باب

# نېمە ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۈنۈمنى كۆرەلمەيسىز؟

ياشلار ھەمىشە دۇنيا بىلەن سۆزلەشمەكچى بولىدۇ، لېكىن بۇ دۇنيانىڭ سىز بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوق. تالانتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغان، ھاياتىي كۈچىڭىز تولۇپ - تاشقان، سەرۋازلاردەك كۆز باغلايدىغان ئىقتىدارىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ دۇنيانىڭ شەپقەتسىزلىكىگە تەڭ تۇرالمايسىز.

# مۇۋەپپەقىيەت ـ نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى بىلىش ئەمەس

كارىۋتىمنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان ئۇستەلگە مۇنداق بىر جۇملە ئىنگلىزچە سۆز ئويۇلغان: «If you cannot do, teach»، (ئەگەر ئۆزۈڭ قىلالمىساڭ، باشقىلارغا قىلىشنى ئۆگەت.) ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بېرى بۇ سۆزنى ئۆزۈمگە سىگنال قىلىۋالدىم. بۇ، قائىدە سۆزلەشكە ئۇستا، ئەمما ئۆزى قىلالمايدىغان كىشىلەرگە قىلىنغان كىنايە ئىدى.

مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، لەقىمى «قائىدەشۇناس» ئىدى، كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈش، قائىدە سۆزلەشتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىدىن تارتىپ ھازىرقى زامانىدىكى بىت پۇلىغىچە قايىل قىلارلىق مۇلاھىزە قىلىپ بېرەلەيدۇ، ئويۇن ـ تاماشا ۋە نىكاھ، تۇرمۇش توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارغا خېلى كېلىشكەن سىرتقى قىياپىتى قوشۇلسا، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان ھەرقانداق ئادەم بىرەر ئۆلىماغا ئۇچراپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەينى چاغدا ئىككىمىز جۇڭگۇەنسۇندە ئۇن نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق بىر ئىجارىلىق ئۆيدە بىللە تۇراتتۇق؛ جۇڭگۇەنسۇن بېيجىڭنىڭ ئاۋات يېرى ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئۆينىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئىجارىسى

خېلىلا قىممەت ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىككىمىز دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇراتتۇق. ئۇ ئىككى بارمىقى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىنى كۈچەپ بىر تارتىپ، ئاندىن ئىسنى ئالدىرىماي پۈۋلەپ چىقارغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: «ئەلى، يېقىندا مەن مالىيە باشقۇرۇشقا ئائىت بىر كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەتقىق قىلدىم، ھازىر پۇلنى بانكىغا قويساڭ، كۈندىن - كۈنگە كۆرسى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇتۇق قازىنىش ئۇچۇن، بېيجىڭدا يول تېپىش ئۇچۇن، تۇرمۇشۇڭ ياشاش ئۇچۇن، شىركەتتە ئاددىي خىزمەتچى بولۇشتىن باشلىساڭ، ھەر يىلى مائاشىڭ ئاز - ئازدىن ئۆسۈپ، بەش يىلدا بىر قېتىم ئەمىلىڭ ئۆسىدۇ دېسەك، بىر ئۆمۈر تىرىشقان بىلەنمۇ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمىغۇدەك. ئۇزۇپ چىقىمەن دېسەڭ، باشقىلار ماڭمىغان يولدا مېڭىشىڭ كېرەك. ئىككىمىز ئازراق پۇلىڭ ئېپىنى قىلىپ، ئالتۇن سودىسى قىلايلى...»

كېيىن ئۇ خىزمەت مۇناسىۋەتى بىلەن كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن پات - پات تېلېفون ئۇرۇپ، يەنە خىزمەت ئالماشتۇرغانلىقىنى، يېڭى بىر ساھەگە كىرگەنلىكىنى ۋە ياكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باي بولۇشنىڭ يېڭى ئامالىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ تۇردى. لېكىن مەيلى قايسى ساھەگە كىرمىسۇن ياكى پۇل تېپىشنىڭ قانداق بىر يېڭى ئۇسۇلىنى تاپمىسۇن، ھېچقايسىسىنى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشتۇرمىدى. ئاخىردا پۇشايمان دورىسىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستېمالچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، «قائىدە سۆزلەش، مۇلاھىزە قىلىشتىن باشقا، ئەمەلىي ئۇنۇم بېرىدىغان چارە ۋە ھەرىكەت

تېخىمۇ مۇھىم ئەمەسمۇ» دەپ ئەسكەرتكەنىدىم. ئۇ سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ، بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ، «ئۆتكەندە ھېلىقى شىركەتنىڭ پېيى ئۆسىدۇ دېگەنىدىم، راستتىنلا ئۆستىغۇ، شۇ چاغدا سېتىۋالغان بولسام، ھازىر بىر يۈرۈش ئۆيمۇ ئېلىپ بولار ئىكەنمەن» دېدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر تۆت قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇپ بولدى، مائاشى 1050 يۈەن ئۆستى، ئاددىي خىزمەتچى ئىدى، ھازىر بەش كىشىلىك بىر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولدى. ئېھتىمال كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ راستتىنلا ئامىتى كېلىپ قالار، شۇنداق بىر كۈن كېلىپ قالسا، مەنمۇ چوقۇم يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ، «باي بولۇپسەن، بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسسەن» دەپ بارىمەن.

دۇنيادا قائىدە سۆزلەشكە ئامراق ئادەملەر كۆپ، قائىدە ئاڭلاشقا ئامراق ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ، ھەر خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان، ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ياكى ئېرىشمەسەم بولمايدۇ دەپ قارىغان قائىدىلەرگە ئېرىشىپ تۇرىدىغانلار ھامان كەم بولمايدۇ.

لېكىن، بۇ قائىدىلەر راستتىنلا شۇنچە ئەسقاتامدۇ؟ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى لېكسىيەنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، يېرىم يىلدا GRE نى ئالىمەن، توفىلدىن ئۆتىمەن، ئامېرىكىدىكى پالانچى داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە قەسەم قىلىسىز، لېكىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا راستتىنلا ئېرىشىدىغانلار ھامان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ. داڭلىق كارخانىچىلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەتتا ئىلھامبەخش بىر جۈملە سۆزنى كۆرۈپ قېلىپلا، قېنى قىزىپ، قاتتىق تىرىشسىلا بىرەر شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارى بولۇپ، ساھىبجامالغا ئۆيلىنىپ، تۇرمۇشىنىڭ جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىقىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ: مۇھەببەت مۇتەخەسسىسلىرى ھەمبەھىرلەپ قويغان بىر ھېكايىنى ئوقۇپلا، «تۇنجى مۇھەببىتىنى قەدىرلەپ، پەرھادنى ساقلايدىغان» قىزلارنىڭ شېرىن بولغۇسى كېلىپ، باي، كېلىشكەن، قامەتلىك ئاق ئاتلىق شاھزادىسىنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتىدۇ. . .

قائىدە ئوقۇشقا تايىنىپلا تۇرمۇشنى چۈشەنمەكچى بولۇش كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەتتا، بەزى داڭلىقلار ئۆگزىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن شوتىنى تارتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۆز ۋاقتىدا مەن تىرىشچانلىقىمغا تايىنىپ ئۆچۈپ چىققان، سىزمۇ قىلالايسىز، دەيدۇ.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقالمىدىڭىز، ھەتتا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەنمۇ پۈتكۈزەلمىدىڭىز. خىزمەت ئىزدەپ، يۈزتۇرانە ئىمتىھانغا بارغىنىڭىزدا، 4 ـ، 6 ـ دەرىجىدىن ئۆتكەن، كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھان كىنىشكىلىرىنى ھازىرلىغان، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى ئىشلىگەن رىقابەتچىلەرنىڭ بەكلا كۆپلۈكىنى بايقايسىز. تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى ئاق ئاتلىق شاھزادىڭىزنىڭ ھەشەمەتلىك تاماشا سورۇنلىرىدا يۈرگەنلىكىنى ۋە ياكى بىر توپ «ساھىبجامال» لار ئورىۋالغان ھالەتتە بايقايسىز. قارىغۇلارچە ئىستېپيا بېرىپ، «ئات ئايلىنىپ، يول سارىخانىغا» دەپ بىر مەھەل ئايلىنىپ، يەنە باشتىكى ئورنىڭىزغا قايتىپ كەلگىنىڭىزدە، ھەممىنى باشتىن باشلاشقا مەجبۇر بولىسىز، بۇرۇنقى خىزمەتدىشىڭىز ئەمدىلىكتە باشلىقىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

نۇرغـــۇن كــــشـلەر مىجەزنـــى مـــۇچەل (يۇلتـــۇز) گە، تىرىشچانلىقنى ھېكمەتلىك ئىبارىلەرگە، ئىمتىھاننى تەلەيگە باغلاپ قويـۇپ، ئارقــدىن ئــۆزىگە «شــۇنچە كــۆپ قائىــدە ئاڭلاپتىمەن، تۇرمۇشۇم يەنىلا ياخشىلانمىدى» دەپ ئولتۇرىدۇ.

ياشلار ھەممىشە دۇنيا بىلەن سۆزلەشمەكچى بولىدۇ، لېكىن بـۇ دۇنيانىـڭ سـىز بىـلەن پاراڭلاشقۇسـى يـوق. تـالانتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغان، ھاياتىي كۇچىڭىز تولۇپ تاشقان، سەرۋازلاردەك كۆز باغلايدىغان ئىقتىدارىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ دۇنيانىـڭ شەپقەتسىزلىكىگە تەڭ تۇرالمايسىز. ياشـلار ئاسانلا ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ، ئاندىن تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى شۇ يولغا ماڭىدۇ. ھالبۇكى، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى شۇ يەردىكى، مۆجىزە ھامان يۈز بېرىدۇ. مـۇھىمى، مۆجىزىنىـڭ ئـاچقۇچى تـوغرا ئۇسـۇلنى تېپىش كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمـدا، ئاتـام ماڭـا «مىـڭ قائىدىدىن بىـر چـارە ئەۋزەل؛ مىـڭ ھاياجـان بولغـان بىـلەن، ھەرىــكەت بولمىــسا بىكــار» دەيتتــى. مېنىــڭ ھــازىرغىچە ئېرىـشكەن ئاشـۇ ئـازغىنە نەتىجىلىرىمنـى ئاتامنىــڭ ئاشـۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكىنىمنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمەن.

كۆپچىلىك ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەشتىن قورقمايدىغان ئـادەم بولمىسا كېـرەك. مەنمـۇ باشـقىلارغا ئوخـشاشلا نۇرغـۇن ئـادەم ئالدىدا بىمـالال سـۆزلىيەلەيدىغان بولۇشـنى ئـارزۇ قىلاتـتىم. لېكىن ھەرقانچە قىلسامىمۇ بۇ ئارزۇغـا يەتـمەك ھـېچ مـۇمكىن بولىدىغانـدەك قىلمـايتتى. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە مەن ئاســانلا جىددىيلىــشىدىغان ئــادەم ئىـــدىم. مىجەزىمـــدە ئـــازراق قورقۇنچـاقلىقمۇ بــار ئىــدى. كېــيىن «يېڭــى شـــەرق»تە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ، ھەتتا ئـون نەچـچە

مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئالدىدا سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. ئوقۇتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ماھارەتنى تولۇق ھازىرلاش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتىگە ئائىت تاپالىغانلىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۆزى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرۇپ، باشقىلارغا قانداق سۆزلەشنى ئۆگىتەلەيدىغان «ئەۋلىيا»غا ئايلىنىپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى.

بىر كۈنى ئادەم يوق سىنىپتا لېكسىيە سۆزلەشنى مەشىق قىلىۋاتسام، بىر خىزمەتدىشىم كىرىپ، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، «ئۆزۈڭدىكى مەسىلىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بايقىدىڭمۇ؟ ئەگەر بايقىيالمىغان بولساڭ، مىڭ قېتىم مەشىق قىلساڭمۇ بىكار» دېدى.

ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن «مەقسەتلىك مەشىق قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللاندىم. بۇ ئۇسۇلنى فىلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئاندېرس ئېرىكسون (K. Anders Ericsson) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قايتا ـ قايتا تەكرارلاش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش.

ئاۋۋال، مەشىق قىلغۇچى توغرا ئۇسۇلنى ئىگىلىشى ۋە ئۇنى پىششىقلىشى كېرەك. نۇتۇققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشى نۇتۇقنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلاردىكى ئابستراكت نەزەرىيەلەر يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا مەن داڭلىق ناتىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك سىنغا ئېلىنغان نۇتۇق فىلىملىرىنى تېپىپ كېلىپ، قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، ئىنچىكە ھالقىلارغىچە ئەستايىدىل تەتقىق قىلدىم. پۇرسەت بولغاندا، بەزى داڭلىق ناتىقلارنىڭ نۇتقىنى نەق مەيداندا ئاڭلاپ، مىڭلىغان ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلگەن چاغدىكى ئاجايىپ كەيپىياتنى كۆرۈپ

كەلدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەشىق - ئىنكاس - مەشىق جەريانىنى تەكرار - تەكرار داۋاملاشتۇردۇم. «مەقسەتلىك مەشىق قىلىش» خاتالىق مەركەز قىلىنىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، مەشىق قىلغۇچى خاتالىققا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇشى، خاتالىققا يول قويمايدىغان، بايقىغان ھامان چوقۇم تۈزىتىدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەك.

ئۆزۈمنىڭ دوراپ مەشىق قىلىشى بولسۇن ياكى دەرس ئۆتۈش جەريانى بولسۇن، مەقسەتلىك ھالدا سىنىغا ئېلىۋالىدىغان، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بۇلارنى تەكرار - تەكرار كۆرىدىغان بولدۇم. دەسلەپتە، ئېكراندىكى ئۆزۈمگە قاراپ ئولتۇرۇشقا تازا كۆنەلمىدىم، يەنە كېلىپ، ئىلگىرى ئۆزۈمچە ناھايىتى ياخشى بولدى دەپ قارىغان نۇقتىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. ئاۋاز چىقىرىش ۋە بەدەن ھەرىكىتى جەھەتتە كەسپىي تەربىيە كۆرمىگەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، ھاياجانلىق مەزمۇنلارغا كەلگەندە، قوللىرىمنى ھەريان پۇلاڭلىتىپ، يۈزۈمنى توسۇۋالىدىكەنمەن، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئىرغاڭلاپ، جىم تۇرالمايدىكەنمەن؛ «بۇ دېگەنلىك»، «شۇنداق بولغاندا» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى تولا تەكرارلايدىكەنمەن؛ ئۆزۈم ياخشى بىلىدىغان مەزمۇنلارغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز ھالدا بەك تېز سۆزلەپ كېتىدىكەنمەن. ئەڭ مۇھىمى، مەندە ئېكران تۇيغۇسى يوق ئىكەن، ئاڭلىغۇچىلارغا مېنىڭ ئۇلارغا سۆزلەۋاتقانلىقىمنى، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدۇرالمايدىكەنمەن.

ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى يېزىۋېلىپ، توختىماي تۈزەتتىم ھەمدە كېيىنكى قېتىملىق لېكسىيەنىڭ سىن

ھۆججىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەربىر سەۋەنلىكنى تامامەن تۈزىتىپ بولغان، قايتا سادىر قىلمىغان چاغدىلا، ئاندىن دەپتىرىمدىن ئۆچۈرۈۋەتتىم.

سانسىز قېتىملىق «مەقسەتلىك مەشىق» تىن كېيىن يېڭى شەرقنىڭ دەرسخانا لېكسىيەسىگە پىششىق بولۇپلا قالماي، يېڭى شەرقتىكى ناتىقلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا نەچچە مىڭ، نەچچە ئونمىڭ ئادەمگە لېكسىيە سۆزلەيدىغان «غايە سەپىرى» تېمىسىدىكى ئايلانما لېكسىيە مۇنبەرلىرىدە نامايان بولدۇم.

«غەيرىي تۇرلەر» ناملىق بازارلىق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋىلادىمىر مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى تالانت ساھىبلىرىنىڭ قالتىسلىقى ئۇلار بىلەن بىللە تۇغۇلغان ئەمەس، بەلكى ئىزچىل داۋاملاشقان تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئون مىڭ سائەتلىك تاۋلىنىش ھەرقانداق بىر ئاددىي ئادەمنى ئاددىيلىقتىن ھالقىتىدۇ». مەن ھەرگىزمۇ تالانتلىق ھېسابلانمايمەن، جاپالىق تىرىشچانلىقىم بەدىلىگە ئازغىنە نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىن ھېس قىلغىنىم شۇكى، دۇنيادا ئۇتۇق قازىنىشنى ئۆگىتىدىغان ئەتىۋارلىق كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن ۋاقتىڭىزدا، مۇۋەپپەقىيەتكە تەبىئىي ھالدا يېقىنلاشقان بولىسىز.

مەن بۇ يولدا «شۇنچە كۆپ قائىدە» لەرگە نىسبەتەن مۇئەييەن كۆزقاراشلارغا ئىگە بولغان بولسامۇ، بۇ مېنىڭ بۇ قائىدىلەرنى ئۆگەنمەيدىغان، قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى ئۇلارغا پەرۋاسىز قارايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى مەن شۇنى بىلدىمكى، قائىدىنى ھەرقانچە جىق ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەربىر باشقىلارنىڭ تەجرىبىسى، پەقەت توغرا

ئۆسۈلغا تايانغانىدىلا ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلانىدۇرغىلى بولىدۇ. مېنى توختىماي ئالغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنى — قارىماققا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان، باش چۆكۈرۈپ تىرىشىۋاتقان ئۆزۈمدىن ئىبارەت.

بەزىدە، بەك كۆپ قائىدىلەرنى بىلىپ كەتسىڭىزمۇ، ئەكسىچە ئۆزىڭىزگە چۈشەك سېلىپ قويىسىز. ئوخشاشمىغان قائىدىلەر تولا ھاللاردا ئۆزئارا زىددىيەتلىك نۇقتىلارغا ئىگە بولىدۇ، مەسىلىھەتلەر بەزىدە بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالىدۇ. بەزىلىرى ئاچچىق، بەزىلىرى تاتلىق، بەزىلىرى بەتتام، بەزىلىرى چۈچۈمەل بولىدۇ. ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىۋەرسىڭىز، قورساقنى ئاغرىتىپ، قەدەمنى ئاستىلىتىپ، كاللىڭىزنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ. بەزىدە، قائىدە ۋە نەقىللەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئالدى بىلەن بىر قەدەم مېڭىپ، ئاندىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، خاتالىقلارنى تۈزەتكەن ئەۋزەل. شۇنداق قىلغاندىلا، كۆپ بىلىدىغان، ئەمما قىلمايدىغان، ئاخىردا ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابتا قائىدىمۇ سۆزلىنىدۇ، ئەمما قائىدىدىن كۆرە، ئۇسۇل كۆپرەك سۆزلىنىدۇ. كىتابتىكى ھەربىر باب كىچىك بولسىمۇ مەزمۇت بىر قەدەم ئېلىشىڭىزغا تۈرتكە بولالىسا، شۇنداق قىلىپ، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ، ئاستا - ئاستا ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزغا يېقىنلاشسىڭىز، مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇرادىم ھاسىل بولغان بولاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئەلالىقنى تاۋلاپ چىققىلى بولىدۇ

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل مۇقەددەم ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ (ھېچبولمىغاندا نۇرغۇن ئادەملەر ئارىستوتېلنىڭ گېپى دەپ قارايدۇ) مۇنداق بىر جۈملە سۆزى بار: ئەلالىق بىر خىل ئادەت. مېنىڭچە ئارىستوتېل بۇ گەپنى باشقىلارغا ئىلھام بولسۇن دەپ ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ سۆز كېيىنكىلەرگە ئىلھامدىن كۆپرەك دەككە بېرىپ كەلدى.

بۇ سۆز جۇڭگوغا تارقالغاندىن كېيىن، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. لېكىن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى كۆپىنچە مۇنداق بولۇپ كەلدى: قارا، ئەلالىق دېگەن بىر خىل ئادەت، ئەگەر سەن ئەلا بولمىساڭ، نە سالقىن بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ تۇر.

ھالبۇكى، مۇنەۋۋەر ئادەت يېتىلدۈرگەنلەر ھامان «باشقىلارنىڭ بالىسى»، شۇنداق، ئاتا ـ ئانىلار، قولۇم ـ قوشنىلار، خىزمەتداشلار، دوستلارنىڭ ئېغىزىدىكى باشقىلارنىڭ بالىسى. ئۇلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ بالىسى تاماق يېمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ، كۈندە ئۆگىنىشلا قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى، ۋەتەننى سۆيىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ئامراق، مەكتەپتە گەپ ئاڭلايدۇ، تىرىشىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ،

قەتئىي بالدۇر مۇھەببەتلەشمەيدۇ، يەنە تېخى، ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا توي قىلىدۇ. بۇنداق مۇنەۋۋەر ئادەتكە كۆنگەنلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ بالىسى، ئەمما بىز بارغانچە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان ئۈمىدسىزلىككە چىداشقا مەجبۇر بولىمىز.

تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، بۇ گەپ كۆپتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەقدىرچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالدى: ئەگەر مەن تۇغما ئەلا بولمىسام، قانداق قىلىمەن؟

بىر چاغدا مۇنداق بىر ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم:

*ئەلى مۇئەللىم، مەن تېببىي ئىنستىتۇتنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى. نېمىشقىكىن بىلمەيمەن، ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىمەن. تەنتەربىيە دەرسىدە ۋالىبول ئويناشنى ئۆگەنگەندۇق، باشقا ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىۋالدى، مەن باشتىن ـ ئاخىر توپ تېرىپلا يۈردۈم، شۇ سەۋەبتىن مەشىق ھەمراھىمنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل بولدۇم؛ گارموشكا ئۆگىنىشتىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىۋالدى، مەن يەنىلا ئۆگىنەلمىدىم؛ مىكروسكوپ بىلەن ئەۋرىشكىنى كۆزەتكەندۇق، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھۈجەيرىنى كۆرەلىدى، مەن پەقەتلا كۆرەلمىدىم... كۆڭلۈم بەك يېرىم، باشقىلار ئاسانلا قىلالىغان ئىشلارنى مەن شۇنچە تىرىشسامۇ قىلالمايمەن. مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا باشقىلارغا يەتمەمدىم قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، قانداق قىلسام بولار؟*

فېڭ تاڭ 18 يېشىدا «ياخشى كۆرۈش» ناملىق رومانىنى تاماملاپ، «18 ياش ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلدى» دەپ جار سالغانىدى.

18 ياشلىق خەن خەن «ئۈچ كىشىلىك ئىشىك» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، نام چىقارغانىدى.

ھالبۇكى، مەن 18 يېشىمدا چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان سېمىز بودەك بولۇپ، قىزلار ماڭا قارىمۇ قويمايتتى.

كىچىكىمدىن پۇتبولغا ئامراق بولساممۇ، تۇرقۇمدىن پۇتبول ئوينىيالايدىغاندەك كۆرۈنمەيتتىم. كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۆزى چېچەن، چىراي - تۇرقىمۇ مەندىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. تولۇقسىزدىكى چاغلاردا ئۇ بەكلا ئىلغار بولغاچقا، سىنىپىمىزدىكى ئوغۇللار ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قىز دوست تۇتۇۋالغانىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا «سېمىزلىكمۇ بىر خىل ئادەت، تاماقنى ئاز يەپ، چېنىقساڭمۇ بىكار، سەن يەنىلا مۇشۇ تۇرقۇڭغا تەن بېرىپ، بودەك بولۇپ ئۆتىمەر» دېدى. شۇ چاغدا بىر مەھەل بۇ گەپكە چوڭقۇر ئىشىنىپ يۈرگەنىدىم، نەتىجىدە تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا «بودەك» بولۇپ يۈرۈۋەردىم. تېخى بەزىدە «ھېچبولمىغاندا، مەن باشقىلاردىن سېمىز» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپمۇ قوياتتىم. ئۇ چاغدا سېمىزلىكىم قىز دوست تاپالماسلىقىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. شۇڭا قىزلارنى قوغلىشىش يولىدا «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، قوغلىغانچە مەغلۇپ بولدۇم، مەغلۇپ بولغانچە تېخىمۇ قوغلاشتىم.

ئالىي مەكتەپكە چىقىپ، ئارىستوتېلنىڭ «ئەلالىق بىر خىل ئادەت» دېگەن سۆزىنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا، بۇنىڭ ئەسلىي ئۈزۈپ نەقىل ئېلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي ئالدانغىنىمنى بايقىدىم. ئارىستوتېلنىڭ دېمەكچى بولغىنى مۇنداق ئىكەن: «ئادەم بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قايتا - قايتا تەكرارلاش



www.uyghurkitap.com

نەتىجىسىدە ئۆزىنى بىيىتىدۇ، شۇڭا ئەلالىق بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئادەت».

مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەر «ئەلالىق بىر خىل ئادەت» دېگەن بۇ سۆزنى ئەلالىق تۇغما بولىدۇ، ئەلا ئەمەسلىكمۇ تۇغما بولىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان. ئەمەلىيەتتە، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق ئادەم بىر مۇنەۋۋەر ئادەمگە ئايلىنالايدۇ.

نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بۇركىنىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى شۇكى، ئادەم تەجرىبە ـ ساۋاقلار جەريانىدا ئۆزىنى ئەلالاشتۇرۇشنى بىلىدۇ».

ئۆزگىرىشكە پەقەتلا 21 كۈن كېتىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 21 كۈنلۈك مەشىق ئارقىلىق ھەربىر ئادەم ياخشى بىر ئادەت يېتىلدۈرەلەيدىكەن. 21 كۈنلۈك ئادەت يېتىلدۈرۈش جەريانىدا، 1 ـ كۈندىن 7 ـ كۈنگىچە، ئادەم ئۆزىنى «قاتتىق مەجبۇرلىنىۋاتقاندەك» ھېس قىلىدىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا چوقۇم ئۆز ـ ئۆزىنى مەقسەتلىك ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. 8 ـ كۈندىن 14 ـ كۈنگىچە، يەنىلا مەقسەتلىك داۋاملاشتۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، «تەبىئىي» بىلىنىدىكەن، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇرمىغاندا، ئاسانلا بۇرۇنقى ھالەتكە قايتىپ قالىدىكەن. 15 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئادەم ھېچقانداق بېسىم ياكى مەجبۇرلىنىش ھېس قىلمايدىكەن، بۇ باسقۇچتا ئادەت شەكىللىنىپ بولىدىكەن.

مەن 21 كۈنلۈك ئورۇقلاش پىلانى تۈزگەنىدىم.

ئورۇقلاشنىڭ ئاددىي يولى يوق. «تويغۇدەك كېنتاكى يېمەي تۇرۇپ، ئورۇقلىغۇدەك كۈچ بولمايدۇ» دېگەن گەپ

ئەلۋەتتە بىر چاقچاق، لېكىن بۇ گەپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار بەدەل تۆلەشنى، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ، باشقىلارنىڭ زىلۋا بەدىنىگە، كېلىشكەن قامىتىگە قاراپ ھەۋەسلىنىپ، ھەسەت قىلىپ قېلىشىنىلا بىلىدۇ. «ۋىكتورىيەنىڭ مەخپىيىتى» دىكى پەرىشتىگە ئايلىنىش ئۈچۈن چېنىقىش زالىدا تەر يامغۇرنى سانسىز قېتىملار ياغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن ھەر كۈنى كەم دېگەندە 40 مىنۇت يۈگۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم. مەكتەپ ئىچىدە توختىماي يۈگۈردۈم، ھېرىپ كەتسەممۇ، ئاغرىپ قالسام‌مۇ يۈگۈردۈم. ئەتىگەن سائەت 8 دىن كەچ سائەت 8 گىچە بىر كۈن دەرس ئۆتكەن تۇرۇپمۇ، كەچ سائەت 9 دا يەنە نېمىشقا چېنىقىش زالىغا بارىدىغاندۇ دەپ ھەيران قالغانلارمۇ بولدى. باشقىلار مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا نېمىلەرنى ئويلايدۇ بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن ئەڭ ئازابلانغان چاغلىرىمدا، بىر تەرەپتىن يۈگۈرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى شاپىلاقلىغۇم كېلەتتى. يۈگۈرتكۈ ئۈستىگە ئاققىنى تەرمۇ ياكى ياشمۇ بىلمەيمەن. شۇنداق چاغلاردا ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق ئەسكەرتىش بېرىپ تۇردۇم: «مەن مۇنەۋۋەر ئەمەس، مەن ھازىرچە ئورۇقمۇ ئەمەس، لېكىن سېمىزلىك مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ياكى گېنىمغا يېزىلغان ئەمەس، مېنىڭ لۇغىتىمدە ۋاز كېچىش دېگەن سۆز مەۋجۇت ئەمەس».

ئورۇقلاش ئۈچ ئۇلۇش چېنىقىشقا، يەتتە ئۇلۇش تاماققا باغلىق ئىش، تاماق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. ھەرىكەت قىلىش ئادىتى بىلەن تاماقنى تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

مەن بىر «قېرى» سېمىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن،

ئەتىگەندە بالدۇر تۇرمايدىغان، ناشتا قىلمايدىغان، كەچتە بولۇشىغا يەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانىدىم. كەچتە بەك جىق يەۋالغاچقا، ئەتىگەندە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ، ناشتا قىلمىسىمۇ قورساق ئاچمايدۇ. ئەتىگەنلىك تاماق بىر كۈنلۈك مېتابولىزمنى قوزغىتىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ناشتا قىلىش ئورۇقلاشنىڭ باشلىنىشى. ئالىي مەكتەپتىكى چاغدا، ئەگەر يەنە سەمرىپ كەتسەم، قىز دوست تاپالمايلا قالماي، سالامەتلىكىممۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ يۈرۈپ، سەھەر تۇرۇپ، ياتاقداشلارغا قايناق سۇ، تاماق ئەكىلىپ بېرىدىغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدىم.

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوغۇل بالا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، گۆش تۈرىدىكى يۇقىرى كالورىيەلىك يېمەكلىكلەرگە ئالاھىدە ئامراق ئىدىم. لېكىن سېمىز ھالىتىمنى ئۆزگەرتىشكە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاتلىنىپ، تاماق تىزىملىكىمگە چەك ئېلان قىلدىم، ئاشقازىنىمغا «ياق» دېيىشكە باشلىدىم. ھەپتىدە چوقۇم بىر قېتىم توخۇ گۆشى قورۇدىقى يەيدىغان ئادىتىمنى ئايدا بىر قېتىم يېيىشكە، ئاخىردا پەقەتلا يېمەسلىككە ئۆزگەرتتىم. بۇنداق تۇيغۇغا روھىي جەھەتتىكى ئازاب قوشۇلۇپ، چېنىقىشتىنمۇ بەكرەك ئازابلىق بولىدىكەن. بىر قېتىم دوستۇم قارىماققا شۇنچە يېيىشلىك ماروژنى ئېلىپ كەپتۇ، ئۇسساپ، قورسىقىم ئېچىپ تۇرغان چېغىمدا ماروژنىغا قاراپ، تۈكۈرۈكۈمنى يۇتتۇم، ھەتتا بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىمغىمۇ سالدىم، ئەمما دەل شۇ پەيتتە گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. ئاشۇ بىر قوشۇق ماروژنى تەركىبىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى خورىتىپ بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك ھەرىكەت قىلىشقا توغرا

كېلىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزۈم يېتىلدۈرۈۋاتقان ياخشى ئادەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقىنىمنى ئويلاپ، ماروژنىنى ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتتىم.

بۇرۇنقىلاردا تاماق يەۋاتقان ھالەتنى دوراپ، ئاچلىقنى باسقىلى بولىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى. دەرۋەقە شۇنداق بولىدىكەن. دوستلار بىلەن يىغىلغان چاغدا، ئۇلار ئامراق تاماقلىرىنى، توخۇ گۆشى قوردىقى، كاۋاپ، نانقايناقلارنى مەززە قىلىپ يېگەندە، مەن بىر چەتتە ماينى ئازايتىدىغان گۈل كاپۇستا، توخۇنىڭ پوكان گۆشلىرىنى يەپ ئولتۇردۇم. مەززىلىك توخۇ گۆشى قوردىقىنىڭ ھىدىنى پۇراپ ئولتۇرۇپ، ساماندەك تېتىيدىغان ساغلام يېمەكلىكلەرنى يېيىشمۇ ئادەمگە ئەلەم بولىدىغان ئىش ئىكەن.

جاھان تولىمۇ كەڭ، قانداق ئادەم بولۇش پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا باغلىق. بولار ئىش بولدى، دەپ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىشنى تاللىسىڭىزمۇ، ۋايساشلاردىن خالىي بىر دۇنيانى تاللاپ، مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىگە ئات سالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنەۋۋەر ئەمەسلىك بىر خىل خاتا تۇيغۇ، سىزدىكى مەسىلە، مۇنەۋۋەر بولالماسلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەسلىك. تولۇقسىزدىن باشلاپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى «تەلەپ قويۇش» تارىخىمنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن تولۇشى ئېھتىمال ياراتقۇچىنىڭ مېنى يەنە بىر خىل شەكىلدە ساقلىغىنى بولسا كېرەك. ئەگەر شۇ قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسى ئەينى چاغدا ماڭا «ماقۇل» دەپ قالغان بولسا، تۇرمۇشۇم بەلكىم ھازىرقىدىن ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما تاۋلىنىشتىن كېيىنكى سەرخىللىقنىڭ تەمىنى

تېتىيالىغان، مەنىۋى جەھەتتە ھازىرقىدەك كۈچلۈك بولۇپ چىقالىغان بولار ئىدىم.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەينى چاغدا مېنى رەت قىلغان قىز يالىدىن سەۋەبىنى سورىدىم: مەن بەك سېمىز بولغاچقىمۇ ياكى مەن بەك گالۋاڭ بولغاچقىمۇ؟ مەن بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى چوقۇم مېنىڭ سېمىزلىكىمدىن دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. «سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، سەن ئۆزۈڭگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتىڭ. ساڭا بىرقانچە قېتىم پۇرسەتمۇ بەرگەنىدىم، لېكىن پۇرسەتنى تۇتۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىڭ». ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى. ھەقىقەتەن، ئۇ ماڭا پۇرسەت بەرگەنىدى. قايتىپ كېتىۋېتىپ، بەك توڭلاپ كەتتىم دېگەنىدى. بىر دەم يۆگۈرسەك ئىسسىپ قالىمىز، دېدىم. يەنە بىر قېتىم، ئۇ مېنىڭ ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئۆچرىشىش» قا تەكلىپ قىلىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدى، تېلېفوندا 40 مىنۇتقىچىمۇ شۇ بىر ئېغىز گەپنى ئېغىزدىن چىقىرالمىدىم.

«يەرشارىغا قايتىش» ناملىق فانتازىيەلىك فىلىمدىكى تاشقى پىلانېتا ئادىمى ناھايىتى ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى يوق، ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە تۇيغۇسىغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئورنىنى قىياس قىلىدۇ. «ۋەھىمە رېئال مەۋجۇت نەرسە ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى بىر خىل تۇيغۇ».

بىر ئادەمنىڭ جەلپكارلىقى ئۆزىگە ئىشىنىشتىن كېلىدۇ، مايۇننى بۇ سۆزنىڭ توغرۇلۇقىغا ئىسپات بولىدىغان بىر مىسال دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەينى چاغدا مەندىكى مەسىلە ئورۇق ياكى سېمىزلىك بولماستىن، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئىكەن، چۈنكى مەندىنمۇ سېمىز ئوغۇللارنىڭمۇ قىز دوستى بار

ئىدى. ئۆزىگە ئىشىنىش ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ئەمەس، بەلكى، ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئېنىق تونۇپ يېتىش ھەمدە تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزىنى ئاز-ئازدىن مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئاز-ئازدىن مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېھتىياجىمىز بار، لېكىن ئالدىنقى شەرت شۇكى، نۆۋەتتىكى مۇكەممەل بولمىغان ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۆزىڭىزنىمۇ قوبۇل قىلالمىسىڭىز، ئۇ ھالدا بىخۇدلۇقنىڭ چەكسىزلىكىدە قېلىپ، توغرا يولدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىسىز.

«ئادەم ئەركىنلىك ئىچىگە تۇغۇلىدۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت كىشەنلەر ئىچىدە ياشايدۇ».

نەسەبىڭىز، ئاساسىڭىز قانداق بولسۇن، قانداق بىر ئىقتىدار بىلەن تۇغۇلغان بولۇڭ ياكى بولماڭ، پەقەت تىرىشسىڭىزلا سەھنىدىن ئوت چىقىرالايسىز. مېنىڭ شۇنداق دەپ قويغۇم بار: مەن بەلكىم تۇغۇلۇشۇمدىنلا مۇنەۋۋەر ئەمەس بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن مېنىڭ مۇنەۋۋەرلىكنى قوغلىشىش ھوقۇقۇم بار.

ئەگەر سىزمۇ ئەلالىقنى ئىستىسىڭىز، مۇنەۋۋەر ئادەم بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ ئىشىكنى ئېچىڭ - دە، ئىككىنچى بابقا كىرىڭ.

## «يوشۇرۇن كۆچىخىز»سىزنى يۆتلاپ قويمىسۇن

«بىرىنچى نومۇرلۇق جاسۇس: جاسۇسلۇق مەكتىپى» ناملىق فىلىمدە، ياش يىگىت ئېگېزوت ئۆچىسىغا خىپ - خوپ ئۇسلۇبى چىقىپ تۇرىدىغان كىيىم كىيگەن هالدا ئالىي دەرىجىلىك سەيپۇڭخانىنىڭ يوغان ئەينىكى ئالدىدا تۇرىدۇ.

- ئەينەكتە نېمىنى كۆردۇڭ؟ - ئېگېزوتنىڭ قۇربان بولغان ئاتىسىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى خىزمەتدىشى شۇنداق سورايدۇ، ئاندىن ئۆزى سورىغان سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ، يوشۇرۇن كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىتنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئېگېزوت ئاتىسىنىڭ بەدەن ساپاسى ياخشى بولۇشتەك ئالاهىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان، كوچا لۈكچەكلىرى بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ چوڭ بولۇش جەريانىدا ئىنكاسى تېز، هەرىكىتى چاققان بولۇپ يېتىشكەن بولسا، ئانىسىنى بوزەك قىلغان قارا گۇرۇھنىڭ كاتتىبېشى بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان، ئىنچىكە نۇقتىلارنى كۆرەلەيدىغان بولۇپ چوڭ بولغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىسىگە ۋە دوست - يارەنلىرىگە ۋاپادار ۋە ساداقەتمەن بولۇش جاسۇسلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساپالارنىڭ بىرى ئىدى. ئېگېزوت ئەسلىدە بىكار تەلەپ بىر سولتەك ئىدى، خارتىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە قاتتىق مەشىقلەندۇرۇشى نەتىجىسىدە، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش، شۇنداقلا

مەنىۋىيەت قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقىي بىر مۆتىۋەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بىر نادان، ناھەقچىلىك ئالدىدا قول ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر سولتەكتىن گۇرۇپپا ھەمكارلىقىنى بىلىدىغان، ساداقەتمەن، ھەققانىيەتچىل ياش ئەزىمەتكە ئۆزگىرىپ، ئائىلىسىنى قوغداپلا قالماي، دۇنيانى قۇتقۇزۇپ، مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

بۇ فىلىمنىڭ پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا قويۇلۇشى بىلەن، ئېگېزوتىنىڭ رولىنى ئالغان تارون ئېگېرتون بىراقلا نام چىقاردى. ئۇ كىچىكىدىن سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 15 يېشىدا تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ، شېكىسپىرنىڭ «ياز كېچىسىدىكى چۈش» ناملىق ئەسىرىدە بىر ئايالنىڭ رولىنى ئالغاندىن كېيىن، ئارتىس بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن. 19 يېشىدا ئەنگلىيەگە نىسبەتەن جۇڭگونىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا باراۋەر كېلىدىغان داڭلىق مەكتەپ ــ ئەنگلىيە خان جەمەتى تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىرقانچە كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ئادەتتىكى روللارنى ئالغان. كېيىن «بىرىنچى نومۇرلۇق جاسۇسلۇق مەكتىپى» ناملىق فىلىمدە سىناق رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە شۇ فىلىمدىكى ئېگېزوتىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ، 2015 - يىلى ئەنگلىيە «ئىمپېرىيە» ژۇرنىلىنىڭ «ئەڭ ياخشى يېڭى ئەر ئارتىس» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مەيلى ئېگزوتىنىڭ دۇنيانى قۇتقۇزۇشى بولسۇن ۋە ياكى ئېگېرتوننىڭ نۇرلۇق چولپانغا ئايلىنىشى بولسۇن، قارىماققا ناھايىتى ئاسانلا روياپقا چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. ۋۇجۇدىدا تۇغما ئىقتىدار بولۇپ، كېيىن بىر قەدەم بىر قەدەمدىن

مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشقان بولسا، بۇمۇ قائىدىگە ئۇيغۇن.

ۋاھالەنكى، ئۇلار كىچىككىدىنلا نامايان قىلىشقا باشلىغان تالانتىنى كۆرۈپ يېتىشكە باشلىغان چاغدا، كۆپىنچە كىشىلەر تېخىمۇ مۇھىم بىر نۇقتىغا سەل قاراپ قالىدۇ. ئېگىرتون ئوقۇشقا كىرگەن خان جەمەتى تىياتىر ئىنستىتۇتىدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچى ئېگىرتونغا ئوخشاشلا كەسپىي جەھەتتە يۇكسەك تالانتقا ئىگە ياشلار ئىدى. لېكىن ئەڭ ئاخىردا نەچچە مىليارد ئادەمگە تونۇلغان، مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىپ شەرەپ قۇچقانلارنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدۇ.

ئېگىرتون «بىرىنچى نومۇرلۇق جاسۇس» ناملىق فىلىمگە سىناق رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، رېژىسسور ئۇنىڭغا پەقەت بىر كۈنلۈكلا تەييارلىق ۋاقتى بېرىدۇ.

ئېگىرتون بۇ فىلىمدە رول ئېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بەش كۈن ئىچىدە 12 قېتىم سىناق رول ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ئايغا سوزۇلغان جاپالىق بەدەن مەشىقىنى تاماملاپ، ئاخىرى بۇ كىنودىكى رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان.

كىنودىكى ئېگېزوتمۇ ئوخشاش، ئەگەر ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان جاپا - مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك مەشىق ۋە سىناقلاردىن ئۆتەلمىگەن بولسا، دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمانغا ئايلىنالمىغان، بەلكىم بىر ئۆمۈر كوچا لۈكچەكلىرىدىن بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

دۇنيادا «مەن قىلالايتتىم... لېكىن...» دەيدىغانلار كۆپ. لېكىن، «لېكىن» دىن كېيىن تىلغا ئالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق.

ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتىغا كىرىپ، تۈرلۈك لېكسىيەلەرنى تەشكىللىدىم. كېيىن تەشكىلاتقا ۋاكالىتەن بىر چەت ئەل شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدۇق.

يىغىن مەيدانىدا، قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە، مەن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ، قوللىرىمنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دېدىم. بىلمەيدىغانلار مېنى شۇ شىركەتنىڭ ھىندىستانلىق خىزمەتچىسى ئوخشايدۇ دەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېتىدىغان چاغدا، شىركەتنىڭ چەت ئەللىك مەسئۇلى مۇرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، «يىگىت، سەندە يوشۇرۇن ئىقتىدار (ئۈمىد) بار ئىكەن» دەپ قويدى.

يولدا ماڭغۇچە خۇشاللىقىمدىن چىرايىمدىكى كۈلكىنى پەقەت يوشۇرالمىدىم. يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىز ساۋاقداش مەن بىلەن بىللە بارغانىدى.

— «يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭ بار ئىكەن» دېگىنى ئەلۋەتتە ياخشى گەپ، لېكىن پۈتۈنلەي ياخشى ئىش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ساۋاقداش، يوشۇرۇن ئىقتىدار پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلىنىدۇ. يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار، لېكىن ئەمەلىي ئىقتىدارى يوق ئادەملەر يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بىر ئۆمۈر قۇچاقلاپ يېتىپ، جارى قىلدۇرمىسا، ئاخىردا ھېچ نەرسىنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قالىدۇ.

دەرھال ھوشۇمنى تاپتىم. «يوشۇرۇن ئىقتىدار بار» بولۇشنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قىرىش كۈچى بارلىقىنى تونۇپ يەتتىم: بىرىنچى، ئادەمنى مەغرۇرلاندۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن

قانائەتلىنىپ قالىدىغان قىلىپ قويۇش؛ ئىككىنچى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىشىلەر مېنىڭ ئىقتىدارىمنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەپ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، ئىپادەم ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئەلى، سەن يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭنى تولۇق جارى قىلدۇرمايۋاتىسەن، دەيدىكەن؛ ئۈچىنچى، نېمىشقا «ئىقتىدارلىق ئىكەنسەن» دەپ ماختىماي، «يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭ بار ئىكەن» (ياكى سەندە ئۈمىد بار ئىكەن) دەيدۇ؟ ھېچكىم مايۇننى، ياۋمىڭنى يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار دەپ ماختىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان.

بۇ ئىش ماڭا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسىدە ئۆگەنگەن ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ۋە پوتېنسىيال (يوشۇرۇن) ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى ئاددىي مىسالنى ئەسلىتىپ قويدى.

ئۇستەلدە بىر ئىستاكان بار دېسەك، ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى بىر مېتىر بولسا، بۇ يەردە بىر مېتىرلىق ئېغىرلىق كۈچى يوشۇرۇن ئېنېرگىيەسى بار بولىدۇ. بۇ ئېنېرگىيە مەۋجۇت، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ ياكى ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئىستاكان ئۇستەلنىڭ قىرىغا كېلىپ قېلىپ، چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان ئادەم چىقىشى مۇمكىن، لېكىن كۆپىنچە ئادەملەر يەنىلا كۆرەلمەيدۇ. ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ، چېقىلىپ، «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىققان چاغدا، ھەممە ئادەم كۆرىدۇ. مانا بۇ يوشۇرۇن ئېنېرگىيە ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلانغان بىر دەقىقە. يوشۇرۇن ئېنېرگىيەگە ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ، پەقەت ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ.

يوشۇرۇن ئېنېرگىيە ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارغا

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۆمرىڭىزدە ھېچ ئىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز، بىر ئۆمۈر ئۈن - تىنسىز، نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كېتىسىز. ئەمما، ئۆزىڭىزنى قارىماققا ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغاندەك ھالەتكىچە مەجبۇرلىسىڭىز، يوشۇرۇن ئېنېرگىيەنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىپ، ھاياتىڭىز كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چېچىشقا باشلايدۇ.

ئېستاكان يەرگە چۈشۈپ كەتسە چېقىلىدۇ، ئەمما ئادەم (چېقىلمايدۇ) شامالغا قارشى پەرۋاز قىلىشى مۇمكىن. نىشانىڭىزغا يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئاتىغان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرغان بولىسىز ياكى سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇر ۋە ھارارەتكە ئىگە بولىسىز.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، ئۆزۈمچە كېرىلىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويىدىغان بولدۇم: سەن راستىنلا ئەڭ زور دەرىجىدە چاقنىدىڭمۇ؟ سەن راستىنلا ھەممە ئادەم كۆرەلىگۈدەك چاقنىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېنى ئېتىراپ قىلدىمۇ؟ ياكى سەن پەقەت ئۆزۈڭنىلا تەسىرلەندۈردىڭمۇ؟

يوشۇرۇن ئىقتىدار چوقۇم ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلىنىشى كېرەك، ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمەلىي ئىقتىدار بولمىسا، يوشۇرۇن ئىقتىدار نۆلگە تەڭ. يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرالىغان ئادەم ئۆز ھاياتىغا يۈز كېلەلىگەن ئادەمدۇر.

ئەگەر ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولاي دېسىڭىز، ئىشىكنى كۆچەپىرەك ئىتتىرىڭ، داۋاملىق ئالغا مېڭىپ، ئۈچىنچى بابقا كىرىڭ.

# بىر يىلىغىزدىكى 8760 سائەتنىڭ سىرى

2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، «ۋاقىت» ناملىق يولۇچىلار پاراخوتى 476 نەپەر يولۇچىنى بېسىپ، كورېيەنىڭ ئىنچون دېگەن يېرىدىن جېجۇ ئارىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. پاراخوتتىكى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، جېجۇ ئارىلىغا ساياھەت قىلغىلى ماڭغانىدى. سەپەر پىلانى بويىچە، پاراخوت سائەت 11 دە جېجۇ ئارىلىغا يېتىپ بارماقچى ئىدى.

سائەت 8 دىن 58 مىنۇت ئۆتكەندە، كېمىگە سۇ كىرىپ كېتىپ، ئولتۇرۇشۇشقا باشلايدۇ.

سائەت 9 دىن 31 مىنۇت ئۆتكەندە، كېمە قىيسىيىپ، سۇغا چۆكۈشكە باشلايدۇ.

سائەت 11 ئەتراپىدا، كېمە كۆمتۈرۈلۈپ، پۈتۈنلەي دېڭىزدەك چۆكۈپ كېتىدۇ.

بىر ئايغا سوزۇلغان ئىزدەش، قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، 476 نەپەر يولۇچىدىن ئاران 172 سى قۇتقۇزۇپ قېلىندى، 295 ئوقۇغۇچىنىڭ قازاغا يولۇققانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، قالغان 9 نەپەر يولۇچىنىڭ خەۋىرى يوق.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، كېمىدىن چاتاق چىققاندا، تار ھەم كىچىك بۆلمىدە نەچچە ئون ئوقۇغۇچى قۇتقۇزۇش كىيىملىرىنى كىيىپ، بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ

تۇرۇشقان.

پاراخوت ئاستا ـ ئاستا چوكۇشكە باشلىغان. بەزى ئوقۇغۇچىلار كېمە چوكۇپ كېتىشتىن بۇرۇن تېلېفون ئۇرۇپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان: «بىزنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار، بىز پاراخوتتا، كېمە چوكۇپ كېتىۋاتىدۇ.»

بەزى باللار يېقىن كىشىلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، «دادام، ئانام، ئىنىم قانداق قىلار» دەپ يىغلىغان.

شۇنداق قىلىپ، ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان باللار دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى.

بەلكىم ئەتە بىزگە نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن، كىمنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر يىلى نەچچە ئون قېتىم، ھەتتا يۈز نەچچە قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرىمەن. ھەر قېتىم ئايروپىلان قوزغالغاندا، قونغاندا ياكى ھاۋادا سىلكىنگەندە، جىددىيلىشىپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، ئىچىمدە دۇئا قىلىمەن. بەزىدە ئەگەر بۇ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرى بولۇپ قالسا، قانداق قىلغان بولاتتىم، يەنىلا ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنى قىلغان بولاتتىممۇ، تېخى يەتمىگەن قانداق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم بار، دېگەنلەرنى ئويلايمەن.

مەن تۇرمۇشقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، لېكىن ھەمىشە شۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالىمەن: ھايات دېگەن نېمە؟

دوستلىرىم بىلەن مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدە پات ـ پاتلا مۇنازىرە قىلىپ قالىمەن. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بىرىنچى بولۇپ قايتۇرىدىغان ئىنكاسى «سەن ساقمۇ ـ يا» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاخىر ھەر تۈرلۈك جاۋابلار چىقىدۇ. جاۋاب قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەركىمنىڭ جاۋابى

ھەركىمنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بەزىلەر «ھايات دېمەك ھايات يۈرمەكتۇر» دەيدۇ. بۇ، يېقىن مەزگىلدە ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى يوق، تۇرمۇشى بىر خىللا ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر. بەزىلەر «ھايات دېمەك كۈرەش قىلماقتۇر» دەيدۇ. بۇ، چوقۇم يېقىندىن بېرى ئاز بولمىغان ئاكتىپ ئېنېرگىيە قوبۇل قىلغان، «قۇۋۋەت شورپىسى» ئىچكەن ئادەملەر. بەزىلەر «ھايات دېمەك ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولماق» دەيدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم نۇقتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ قالمايدىغان بىر جاۋاب بار: ھايات ۋاقىت دېمەكتۇر.

ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر ياكى ھايات ۋاقىت دېمەكتۇر. ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات تۇرىدۇكى، چۈنكى ۋاقىتى تېخى تۈگىمىدى. ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىمىز، بۇ دۇنيادا ۋاقتىمىزنىڭ قالمىغانلىقىدۇر.

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ۋاقىت پىلانلاش» ناملىق فانتازىيەلىك فىلىم ئامېرىكىدا بازارغا سېلىندى.

كىنودىكى ۋەقەلىك كەلگۈسى دۇنيادا يۈز بېرىدىغان بولۇپ، بارلىق ئادەملەرنىڭ ئىرسىيەت گېنى 25 ياشتا توختىتىپ قويۇلغان، بىر ئادەم قانچە يىل ياشىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان 25 ياش ھالىتىدە تۇرىدۇ.

25 ياشتىن كېيىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەقەت بىر يىللا ۋاقتى بولىدۇ، داۋاملىق ياشاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى تۈرلۈك ئاماللار، مەسىلەن، ئىشلەش، قەرز ئېلىش، ئالماشتۇرۇش، سودا ـ تىجارەت، ھەتتاكى بۇلاڭچىلىق دېگەندەك ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتقا

www.uyghurkitap.com

ئېرىشىشتىنلا ئىبارەت.

ۋاقىت بۇ كەلگۈسى دۇنيادىكى بىردىنبىر پۇلغا ئايلانغان. ۋاقىت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان، ۋاقىت مۇھاپىزەتچىلىرى ساقچىلارغا ئوخشاش، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋاقىت ئىشلىتىش ئەھۋالىنى، قانچىلىك ۋاقتى قالغانلىقىنى تىزىملاپ، تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، ۋاقىت بانكىسىدىكى قالدۇق نۆلگە ئايلانغان ھامان، ھاياتى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. بايلار دەل ۋاقتى كۆپ ئادەملەر، نامراتلار ۋاقىت ئامانىتى ئاز قالغان ئادەملەردىن ئىبارەت. ھەركىمنىڭ قولىدىكى سائەت ۋاقىتنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ۋاقىت تۈگىگەن ھامان ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ كىنو شۇنداق بىر توقۇلما ئارقىلىق «ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر» دېگەن مەڭگۈلۈك قائىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بىر ئادەمنى 75 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ دەپ قارىساق، بىر يىلنى 12 ئاي بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ ئادەم ئاران 900 ئاي ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئەگەر بىر ۋاراق قەغەزگە 30×30 لىق جەدۋەلدىن بىرنى سىزساق، بۇ جەدۋەلدىكى 900 كاتەكچە بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر ئاي ۋاقىتنىڭ ئۆتتى دېگەن گەپ، بىر كاتەكچىگە بەلگە قويۇلىدۇ. جەدۋەلگە قارىساقلا، قانچىلىك ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتكەن، يەنە قانچىلىك ۋاقتىمىز قالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىدۇ.

ھەممىمىز بۇ قىممەتلىك 900 ئاي ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى پۈتكۈزۈشنى، تېخىمۇ كۆپ كىتابلارنى ئوقۇۋېلىشنى، تېخىمۇ كۆپ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇڭا، ۋاقتىمىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىسقىغىنە ۋاقتىمىزدىن ئۈنۈملۈك

پايدىلىنىش تولىمۇ مۇھىم.
مەن دەرس بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئىستۇدېنتلارمۇ، خىزمەتتىكى ئادەملەرمۇ بار. ئۇلار ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەڭ ياخشى. ئوتتۇرا مەكتەپتە، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى بار، بۇ ئۇلارنىڭ ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان.
ھالبۇكى، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ۋاقىتىمىزنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان مەزگىلدە، تۇرمۇشىمىز تەرتىپسىز، قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ، ھەمىشە ئىشنى كەينىگە سۈرىدىغان بولۇپ قالىمىز.
بەلكىم، سائەت توققۇزدا ئىشقا چىقىسىز، كېچىكىپ قالسىڭىز جەرىمانە تۆلەيسىز؛ ئىشلار ھەمىشە ئوڭاي بولۇۋەرمەيدۇ، ئەمدى ھەرگىز كېچىكمەيمەن دەپ قەسەم بېرىسىز - يۇ، ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ ئۆيدىن چىقسىڭىز، ماشىنا توسۇلۇپ قالىدۇ، يەنە كېچىكىپ قالىسىز.
بەلكىم، بىر تالاي ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئەپ (APP) لىرىنى چۈشۈردىڭىز، ھەر كۈنى بىر دەرس ئۆگىنىپ، ئىنگلىز تىلى سەۋىيەرىڭىزنى ئۆستۈرمەكچى بولدىڭىز، تۈرلۈك پىلانلارنىمۇ تۈزۈپ قويدىڭىز، ئاخىردا ئۆزىڭىزنى كاچاتلاپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى.
بەلكىم، باھار بايرىمىلىق دەم ئېلىشتا بىر تالاي كىتابلارنى ئېلىپ ماڭدىڭىز، ئاخىردا بىرەرسىنىمۇ ۋاراقلاپ قويماستىن، بىر سومكا كىتابنى شۇ پېتى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدىڭىز.
نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇدىڭىز، نۇرغۇنلىغان

ۋاقىت باشقۇرۇش، ۋاقىت پىلانلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىڭىز ۋە ئىشلىتىپ باقتىڭىز. ۋاقىت باشقۇرۇش قوراللىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالماشتۇردىڭىز.

ھەر قېتىم، باشتا ناھايىتى جۇشقۇن بولۇپ كېتىسىز، خۇددى كېسەلگە دورا تاپقاندەك. تۇرمۇشىڭىزدىكى ناچار ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بولىسىز. ئەمما جەريان سىزنى ھاردۇرىدۇ، چىگىشىپ قالغان بىر كاللەك يىپتەك، ئىختىيارىڭىز ئۆزىڭىزدە بولماي قالىدۇ. ھەر قېتىم ئاخىردا چەكسىز ئۈمىدسىزلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ئازگىلىغا يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ كېتىسىز.

شۇنداق تەكرارلىنىپ، ۋاقىت كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسىنى يەنىلا تاپالمىدىڭىز. بۇ خۇددى ئاغرىپ قېلىپ، بۇرنى ئېقىپ توختىمىغان ئادەمنىڭ دوختۇرغا بارغىنىغا ئوخشايدۇ. دوختۇر دورا يېزىپ بەرمەيدۇ، «سۈرت» دەيدۇ. بۇرنىڭىز ئاقسا قانداق قىلىسىز؟ «سۈرتۈڭ، توختىغانغا قەدەر توختىماي سۈرتۈڭ».

يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ۋاقىت باشقۇرۇشتىن ۋاز كەچكەن، ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتنى قەدىرلىسەملا، نۆۋەتتىكى ئىشلىرىمنى ياخشى قىلسام بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، «ھازىر» ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسىڭىز، قولدىن كېتىپ قالىدۇ؛ تېخى ھېلىلا ئېغىزدىن چىققان گەپلەر ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ بولدى، دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گەپلەر كەلگۈسىگە مەنسۇپ. «ھازىر» دا ياشىماق بىر پارادوكسىيە (سەپسەتە)، ۋاقىتنىڭ باش ـ قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ تاشلىسىڭىز، ھېچقانچە يېرى قالمىغانلىقىنى بايقايسىز.

ئۇنداقتا، ۋاقىتنىڭ ئالدىدا، بىز شۇنچە بىچارىمۇ؟

ۋاقىت باشقۇرۇشتا مېنىڭمۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان،

گاڭگىراپ قالغان چاغلىرىم بولغان.

بىر يىل 365 كۈن ھەممىشە ئۆن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېڭى يىلدا كۆڭۈلگە پۈككەن ئارزۇ 365 كۈندىن كېيىن، يەنىلا شۇ پېتى تۇرىدۇ. 365 كۈن ئىچىدە خىزمەت قىلىمىز، ئۆگىنىش قىلىمىز، تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز، دوست - يارەنلەرگە ھەمراھ بولىمىز، يەنە ئارام ئالمىساق، تاماشا قىلمىساق بولمايدۇ. تۇگىمەس ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئالدىدا، ۋاقىت شۇنچە قىس بىلىنىدۇ.

ئەمما بىر كۈنى، بىر يىلنىڭ 365 كۈن ئەمەس، 8760 سائەت ياكى 17520 دانە 0.5 سائەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئەگەر بىر سائەت ۋاقىتنى بىر تىللا ياكى 0.5 تىللا دەپ قارىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدە خېلىلا باي ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ۋاقىتنىڭ سىرى بىردىنلا يېشىلدى.

ئەگەر ۋاقىتنى كونترول قىلماقچى بولسىڭىز، بۇ ئىشنى تېخىمۇ كۆچەپ ئىتتىرىڭ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، تۆتىنچى بابقا كىرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھېچكىم يالغۇز ئەمەس

ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىشتىياقى بىلەن، 18 يېشىمدا ئۆزۈم يالغۇز پويىزغا ئولتۇرۇپ، 3000 نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېيجىڭغا كەلدىم. ساق يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

يەتتە يىل، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە يېتىپ ئاشىدۇ.

يەتتە يىل بۇرۇن چىڭ تۇرغان ئىشلاردا ھازىر مۇرەسسە قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن؛ يەتتە يىل ئاۋۋال ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ يەتتە يىل ئىلگىرى قورققان ئىشلارغا ھازىر دادىللىق بىلەن يۈزلەنگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

باشقىلار دەيدۇ: «ئەلى، سەن ئۆزۈڭگە تايىنىپ، بۇ كاتتا شەھەردە ئۆتۈۋق قازاندىڭ. سەن ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، مۇستەقىل بىر ئادەم».

دەرۋەقە، تۇرمۇشنىڭ بېسىم ۋە سىناقلىرى بىلەن يالغۇز كۈرەش قىلىشقا، باشنى ئاغرىتىدىغان پارچە - پۇرات ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇز بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنىدىم: ھەتتا ئاغرىپ قېلىپ، ئاسما ئوكۇل ئۇرغۇزغىلى بارغان چېغىمدىمۇ، دوختۇرخانىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىدا ئىسپان تىلى يادلىغاچ ئوكۇلنىڭ تېمىپ بولۇشىنى ساقلىدىم.

ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتىپ، ئۇستەل چىرىغىنى يېقىپ، يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر كۈنى

داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆخلاشتىن بۇرۇنقى قوش تىللىق ھېكايەمنى ئۇنىڭغا ئالىمەن، ئاندىن مىكروبىلوگقا يوللايمەن. ھەربىر ھېكايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ساق 60 سېكۇنت، ئۇزۇن - قىسقىسى يوق. بىر خەتنى خاتا ئوقۇپ قالسام، ھەممىنى باشقىدىن ئوقۇيمەن، بىر سېكۇنت ئارتۇق - كەم بولۇپ قالسىمۇ قايتىدىن ئوقۇيمەن. ھەر كۈنى سائەت 6 دە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئوخشاش جەرياننى تەكرارلايمەن. ھېچكىم ماڭا ياردەم قىلالمايدۇ. ھەتتا پەقەت ئىككى سائەتلا ئۇخلايدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېلىپ، تورغا يوللاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردۇم.

يەتتە يىل، 2000 نەچچە كېچە - كۈندۈز، مانا مۇشۇنداق ئۆتتى.

ئەمەلىيەتتە، يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قالغان مەنمۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھېكايە ئاڭلىسام دەيمەن.

بىز مۇستەقىللىقنى زىيادە تەكىتلەيدىغان بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. «بەيدۇ» ئىزدەش تورىغا چىقىپ، «مۇستەقىللىق» (独立) دېگەن سۆزنى كىرگۈزسىڭىز، 23900000 دانە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن تېپىلىدۇ.

قاچان مۇستەقىل بولىسىز؟ نېمىشقا مۇستەقىل بولمايسىز؟ قانداق قىلغاندا مۇستەقىل بولالايسىز؟ بۇ ئۈچ سوئال خۇددى سوقراتنىڭ سوئالىدەك بىزگە قاراپ «تاغنى تالقان قىلغۇدەك» ئەلپازدا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بىزمۇ بىردەك «مۇستەقىللىق» قا قاراپ تىوغرىلىنىمىز. خىزمەتتە، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىمىز مۇستەقىل تاماملاشنى ئويلايمىز؛ ھېسسىيات جەھەتتە، مەيلى قانداق باش ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولايلى، ھامان مۇستەقىل تاقابىل تۇرۇشنى ئىستەيمىز؛ تۇرمۇشتا، مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەيلى، يەنىلا

مۇستەقىل ھەل قىلماقچى بولىمىز.

دەسلەپتە، مۇستەقىللىق ھەممە تەلپۈنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. كۆپىنچە ئادەملەر 17 ~ 18 ياشلارنىڭ قارىشىنى ئالغان ھامان، ئۆيىدىن ئايرىلىپ، جەمئىيەتكە مۇستەقىل يۈزلىنىشنى ئويلايدىغان بولىدۇ. ئۆمرىمىزدە تۇنجى قېتىملىق مائاشنى ئالغان ۋاقتىمىزدا، خۇددى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ جاكارچىسىدەك بىر ئەلپازدا، مەن ئەمدى مۇستەقىل بولدۇم دەپ جار سالىمىز.

كېيىنچە، مۇستەقىللىق بىر ئادەمنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنىڭ، ياخشى - يامانلىقىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالغان چاغدا، مۇستەقىللىق بىز ئۈچۈن «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېنىقكى، بۇنچە مۇرەككەپ دۇنيادا ھەممە ئىشقا مۇستەقىل تاقابىل تۇرۇش تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ئىش. لېكىن بىز مۇستەقىللىق پاتقىقىغا شۇنچىلىك چوڭقۇر پېتىپ كەتتۇقكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئىشتا، ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرۈشۈم كېرەك، چۈنكى دۇنيا مېنىڭ، دەپ ئويلايمىز. شۇڭا، كۆڭلىمىز خۇشال ئۆتمەيۋاتقان بولسىمۇ، ھەرقانچە چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچار بولغاندىمۇ، ئۆيگە تېلېفون ئۇرغان چاغدا، خۇشاللىقنى دەپ، خاپىلىقنى دېمەيمىز. دوستلار كۆڭۈل بۆلۈپ ھالىمىزنى سورىسا، «ياخشى» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

نېمانچە ھېرىش، نېمانچە يالغۇزلۇق.

ئەمەلىيەتتە، «مۇستەقىللىق» نىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىۋالدۇق.

بەزىدە، مۇستەقىل بولغانلىق كۈچلۈك بولغانلىق ئەمەس.

«يۇقىرى ئۈنۈملۈك كىشىلەرنىڭ يەتتە ئادىتى» ناملىق كىتابتا، ستىفېن رىچارد كاۋى بىر ئادەمنىڭ پىشىپ

يېتىلىش جەريانىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ: يۆنىلىش - مۇستەقىل بولۇش - ئۆزئارا تايىنىش. كىچىك ۋاقتىمىزدا، پۈتۈنلەي باشقىلارغا تايىنىمىز، تۇرمۇش جەھەتتە ئاتا - ئانىمىز باقىدۇ، ئۆگىنىشتە ئوقۇتقۇچىلار يېتەكلەيدۇ. ئاستا - ئاستا چوڭ بولىمىز، جىسمانىي، ئەقلىي، ھېسسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇستەقىل بولىمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى باقالايدىغان، باشقۇرالايدىغان بولىمىز. لېكىن شۇنى بايقايمىزكى، ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەممۇ باشقىلارغا پەقەتلا تايانمايمەن دېيەلمەيدۇ. ئادەم ئەسلىدىنلا بىر - بىرىگە يۆكسەك دەرىجىدە تايىنىدۇ. يېگانە قەھرىماندەك دۇنيانى يالغۇز كېزىمەن دېيىش، تولىمۇ ئەخمىقانىلىك. ستىفىن مۇنداق يازىدۇ:

*ئۆزئارا تايىنىش تېخىمۇ پىشقان ھەم تېخىمۇ يۈكسەك ئۇقۇم. فىزىيولوگىيە جەھەتتە ئۆزئارا تايانغان ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلالايدۇ، ھەمكارلاشقاندا يالغۇز قىلغاندىن كۆپرەك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ؛ ھېسسىيات جەھەتتە ئۆز ئارا تايانغان ئادەم ئۆز قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلەيدۇ، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بەدەل تۆلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ بىلىدۇ؛ ئەقلىي جەھەتتە ئۆزئارا تايانغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئۆز كەمچىلىكىنى تولۇقلاشنى بىلىدۇ.*

دەرس ئۆتۈش ۋە لېكسىيە سۆزلەش بىلەن جان باقىدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ يالغۇز، شۇنداقلا ئەڭ يالغۇز ئەمەس ۋاقتى ئاڭلىغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرغان چېغى بولىدۇ. ناتونۇش شەھەرلەرگە قانچە قېتىملاپ چاقىرىلىمىنى، چوڭ - كىچىك نۇتۇق زاللىرىدا ناتونۇش كىشىلەر توپىدا قانچە قېتىملاپ سۆزلىگىنىمنى بىلمەيمەن، مۇنبەر ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ

قانداق ئىنكاسلاردا بولىدىغانلىقىنى ئەسلا پەرەز قىلالمايمەن.

بۇ يالغۇز كىشىلىك جەڭگە ئوخشايدۇ، غەلىبە قىلىش ياكى يېڭىلىش پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق. شۇڭا تېخىمۇ زور خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لېكسىيە باشلىنىپ دەسلەپكى ئۈچ مىنۇت ئىچىدە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمىسىڭىز، ھەر ئىككى مىنۇتتا كىچىكرەك بولسىمۇ بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرمىسا، چاۋاك، ئالقىش، خۇرسىنىش قاتارلىق ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش جەريانى بولۇپ تۇرمىسا، ئۇ ھالدا مۇنبەردىن چۈشۈپ كەتكىنىڭىز ئەۋزەل. ھەرقانچە مۇنەۋۋەر ناتىقمۇ بىرەر قېتىملىق لېكسىيەدە ئېھتىياتسىزلىقتىن كەتكۈزۈپ قويمايمەن دېيەلمەيدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا، بىر مەيدان لېكسىيەگە 2 ~ 3 ناتىق ماسلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىرىمىز تاسادىپىي كەتكۈزۈپ قويساق، يەنە بىر ھەمراھىمىز مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈپ، بىزنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. ئەگەر بىرلا ئادەم بولسا، ناۋادا ئاڭلىغۇچىلار چۇقان كۆتۈرگىلى تۇرسا، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە، لېكسىيە سۆزلىگۈچىمۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشى، ھەتتا قايتا مۇنبەرگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «ھەپتىدە تۆت سائەت خىزمەت قىلىش» ناملىق بىر كىتاب چىقىپ، بازار تاپقانىدى. ئۇنىڭدا، نۆۋەتتىكى يەرشارىلاشقان دەۋردە، كۆچمە خەۋەرلىشىش ۋە ئىنتېرنېت تورى كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىپ، ھەپتىدە تۆت سائەتلا خىزمەت قىلىش «چۈشى»نى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى

توغۇلغانلىقى سۆزلەنگەن. كىتابنىڭ ئاپتورى تېمىسى فىررىس «ھەپتىدە تۆت سائەت خىزمەت قىلىش» ئىدىيەسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغۇچى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجراچىسى بولۇپ، ئۇ ھەم كارخانىچى، ھەم يازغۇچى، ھەم ئارتىس، ھەم چامباشچى، ھەم ئۇسسۇلچىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە. ئۇ خەنزۇ تىلى، كورىيان تىلى، ياپون تىلى، نېمىس تىلى، ئىسپان تىلى، ئىتالىيە تىلى قاتارلىق ئالتە خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ.

ئۇ مۇنداق جاكارلايدۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ باي، ئەڭ ئوتتۇق قازانغان ئادەملەرنىڭ بىر كۈنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا 24 سائەت، بىر ھەپتىسى ئوخشاشلا يەتتە كۈن. ئۇلار جاپالىق خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىشتا ئەقلىنى بەكرەك ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇق قازانغان».

ئاددىي بىر مىسال: سانلىق مەلۇمات رەتلەشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئامېرىكىلىق پىروگراممىرلار ئاساسلىق 20% ئىشنى ئۆزى قىلىپ، قالغان ئۇششاق - چۈششەك قىسمىنى باشقىلارغا قىلغۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر سائەتلىك كىرىمى 95 دوللار، ھىندىستانلىق پىروگراممىرغا بىر سائەتلىكى بەش دوللار بويىچە ئىش ھەققى بېرىدۇ. بۇ مىسال بىرقەدەر رادىكاللىراق. ئەمما، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سودا ئەخلاقىغا مۇخالىپ كەلمىگەن ئاساستا، ھوقۇقنى باشقىلارغا تەقسىملەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەركىن ۋاقىت ياراتقىلى بولىدۇ. ھەممە ئىشقا ئۆزىڭىز چېپىلغىلى تۇرسىڭىز، ئۆزىڭىزگە تەۋە ۋاقىت تەبىئىي ھالدا ئازلاپ كېتىدۇ.

مۇستەقىل ئىش قىلىشنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە،

باشقىلار بىلەن ھەمكارلىششنى، ئۆزئارا تايىنىشنى بىلگەندە، ھالقىلىق پەيتتە ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىغىلى بولۇپلا قالماي، خىزمەت ئۈنۈمىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

خىزمەتتە شۇنداق، تۇرمۇشتىمۇ ئوخشاش.

ھېچكىم يېگانە ئارال ئەمەس، ھېچكىمنىڭ توققۇزى تەل ئەمەس.

ناۋادا دۇنياغا يېگانە يۈزلەنگىنىڭىز بولمىسا، بۇ ئىشىكنى تېخىمۇ كۈچەپ ئىتتىرىڭ ـ دە، توختىماي ئىلگىرىلەپ، بەشىنچى بابقا كىرىڭ.

# 90% ئادەم مۆۋەپپەقىيەت نامىلىق بۇ يولدا يىقىلىدۇ

2014 ـ يىلى قىشتا «يۇلتۇزلار ئارا يورۇش» ناملىق فىلىمنىڭ بازارغا سېلىنىشى بىر يازغۇچىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇتتى. بۇ يازغۇچى «ئۈچ تەنچە» ناملىق فانتازىيەلىك رومانىنىڭ ئاپتورى ليۇ زىشىن.

نۇرغۇن كىشىلەر «يۇلتۇزلار ئارا يورۇش» بىلەن «ئۈچ تەنچە»نى باغلىۋېلىپ، سېنارىست ھەم رېژىسسور نولەن «ئۈچ تەنچە»نىڭ ۋەقەلىكىدىن پايدىلانغان ئوخشايدۇ دەپ قارىغان. «ئۈچ تەنچە» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرى ئامېرىكا فانتازىيەلىك ھېكايە يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ باھالىشى بىلەن، 2014 ـ يىللىق «تۇمانلىق مۇكاپاتى»غا كۆرسىتىلگەن، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە تەقرىزمۇ ئېلان قىلىنغان.

ئەمەلىيەتتە، ليۇ زىشىن فانتازىيەلىك ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىلى كۆپ يىللار بولغان. ئۇ ئىلگىرى جۇڭگودا فانتازىيەلىك ھېكايىلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات «سامانيولى مۇكاپاتى» غا ئۇدا سەككىز يىل ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلار ئۇنى ھۆرمەتلىك «دا ليۇ» دەپ ئاتايدىغان بولغان. جۇڭگودا ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن بۇ يازغۇچى جۇڭگونىڭ فانتازىيەلىك ھېكايە ئىجادىيىتىنى ئۆزى يالغۇز دۇنيا سەۋىيەگە كۆتۈرگەن.

ليۇ زىشىن كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىدارىسىدا، يەنى ئىدىرلىقتا جايلاشقان چەت بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئۈچ قىسىملىق، جەمئىي 880 مىڭ خەتلىك «ئۈچ تەنچە» ناملىق ئەسىرىنى دەل ئاشۇ «نىياگزى قوۋۇقى» دېگەن جايدا تاماملىغان.

ليۇ زىشىن 1999 ـ يىلى ئېلان قىلغان «كىت قەسىدىسى» ناملىق ئەسىرى بىلەن بۇ ساھەگە كىرىپ، 2010 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «ئۈچ تەنچە» نى تاماملىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئەسەرلىرىم ساياھەت يېتەكچىسىگە ئوخشاش ئوقۇرمەنلەرنى باشلاپ، مېنىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمىمنى زىيارەت قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ «ساياھەت ئۆمىكى»نى باشلاپ ئايلىنىۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى.

ئون يىللىق ئەجىر ـ مۇشەققەت ئادەتتىكى ئىش ئەمەس.

2015 ـ يىلى باھاردا، «مەن ناخشىچى» پىروگراممىسىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ناخشىچى لى جيەننى بىراقلا چولپانغا ئايلاندۇردى.

ئۇ 2001 ـ يىلىلا لۇ گېڭشۇ بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى دانە پىلاستىنكا چىقارغانىدى. 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە، يالغۇز «ئۇچۇش» نى تاللاپ، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرقانچە پىلاستىنكا چىقاردى.

لېكىن ئۇنى ھەقىقىي چولپانغا ئايلاندۇرغىنى شۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل كېيىنكى بۇ سەھنە بولدى.

ئۇتتۇق قازىنىش نۇرغۇن پۇرسەت تەلەپ قىلىدۇ. لى جيەن مۇنداق دەيدۇ: باھار بايرىملىق سەنئەت كېچىلىكىدە «رىۋايەت» نى ئېيتىش پۇرسىتى ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما پۇرسەت كەلگەن چاغدا، بىر «رىۋايەت»كىلا

قاراپ تۇرسىڭىز بولمايدۇ، چوقۇم نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭىز بولۇشى كېرەك. بارلىق جۇغلانمىڭىز بەلكىم ئاشۇ بىر قېتىملىق ھەقىقىي پۇرسەت ئۇچۇن قىلىنغان تەييارلىق بولۇشى مۇمكىن.

ھەممىگە تونۇش بولغان بۇ ئىككى ھېكايە ۋە باشقا بىز بىلىدىغان نۇرغۇن ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ھېكايىسى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى دەلىللەيدۇ: ئىزچىللىق مۇۋەپپەقىيەت دېمەكتۇر.

ئىزچىللىق مۇۋەپپەقىيەتتۇر. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما 90% ئادەم دەل مۇشۇ يولدا يىقىلىدۇ.

مېنىڭ سەھرالىق بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇردا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ Chinglish چىسىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن، شەھەرلىك نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپكە يېڭى كىرگەن چاغدا، ئىنگلىز تىلى قىزغىنلىقى يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئەزا بولدى، ئىنگلىز تىلى مۇنازىرىلىرىگە قاتناشتى.

بىر قېتىملىق «ئىنگلىز تىلى پارتىيى» دا، كۆپچىلىك تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى مۇھەببەتلەشسە بولامدۇ - يوق دېگەن تېمىدا مۇنازىرە قىلىشقانىدى. مېنىڭ ئۇ ساۋاقدىشىم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا پىكىر بايان قىلدى: «You Know, I haven't, you know, fallen in love before, but....» ئۇ شۇنداق كىبكەچلەپ يۈرۈپ، بىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغۇچە، تۆت - بەش قېتىم «you know» دەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان چىرايلىق قىز ساۋاقداش قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىنلا، ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە

تېپىپ، «I don’t’ know» دېدى. ساۋاقدىشىم ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بېشىنى چۆكۈرۈپ سۆزلۈك يادلىدى، جۈملە شەكىللىرىنى يادلىدى. يېزىقچە ئىمتىھاندا نەتىجىسى ياخشى بولسىمۇ، ئىنگلىز تىلىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسىنى بىراقلا يوقاتتى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ بىر كارخانىغا كىرىپ ئىشلىدى. گەرچە تېخنىك خادىم بولسىمۇ، يەنىلا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساۋاقدىشىم ئېغىز تىلىنى قايتىدىن ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقتى. لېكىن پەقەت ئىككى ھەپتە داۋاملاشتۇرۇپلا، ئېغىز تىلىنى بويسۇندۇرۇش پىلانى مەغلۇپ بولدى.

نۇرغۇن قېتىم پىلان تۈزگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ۋاز كەچتى. مەشىق قىلىشنى ھەر كۈنى توختىماي داۋاملاشتۇرسا، باشقىلار ئالدىدا قورقماستىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلەپ بەرسىلا، ھامان بىر كۈنى ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللارنى سىناپ باقتى، ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىغا قاتناشتى، ئۆزىنى جازالاپمۇ باقتى.... شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىمۇ كۆرسەتمىدى.

پەقەت مېنىڭ بۇ ساۋاقدىشىملا ئەمەس، ئىزچىللاشتۇرۇش، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش يولىدا يىقىلغان نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەملەر بار.

ئورۇقلىماقچى بولغانلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئورۇقلاشنىڭ ھەر خىل «سىرلىق رېتسېپ» لىرىنى تېپىپ كېلىدۇ، قارىماققا مۇكەممەل پىلانىمۇ تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمما كۆپىنچە

ئادەملەر يىرىم يولغا كەلگەندە يەنىلا بەل قويۇۋېتىدۇ. تاماكا تاشلىماقچى بولغانلارمۇ ئوخشاش، ئۆزىگە ۋە دوست ـ يارەنلىرىگە بۇ قېتىم چوقۇم تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، يېنىدىكى تاماكىلارنىڭ ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئەمدى قەتئىي قارارغا كەلگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنە چېكىدۇ؛ بىرەر يېڭى ماھارەتنى ئۆگەنمەكچى بولغان ئادەم ھەر خىل ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، كۆڭلىدە مانچە بەت كۆرىمەن، مانچىلىك مەشىق سوئالى ئىشلەيمەن دەپ ۋەزىپە بېكىتىۋالىدۇ، لېكىن بىرقانچە بەت كۆرۈپ، كىتابنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، توپا باستۇرۇۋېتىدۇ. . .

نۇرغۇن ئادەملەر ئىزچىللاشتۇرالماسلىقنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۆزىگە يېتەرلىك ئىرادە توپلاش ئۈچۈن، ھەر خىل ئاماللارنى سىناپ باقىدۇ.

خىزمەتدىشىغا 200 يۈەن پۇلنى تۇتقۇزۇپ، ئەگەر مەن ئىككى ھەپتە ئىچىدە گۆش يەيدىغان بولسام، بۇ 200 يۈەن ئومۇمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ دەيدۇ؛ ئەگەر ماروژنى يەپ قالسا، ئۆزىنى 5000 مېتىر يۈگۈرۈش بىلەن جازالايدۇ؛ ھۇجرىسىغا «سەن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن»، «سېنىڭ نىشانىڭ 45 كىلوگىرام»، «ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى قالايمىقان يېمە»، «دەرھال چېنىققىلى چىق» دېگەندەك خەتلەرنى يېزىپ چاپلىۋالىدۇ. . .

لېكىن، مەغلۇبىيەت ھامان مەغلۇبىيەت.

ئەڭ ئاخىردا، بارلىق ئۇسۇللارنى سىناپ باققاندىن كېيىن، يەنىلا قاراپ تۇرۇپ ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن ئاغرىنىدۇ.

ئورۇقلاشتا مەغلۇپ بولدۇم، مەن ئىرادىسىز!
تاماكا تاشلاشتا مەغلۇپ بولدۇم، مەن ئىرادىسىز!
ئۆگىنىشتە مەغلۇپ بولدۇم، مەن ئىرادىسىز!
بىر ئۆمۈر ئىرادىسىزلىكتىن ئاغرىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە يەتكۈچە ئۇۋال قىلىدۇ.

«ئىرادىنىڭ ئۆزچاتى» ناملىق ئەسەردە، ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئىرادە ئەمەس، بەلكى ئىلىم».

پىسخولوگ ۋالتېر مىشىل ئىشلىگەن مەشھۇر بىر تەجرىبىنى بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. تەجرىبىدە، بالىلارغا مۇنداق ئىككى خىل تاللاش بېرىلگەن: بىرى، ھازىرلا 1 تال پاختا كەمپۈتنى ئېلىپ كەتسە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، 15 مىنۇت ساقلىسا، ئىككى تال پاختا كەمپۈت بېرىلىدۇ.

20 يىللىق ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆز ۋاقتىدا 15 مىنۇت ساقلاپ، ئىككى تال پاختا كەمپۈتكە ئېرىشىشنى تاللىغان بالىلار ھەرقايسى تەرەپلەردە ساقلاپ تۇرالمىغان بالىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن ئېزىقتۇرۇشنى ئاسانلىقچە رەت قىلالمايدىغان كىشىلەر ئاسانلا مەغلۇپ بولىدۇ، بۇنىڭ نېگىزلىك سەۋەبى ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى دەپ يەكۈن چىقارغان.

«Change Anything» نىڭ ئاپتورى بۇ تەجرىبىنى تەكرار ئىشلىگەن. باشتا، ئاران 30% بالا 15 مىنۇت ساقلاپ تۇرالىغان. كېيىن، ئاپتور تەجرىبىگە ئازراق تەڭشەش كىرگۈزۈپ، تەجرىبە باشلىنىشتىن بۇرۇن، بالىلارغا دىققىتىنى باشقا ئىشلارغا قارىتىپ تۇرۇش دېگەندەك بەزى تەدبىر - چارىلەرنى ئۆگىتىپ قويغان. نەتىجىدە 15 مىنۇت ساقلاپ

تۇرالىغان باللارنىڭ نىسبىتى 50% كە يەتكەن.

كۆپىنچە ھاللاردا، پىلانىمىزدا چىڭ تۇرالمىغاندىن كېيىن، ئاددىي ھەم تومتاق ھالدا ئۆزىمىزنى ئىرادىسى ئاجىزغا چىقىرىۋېتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزگە قاتتىق نەپرەتلەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ماڭا ئامال يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلايمىز.

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىرادىسى زېھنىي قۇۋۋەتكە ئوخشاشلا، چەكلىك بولىدۇ. ئىزچىللىق ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا، ئىرادىگە تايانغاندىن باشقا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا توغرا ئۇسۇل ۋە تەدبىر بولمىسا بولمايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلىگەن چاغدىلا، غەلىبە قىلغان 10% ئادەمنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز.

ئەگەر ئىزچىللىق ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز، بۇ ئىشنى قاتتىق ئىتتىرىپ ئېچىشىڭ ــ دە، ئالتىنچى بابقا كىرىڭ.

www.uyghurkitap.com

CHAPTER 2 ئىككىنچى باب

# ئۆزىڭىزنى كارخانىدەك باشقۇرۇڭ

*دۇنيا ئەنە شۇنداق، ئاشۇ ئەرزىمەس ئادەملەر، ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئىمكان بەرگەن ئادەملەرگە بۇ دۇنيادا ئورۇن يوق.*

*— نېلبور*

# نىشانسىز ماڭسىڭىز، قىردىن ئاشمايسىز

ھازىر، قولىڭىزدىكى ھەممە ئىشنى توختىتىپ، لەرزان مۇزىكىدىن بىرنى قويۇڭ، ئاندىن ماڭا ئەگىشىپ تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرۇڭ، ئەھمىيەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلايلى.

ھەپتە ئاخىرىدىكى گۈزەل بىر ئەتىگەننى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سائەت 9 ~ 10 لاردا ئويغاندىڭىز، تولىمۇ يەڭگىل ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز، قۇياش پارلاپ چىققان بىر كۈن ئىدى. دېرىزىنى ئېچىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا بىر پارچە يېشىللىق. بۈگۈن شەنبە، ئىشقا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۈگۈن سىزنىڭ ھېچقانداق غېمىڭىز يوق.

ئورنىڭىزدىن تۇرغاندىن كېيىن، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىز بىلەن (بەلكى ئائىلىڭىزدىكى بىرى ۋە ياكى سىز ياخشى كۆرىدىغان ئۇ) بىللە ناشتا قىلدىڭىز، ئەڭ ئامراق تاملىقىڭىزنى يېدىڭىز. ئەمدى ئىككىڭلار بىللە سەيلىگە چىقماقچى.

ئىككىڭلار بىللە ماشىنىلىق يولغا چىقتىڭلار، شەھەر سىرتىنىڭ مەنزىرىسى تىنچ ھەم گۈزەل بولۇپ، چۈش كۆرگەندەك رەڭدار بىر دۇنياغا بېرىپ قالدىڭىز. ئۇزاق ئۆتمەي ياۋروپاچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئاق رەڭلىك ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىڭلار.

ئۆي ئىچىدە ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى، سىلەر كىرىپ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ بېقىشنى قارار قىلدىڭلار. ئۆيگە كىرىپ، ھاياتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىشلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردىڭىز. ئاتا - ئانىڭىز، دوست - يارەنلىرىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز... ھەممىسى شۇ ئۆيدە ئىدى. ھەيران قالدىڭىز، لېكىن، ئۇلار سىزنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى، ئۇلار ئېغىر بېسىقلىق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار بىلەن سالاملىشىشنى ئويلىدىڭىز، لېكىن ئۇلار سىزنى كۆرمىگەندەك، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇردىڭىز. بىردەمدىن كېيىن، ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئالدىغا چىقىپ گەپ قىلدى، ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ ئاڭلىمىدىڭىز، پەقەتلا قىزىقىش ئىلكىدە قاراپ تۇردىڭىز. بىرھازادىن كېيىن، ھېچكىم مۇنبەرگە چىقىپ گەپ قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن سىزمۇ ئالدىغا چىقىپ، ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتماقچى بولدىڭىز.

ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز، گەرچە جىددىيلەشكەن بولسىڭىزمۇ، يەنىلا ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭدىڭىز. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم، ئۈچ قەدەم، تۆت قەدەم، بەش قەدەم، ئالتە قەدەم، يەتتە قەدەم، دەل يەتتىنچى قەدەمدە مۇنبەرگە چىقتىڭىز، ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چوڭقۇر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەرنى دېمەكچى بولدىڭىز.

ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرغاندا، ئوڭ تەرىپىڭىزدىكى بىر ئۈستەلگە قويۇلغان ياغاچ قۇتىغا كۆزىڭىز چۈشۈپ قالدى. بۇ نېمە قۇتىدۇ، باشتا دىققەت قىلمىغانىكەنسىز. ئۇنى ئېچىپ، ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدىڭىز.

قۇتىنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قۇتا ئۈستىدە

ئۆزىڭىزنىڭ رەڭسىز سۈرىتىنى كۆردىڭىز. بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراپ، سىزگە ئاتاپ يېزىلغان ماتەم سۆزلىرىنى كۆردىڭىز. . . .

شۇنداق، بۇ دەل سىزنىڭ دەپنە مۇراسىمىڭىز.

ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كىتابنى خاتا ئېلىپ قالدىمۇ نېمە، ئادەمگە ئىلھام بېغىشلايدۇ دەپ ساتقان كىتاب، قانداقسىگە قورقۇنچلۇق ھېكايىگە ئايلىنىپ قالدى، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر بايا شۇ مەنزىرە ئىچىگە ھەقىقىي كىرگەن بولسىڭىز، روھىي پاكلىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇمۇ چەت ئەللەردە مودا بولغان «قەبرىستانلىقتا داۋالاش ئۇسۇلى» نىڭ بىر ھالقىسى.

توختاپ قالماڭ، سىز ھېلىھەم دەپنە مۇراسىمىدا، بۇ 50 يىل، 60 يىل، ئېھتىمال يۈز يىلدىن كېيىن، ئىشقىلىپ ھامان كېلىدىغان بىر مۇراسىم. ئەزەلدىنلا، بىر ئادەم دۇنياغا تۆرەلگەن ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ئۆلۈم سەپىرىگە يول ئالغان بولىدۇ، ھېچقانداق ئادەم ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇقەررەر قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

1987 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى لېيموند كافېل ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ئاخىرقى پارچە» ناملىق ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

سەن بۇ ئۆمرۈڭدە
ئېرىشتىڭمۇ ئىزدىگەنلىرىڭگە؟
دەرۋەقە،
مەن ئېرىشتىم.
ئۇنداقتا سەن نېمە ئىزلىدىڭ؟

ئۆزۈمنى قەدىرلىك دەپ چاقىرىشنى،
ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا
سۆيۈلگىنىمنى ھېس قىلىشنى.

بۇ شېئىر كافېلىنىڭ قەبرە تېشىغا ئويۇلغان، شۇنداقلا «قۇش ئادەم» ناملىق كىنونىڭ مۇقەددىمىسى.

لېيموند كافېل ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ سۆيۈلگەن بولۇشىنى، بىراۋلارنىڭ «قەدىرلىك ئادىمى» بولۇشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلغان.

ئۇنداقتا، بىزچۇ؟

ئۆمرىمىزگە چېكىت ئۇرۇلغان ئاشۇ پەيتتە، بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىمىزنى قانداق خۇلاسىلەيمىز؟ باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق شەكىلدە ماتەم تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز؟

مەن بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم ئويلىنىپ باققان، ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلىشىپمۇ باققان. ھەر خىل جاۋابلارنى ئاڭلىدىم. ئىنگلىزچە ئىسمى ۋىليام بولغان جۇڭگولۇق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئايالىغا نىسبەتەن، ياخشى ئەر بولۇش؛ بالىلىرىغا نىسبەتەن ياخشى ئاتا بولۇش؛ جەمئىيەتكە نىسبەتەن، ياراملىق ئادەم بولۇش؛ ئۆزىگە نىسبەتەن، ئارمانسىز كېتىش ئىكەن. 14 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىلغان بۇ گەپلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى.

15 ياشلىق يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى: مېنىڭ ئۆلۈمۈم بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھەممىمىز بۇ دۇنيادىن كېتىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ھاياتنىڭ مەنىسى نۆۋەتتىكى ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر تاللىشىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئەتە ھاياتىمىزنىڭ

ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى بولۇپ قالسا، سىز يەنىلا ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى قىلامتىڭىز؟ بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كېتەلەمسىز؟

بۇ سوئاللار ئىلگىرىكى چاغلاردا، مەن ئۈچۈن پەقەتلا بىر تەسەۋۋۇر ئىدى. ئاتامنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ تولىمۇ رېئال مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ئاتام مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈشكە 15 كۈن قالغان چاغدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئۆمرۈمدە ئەڭ ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش ئاتامنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى.

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆڭلۈمنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمنى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىرەر قېتىممۇ ئېيتمىغانىكەنمەن. ئۇنى ئوبدانراق چۈشىنىپ بېقىشنىمۇ ئەزەلدىن ئويلىمىغانىكەنمەن. ئاتامنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق باھالارنى بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ نامىزىنى قەشقەردىكى ئەسلىي يۇرتىمىزدا چۈشۈردۇق. گەرچە مەھەللىدىن ئايرىلغىلى كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا 400 دەك ئادەم كەلدى. نۇرغۇن دېھقانلار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ئاتامنى ئاخىرقى بىر قېتىم ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشتى. ئاتامنىڭ بۇ ئۆمرىدە شۇنچە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى شۇلاردىن بىلدىم. ھەتتا ئاتامنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلىشىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بوپتۇ.

2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچە، ئاتام باشقا يەتتە نەپەر خىزمەتدىشى بىلەن شىنجاڭ قورغاس ناھىيەسى سەندوخوزا يېزىسىدا قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرىنى

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈۋاتقانىكەن. بۇ يول چىراغلىرى تېخى يېڭىلا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ رايوندا يول چىراغلىرى بولمىغاچقا، كېچىسى يول قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ماشىنا ھەيدەش خەتەرلىك ئىكەن، پىيادە ماڭغانلارمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدىكەن. ئاتام ھايات ۋاقتىدا پەن - تېخنىكا نازارىتىدە ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ توپلاپ، يېزىلارغا نۇرغۇن تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىپ بەرگەنىكەن. بۇ يول چىراغلىرىمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن.

كېچە سائەت 11 دە، قاپقاراڭغۇ كوچىدا يول چىراغلىرى يېنىپ، خۇشاللىق نۇرىنى چېچىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، 19 ياشلار چامىسىدىكى موتوسىكلىت مىنگەن ئىككى ياش يىگىت 90 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن كېلىپ، ئادەملەر توپىغا ئۇسۇپ كىرىپتۇ - دە، ئۇدۇل بېرىپ، يول چىراغلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئاتامغا سوقۇلۇپتۇ. كۆپچىلىك ئاتامنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، دوختۇرلار شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئېغىر يارىلانغان بولغاچقا، ئامال قىلالماپتۇ. ئاتام شۇ ياتقانچە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئاتام ھاياتلىقىدا قىلغان بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتىم. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئاچچىقى يامان، قاتتىق قول، ھەتتا بىر ئاز قوپال ئادەم ئىدى. ئەمما شۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاتامنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ياشىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

«تۇرمۇش كىتابقا ئوخشايدۇ، ئەھمىيىتى ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا ئەمەس، مەزمۇنىدا». گەرچە بىز ئوخشاشمىغان يولدا ماڭغان بولساقمۇ، ئۆزۈم تاللىغان مۇشۇ يولدا، ئاتامنىڭ

چىرىغىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمىسەم دەيمەن.

ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئېھتىمال كېلەر ئاي، بەلكىم ئەتە، بەلكىم كېيىنكى بىر دەقىقە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇ كۈن يېتىپ كەلگەن چاغدا، مەن ئەھمىيەتلىك ياشاپ ئۆتتۈم دېيەلەيدىغانلار قانچىلىك؟

شۇنداق ئويلايمەن، ناۋادا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكىنى ئاتام بولماي، مەن بولۇپ قالسام، كىشىلەر ماڭا قانداق باھالارنى بېرىشى مۇمكىن ئىدى؟ ئۇلار بەلكىم، بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بۇ يىگىت ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر نەتىجىسى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگىنى بولدى: ئۇ قابىلىيەتلىك ئىدى، لېكىن پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچىلا ئىش قىلاتتى؛ ئۇنىڭ قالتىس تالانتى تۇرۇپ، دۇنياغا ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى، دېگەن بولاتتى.

مەن بۇ دۇنيادا قالدۇرغىنىم ئەنە شۇلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم.

يېقىندا ئۇندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە بىر خىل ئەپ تارقىلىپ يۈردى. ئۇنىڭدا دوستلىرىڭىز سىزگە بولغان باھاسىنى نامسىز يېزىپ قويسا بولاتتى. سىناپ باقسىڭىز، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى سىز تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى سىزگە پەقەتلا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بايقايسىز. ئەگەر ئۆلۈمىڭىزدە شۇنداق باھالارغا ئېرىشىشنى خالىمىسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

دېڭىزدا كېتىۋاتقان كېمە ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى قارا بوران ياكى غەلىتە مەخلۇقتا ئۇچراپ قېلىش

ئەمەس، بەلكى تەرەپنى يىتتۈرۈپ قويۇش. ئەگەر تەرەپنى (يولىڭىزنى) يىتتۈرۈپ قويسىڭىز، قاياققىلا ماڭسىڭىز شامالغا ئۇچرايسىز، يولىڭىز تۈگىمەيدۇ؛ يۆنىلىشىنى يىتتۈرۈپ قويغان كېمە مەڭگۈ قىرغاققا چىقالماسلىقى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرۈشى مۇمكىن. بۇنداق ئازابنىڭ چېكى بولمايدۇ. نىلبۇر «دەريا ئەگمى» ناملىق ئەسىرىدە يازغىنىدەك، «دۇنيا ئەنە شۇنداق، ئاشۇ ئەرزىمەس ئادەملەر، ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئىمكان بەرگەن ئادەملەرگە بۇ دۇنيادا ئورۇن يوق».

يۆنىلىشىڭىز بولمىسا، نىشانىڭىز ئېنىق بولمىسا، ھامان بىر دائىرىدە چۆرگىلەپ يۈرىسىز. شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ تەمتىرەپ يۈرۈشى، قايمۇقۇپ قېلىشى يۆنىلىشىنى تاپالمىغانلىقى، نىشانى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر بالداق ئۈستىگە چىقىش كېرەك.

ئاداققى مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقان چېغىمىز ھاياتىمىزدا مېڭىشقا تېگىشلىك تەرەپنى تاپقان ۋاقتىمىزدۇر.

# ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر ئۆتكىلىدىكى ئاساسلىق رولىڭىزنى بىلىۋېلىڭ

نۇر خىزمەتنى جېنىدەك كۆرىدىغان ئادەم، ھەممىدىن بالدۇر ئىشقا چىقىدۇ، ھەممىدىن كېيىن ئىشتىن چۈشىدۇ، ھەپتە ئاخىرىدا باشلىقى تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئاكتىپلىق بىلەن ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، ھەممە ئىشتا نەمۇنە بولماقچى بولىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىمۇ، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇشنىلا كۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان يېرى شۇكى، شۇنچە جىق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىمنى رازى قىلالمىدى؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ، دوستلىرى بىلەنمۇ كارى بولمىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى، ھە دېسە ئاغرىپ قېلىپ، كېسەلدىن نېرى بولالمىدى. ھەتتا خىزمەتتە ئۆسۈش پۇرسىتى كەلسىمۇ، باشقىلار تارتىۋالاتتى. ئۇ بارغانچە گاڭگىراپ قېلىشقا باشلىدى: شۇنچە تىرىشقان تۇرسام، نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەيمەن؟

ئېلى مۇھەببەتنى جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ، ھەمىشە قىز دوستىنىلا ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىم پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەجنۇنلارچە مۇھەببىتى ئارقىلىق قىز دوستىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەڭگۈلۈك ھەمراھىغا ئايلىنىشنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە قىلىسىمۇ، قىز دوستى ھامان ئۇنىڭدىن رازى بولمايتتى. بۇرۇن نەگە بارسا كەينىگە كىرىۋالىدىغان ئادەم مانا ئەمدى ھە دېسە پۇتاق ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى.

ئەلى ئاغىنىدارچىلىقنى ھەممىدىن مۇھىم بىلەتتى، دوستى ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇنىۋېپ بولاتتى، دوستلىرى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، بىرىنچى بولۇپ ياردەم قىلاتتى. خىزمەت ياكى ئارام ئېلىش ۋاقتىغا تەسىر يەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق دوستلار يىغىلىشىغا چوقۇم باراتتى. ئۆزىنى دۇنيادىكى دوستلۇققا ئەڭ يارايدىغان ئادەم دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ دوستلىرى ئۈچۈن يۈرەك - باغرىنى يارغۇدەك بولغان بىلەن، دوستلىرى ئۇنچە قىلىپ كەتمىدى، ئۇنىڭغا تازا ئېتىبار بەرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نېمىلەر بۇ، نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟

نۇر، ئېلى، ئەلى ئۈچىنىڭ مەسىلىسى ھەممىمىز يولۇقۇپ باققان مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھەممىسى مەن، نۇرئەلى، ئوخشاشمىغان باسقۇچلاردا يولۇققان ئەھۋاللار.

ئادەم تۇرمۇشتا ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، رول بارغانچە كۆپىيىدۇ. بالىلىقىمىزدا، غەمسىز، سەبىي چاغلىرىمىزدا، ئومۇماق بالىنىڭ رولىنى ئالساقلا بولىدى، ئېغىزىمىزنى ئاچساقلا تاماق سالىدىغان، قولىمىزنى كۆتۈرۈپ بەرسەكلا كىيىم كىيدۈرىدىغان ئادەم بار، ھېچقانداق ئىشتىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا دۆلەتنىڭ ئىشى، ئەلنىڭ غېمى دەپ يۈرسەك، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «غەلىتە بالا» غا ئايلىنىپ

قالىمىز. ئۇ ۋاقىتلاردا ئالىدىغان رولىمىزمۇ ناھايىتى ئاز، تەبىئىيلا بىسىممۇ ناھايىتى كىچىك بولىدۇ.

ئادەم ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا، بېسىمى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا قارىمىسا، بالىلىرىنى باقمىسا بولمايدۇ. بۇ چاغدىكى بىز ھەم بالا، ھەم ئاتا، ھەم خوتۇن، ھەم ئانا، ھەم خىزمەتچى، ھەم باشلىق، ھەم خىزمەتداش ھەم ئاغىنە.

بېشىمىزغا ئاق سانجىلغاندا، مۇلايىم، مېھرىبان بوۋاينىڭ رولىنى ئالساقلا بولدى.

لېكىن كۆپىنچىمىز يېشىمىزنىڭ چوڭىيىۋاتقانلىقىنىلا بىلىپ، بىز ئالىدىغان رولنىڭمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىمىز، يەنى بىرلا رولغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىپ، باشقا روللىرىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن نۇر، ئىللىق، ئەلى قاتارلىقلاردەك باش ئاغرىقىغا قالىمىز.

شۇڭا، ھاياتلىق نىشانىمىزنى، يۆنىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ھاياتلىق نىشانىمىزغا ئايلاندۇرغاندىلا، بىز ئىزدىگەن ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ھاياتلىق نىشانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى بىر تۈرلۈك مۇتلەق ماھارەت دېيىشكە بولىدۇ. يىراقنىمۇ كۆرۈش، يېقىننىمۇ قاراش كېرەك. تۆرلۈك پىلان، نىشانى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، سىتىفىن «ئۇنۇمدار كىشىلەرنىڭ يەتتە ئادىتى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان رولغا ئاساسەن ھاياتلىق نىشانىنى بەلگىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ قولاي، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

ھەممىمىز تۇرمۇشتا ھەر خىل رولىلارنى ئۈستىمىزگە ئالغان بولىمىز. ھەر خىل رولىمىزغا ئاساسەن ھاياتلىق نىشانىمىزنى بەلگىلەپ، بۇ نىشاننى ئۇزاق مەزگىللىك ھاياتلىق نىشانىمىز بىلەن جىپسىلاشتۇرۇۋەتسەك بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھاياتىمىزدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشەنچلىك يۆنىلىشنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، مەلۇم بىر ياكى ئىككى ئىشقا زىيادە كىرىشىپ قېلىپ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىش ۋە شۇ سەۋەبلىك زىيان تارتىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەمدى پاكىز بىر پارچە ئاق قەغەز تەييارلاڭ: ئاۋۋال قەغەزنىڭ ئوڭ يېرىمىغا ئېسىڭىزگە كەلگەن بارلىق مۇھىم رولىلارنى يېزىپ چىقىڭ: مەسىلەن، بالا، دوست، قېرىنداش، خىزمەتداش، رەھبەر... دېگەندەك. ئاندىن سول تەرەپ يېرىمىغا مۇناسىپ نىشانىڭىزنى يېزىڭ. كونكرېت يازمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھاياتىڭىز توغرىسىدا قانداق يەكۈن چىقىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ يازسىڭىزلا بولىدى. مەسىلەن، «دوست» نىڭ ئۆدۈلىغا نىشانىڭىزنى مۇنداق يازسىڭىزمۇ بولىدۇ: مەن 24 سائەتنىڭ ئىچىدە قاچانلا چاقىرسا ئۈنۈپ بولىدىغان، تاڭ ئاتقۇچە قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ بېرەلەيدىغان دوست بولالمايمەن، لېكىن، سەن ياردەمگە موھتاج بولغاندا، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەيلى كۆڭۈل جەھەتتە بولسۇن، چوقۇم قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشنى خالايدىغان دوست بولالايمەن. مانا شۇنىڭدەك، ھەربىر رولنىڭ ئۆدۈلىغا مۇناسىپ نىشاننى يېزىڭ. بۇ جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاياتلىقنىڭ قىزىقارلىق بىر مەيدان ئويۇنغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايسىز. ھەربىر باسقۇچتا، ھەربىر ئۆتكەلدە قانداق مۇھىم نىشانلارنىڭ بارلىقى مانا مەن دەپ چىقىدۇ، ئۇ سىزنى ھەربىر نىشاننى بىردىن - بىردىن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك بىر جەدۋەل تۈزۈپ چىققانىدىم.

| رول | نىشان |
|---|---|
| ئوغۇل | ئانامنى ئاخىرقى ئۆمرىدە خاتىرجەم قىلىمەن.<br>ئۇنىڭغا پەرزەنت مېھرىنى ھېس قىلدۇرىمەن.<br>دۇنيانى ساياھەت قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىمەن. |
| ئاكا | سىڭلىمغا ياردەم قىلىمەن، ئۇنى يېتەكلەيمەن.<br>ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەم بولۇشىنى، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. |
| ئوقۇتقۇچى | ئوقۇغۇچىلىرىمغا ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى، كىتابتىكى بىلىملەرنىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارغا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن. |
| خىزمەتداش | ئۇلارنىڭ خىزمەتتە ئۇتۇق قازىنىشىغا ياردەم قىلىمەن.<br>ھېچبولمىغاندا ئۆزۈم غەيۋەت قىلمايدىغان ئادەم بولىمەن. |
| خىزمەتچى | رەھبەرلىرىمنى ئوبدان «باشقۇرىمەن»، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىنى ئۆگىنىمەن، خىزمەتتە ھەل قىلىشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىمەن. |
| رەھبەر | شىركەت بەلگىلىگەن ۋەزىپىنى تاماملايمەن ھەمدە قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ خىزمەتتە ئەڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم قىلىمەن. |
| دوست | ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولىدىغان دوستى بولالمىساممۇ، ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتىدىغان، ئىشەنچىنى يەردە قويمايدىغان دوستى بولىمەن. |

www.uyghurkitap.com

بۇ جەدۋەل مېنى قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىدى، تۇرمۇشۇمنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا، ھاياتىمدىكى ھەربىر رولدا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىمغا ياردەم قىلدى.

مەن بۇ جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، بېيجىڭدا خىزمەتكە چۈشكەن دەسلەپكى ئالتە ئاي جەريانىدا، تەلۋىلەرچە جان تىكىپ ئىشلىدىم. چۈنكى ئاتام قازا قىلىپ، ئۆينى بېقىش ۋەزىپىسى زىممەمگە يۈكلەنگەنىدى. يەنە كېلىپ، ماڭا ئوخشاش غۇرۇرى كۈچلۈك ئادەم تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلالمىسام، ئانام ۋە سىڭلىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، ئەتىگەندە شىركەتكە بىرىنچى بولۇپ كەلدىم، ھەممىنىڭ كەينىدە ئىشتىن چۈشتۈم. يېڭى شەرق باش ئىشتابىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر كىچىك يىغىن زالى مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەسەبىيلىكىمگە شاھىت بولدى.

قانچە قېتىملاپ، خىزمەت قىلىپ بەك كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئىشخانىدىلا قونۇپ قالدىم. پۈتۈن بىنادا بىر ئۆزۈم يالغۇز، قاراڭغۇلۇق بىنانى ئىلكىگە ئالغاندا، جىندىن قورقۇشنى ئويلاپمۇ قويمىدىم. جىندىن قورقماسلىقنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ماڭا ئوخشاش ساراڭدەك خىزمەت قىلىدىغان ئادەمنى مەلۇم مەنىدىن غەلىتە مەخلۇق دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزۈممۇ بىر غەلىتە مەخلۇق تۇرسام، يەنە بىر غەلىتە مەخلۇقتىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى.

خىزمەتكە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، دائىم تاماق

ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم، قورسىقىم ئېچىپ، ئاشقازىنىم ئاغرىشقا باشلىغاندىلا، تېخى تاماق يېمىگەنلىكىم ئېسىمگە كېلەتتى. ئۇدا 10 سائەت ئارام ئالماي ئىشلىگەچكە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا ئۆزۈممۇ تۇيمىغان هالدا ئۇخلاپ قالاتتىم. قىزىتمام 40 گىرادۇسقا چىقىپ كەتكەن چاغدىمۇ، دەرسكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دوختۇرخانىغا باردىم. هەتتا دوختۇرخانىدا نومۇر ئېلىپ قويۇپ، نۆۋەت ساقلاۋاتقاچ، ئاغرىپ قېلىش سەۋەبىدىن قىلالماي قالغان خىزمىتىمنى قانداق تولۇقلاشنىڭ غېمىدە بولدۇم.

شۇنچە كۆپ جەبىر - جاپا چەككەن، دەرد تارتقان بولساممۇ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئىرادەم بەكلا كۈچلۈك بولغاچقا، تېخىمۇ كۈچەپ ئىشلىگۈم كەلدى. هەتتا جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئويلىغۇدەكمۇ ۋاقتىم چىقمايتتى. ئەينى چاغدىكى ئويۇم ناهايىتى ئاددىي، تىرىشىپ ئىشلىگىنىم ئۆيدىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلگىنىم دەپ ئويلىغانىكەنمەن.

يېرىم يىلدىن كېيىن، خىزمىتىم بارا - بارا ئىزىغا چۈشتى، ئەمما ئۆيدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان ۋاقتىم بارا - بارا ئازلاپ كەتتى. بىر كۈن توختىماي دەرس ئۆتۈپ، ئىشتىن چۈشۈپ دەرس تەييارلاپ، ئاران دېگەندە ئۆزۈمگە تەۋە ئازراق ۋاقتىم چىققاندا، هېرىپ هالىمدىن كېتەتتىم، گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرۇممۇ قالمايتتى. ئانام بىلەن سىڭلىمغا بارغانچە ئاز تېلېفون ئۇرىدىغان، ئۇرساممۇ كۆپ پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالدىم. بىر قېتىم ئانام ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ، يىغلاپ كەتكىلى تاسلا قالدى، مەندىن خاپا بولۇپ، «سەن زادى نېمە ئويلاۋاتىسەن، ساڭا بۇ ئۆي كېرەكمۇ - يوق» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇۋالچىلىقتا قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولۇپ، «مېنىڭ جان تىكىپ خىزمەت قىلىشىم كىم ئۈچۈن، سىلەر ئۈچۈن ئەمەسمۇ، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىممۇ سىلەرنى ئوبدانراق كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈنغۇ. مېنى نېمىشقا چۈشەنمەيسەن» دېدىم.

مېنى نېمىشقا چۈشەنمەيسەن؟ بۇ سوئالنى سورايدىغانلار ناھايىتى كۆپ. جاۋاب ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى سەن قارشى تەرەپ تەلەپ قىلغاندەك كۆڭۈل بۆلۈشنى بېرەلمىدىڭ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ھېس قىلدىمكى، گەرچە سەن جان تىكىپ ئىشلىسەڭمۇ، باشقىلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ۋاقتىڭنى ۋە كۆڭلۈڭنى ئۇلارغا بۆلمىسەڭ، ئۇلار ھەقىقىي ئىزلىگەن نەرسىنى بېرەلمىسەڭ، بۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ. سېنىڭ بەرگىنىڭ قارشى تەرەپ ھەقىقىي مۇھىم دەپ بىلىدىغان نەرسە بولۇشى ناتايىن.

بۈگۈندىن باشلاپ، رول ۋە نىشان جەدۋىلىدىن بىرنى تۈزۈڭ، كۈندە، ھەپتىدە، ئايدا بىر قېتىم ئوقۇپ تۇرۇڭ. بىرلا نۇقتىغا قاراپ تۇرۇۋالماي، ئۆزىڭىزنىڭ تۈرلۈك روللىرى ۋە ئورنىنى ماكرو نۇقتىدىن كۆزىتىڭ ھەمدە ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇرۇڭ.

ھاياتىڭىزدا چوقۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ھەرقانداق بىر جاي سىزگە سەھنە بولالايدۇ

مەن گىتار چېلىشقا ئامراق. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن مىكروبىلوگقا يوللايدىغان ھېكايىلىرىمدىمۇ دائىم كۆپچىلىككە ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن. زادى قانچە قېتىم ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە يوق، ئەمما سىنىڭ ئاۋازىڭ نېمانچە سەت دېگەن گەپنى تالاي قېتىملاپ ئاڭلاپ كەتتىم. بەزىلەر گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، «باشقىلار ناخشا ئېيتسا پۇل ئالىدۇ، ئەمما سەن جاننى ئالىدىكەنسەن» دېيىشتى.

ئەگەر تەلىيىڭىزگە مەن بىلەن چېنىقىش ئۆيىگە بېرىپ قالسىڭىز، مېنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك، جاننى ئەزگۈدەك «ۋاي داد» لىرىمنى ئاڭلايسىز. ھەر قېتىم ئېغىر ھەرىكەتلەرنى ئىشلىگەن چاغدا، تىرىنېر مېنى كۈچۈم يەتمەيدىغان ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىغاندا، ۋاز كېچەي دېسەممۇ ۋاز كېچەلمىگەن ۋاقىتلىرىمدا، پۈتكۈل چېقىنىش زالىنى مېنىڭ ئېچىنىشلىق «ھۇۋلاش» لىرىم قاپلايدۇ.

«مېنى نېمىشقا بۇنچە خورلايسىز؟ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا كەلسەم، تەدرىجىي ئېغىرلاتسام بولمامدۇ؟» مەن بۇ سوئالنى تىرىنېردىن نۇرغۇن قېتىم سورىدىم. ئۇ ماڭا بۆرتۈپ چىققان مۇسكۇللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئازراق مەنسىتمىگەن قىياپەتتە مۇنداق دېدى: «سەن راستتىنلا مۇسكۇل چىقارماقچىمۇ ياكى ئۆزۈڭنى ئالدىماقچىمۇ؟ بىلىشىڭ كېرەك، ئاغرىمىغۇچە مۇسكۇل

www.uyghurkitap.com

چىقمايدۇ. قاتتىق ئاغرىقنى ھېس قىلىپ، كەچتە بىرىپ ئوبدان ئارام ئېلىپ، ئاقسىل تولۇقلىغان چاغدىلا، مۇسكۇل چىقارغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاغرىمىغان بولسا، بىر كۈن بىھۇدە مەشىق قىلغانلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ».

راھەت ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى؛ جاپا يېتىلدۈرۈش ئىقتىدارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرسەتكۈچى. ئەگەر مۇسكۇل چىقارماقچى بولسىڭىز، مەشىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەدىنىڭىزنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىڭىز، مەشىقنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ھۇرۇنلۇق قىلىپ، تىرىشچانلىقنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، ھەتتا «قەھرىمانلار ئىتتىپاقى» (تور ئويۇنى - تەرجىمان) ئويناپ چېنىقمىدىڭىز، سىز چىقارماقچى بولغان مۇسكۇل مەڭگۈ چىقماسلىقى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چېنىقىش ئۆز - ئۆزىگە ئىش تېپىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مۇشكۇلاتقا يولۇققان ۋاقتىڭىزدا، ھالقىلىق بىر قەدەمنى باسمىسىڭىز، بەلكىم راھەتكە ئېرىشىسىز، ئەمما ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان كەلگۈسىدىن مەھرۇم قالىسىز.

2011 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاتام تۇيۇقسىز قازا قىلدى. شۇ چاغلاردىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىمنى ئۇزۇن ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن.

ئاتامنى يەرلىككە قويۇپ سەككىز كۈندىن كېيىن، بېيجىڭغا قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر مىنۇت، سېكۇنتتىن تولىمۇ ئاستا ئۆتتى. تېخى بېرىپ بولالمىغان بىر يەن ئىمتىھانىم ۋە ئىككى پارچە ماقالەم بار ئىدى. مۇئەللىم ئەھۋالىمنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىمتىھاننى تولۇقلاپ بەرسەڭ، ماقالىنى كېيىنرەك تاپشۇرساڭ بولىدۇ

دېدى. ئىمتىھان بىلەن ماقالىنىڭ ئىشىنى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تەرەپ قىلدىم.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى يېتىپ كېلىشتى. مەن پەقەتلا خۇش بولالمىدىم. ئاتامدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانامۇ بېجىڭغا كېلەلمەيتتى. ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەكېلىپ قويۇشىنى رەت قىلىپ، ئۆزۈم يالغۇز بېيجىڭغا كەلگەنىدىم. ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئۇ چاغدا قەلبىمدە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد يالقۇنلىرى يېلىنجايتتى. ئەمما بۇ قېتىم، شۇنداقلا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، بارلىق سىناقلارغا ئۆزۈم يالغۇز يۈزلىنىشىم، تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىشىم كېرەك ئىدى.

ساۋاقداشلىرىم ئاجايىپ جۇشقۇن بىر كەيپىياتتا ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىنى كۈتۈۋالدى. ھالبۇكى مەن گاڭگىراش ئىلكىدە قالدىم.

چەت ئەلگە چىقىدىغانلار تەييار بولدى، بېجىڭدا قالىدىغانلار ئۆي تېپىپ بولدى. مەكتەپتىن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئايرىلىشىمىز كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلدى. مەن تېخىچە ئۆي تاپمىدىم. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش مېنى پۈتۈنلەي تەمتىرىتىپ قويغانىدى.

ئاتام خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر يۇرتقا قايتىپ مەمۇر بولۇشنى تاللىسام، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلەيتتىم. سىستېما ئىچىدە مۇقىم، ئىناۋەتلىك بىر خىزمەتكە ئېرىشىش نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئالدىن تاللىشى. بۇ خىزمەت يېڭىلا ئوقۇش پۈتكۈزگەن

www.uyghurkitap.com

ياشلارغا زور خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەلەيتتى. لېكىن، ئاتام شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مېنى شىنجاڭدىن بېيجىڭغا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنى مېنى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شۇ خىل ئاددىي ھەم بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئەمەس. مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم «يامان ئەمەس» تۇرمۇش ئەمەس، بەلكى ئارزۇ - ئارمانلىرى بولغان، دۇنيانى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان تۇرمۇش؛ ئۆرۈمچى مېنىڭ بۇ يولدىكى ئىستەكلىرىمنى قاندۇرۇپ بولالمايتتى. بىراۋنىڭ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: «كىچىك ئىشلاردا قارار چىقىرىشتا ئەقلىڭگە تايان؛ چوڭ ئىشلاردا قارار چىقىرىشتا يۈرىكىڭنى تىڭشا. چۈنكى نېمىنى تاللاش كېرەكلىكى قەلبىڭگە ئايان».

چوڭ شەھەر بىلەن كىچىك شەھەرنىڭ بىرىنى تاللاش تەس بىر قارار. مەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بېيجىڭدا قېلىشنى تاللىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

مېنىڭ قىممەت قارىشىمدا، ئەر كىشى چوقۇم مۇستەقىل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇشى، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەسلىكى، جاپا - مۇشەققەتلەرنى جىمجىت زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھاجەتخانىدا تۇرۇپ، تۇغقانلارنىڭ ئانامغا مېنى يېنىدا ئېلىپ قېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئانام قەتئىيلىك بىلەن مېنىڭ تاللىشىمغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئوغلىنىڭ قانات - قۇيرۇقىنى بوغۇشلاپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، يۈرۈكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. شۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

چوڭ شەھەردە قېلىپ، تەرەققىي قىلىشنى ئويلىغانلارنىڭ

ھەممىسى جاپا چېكىدۇ. چوڭ شەھەرلەردە ئۆي ئەمەس، بىر كىشىلىك كارىۋات تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس. سەككىز كىۋادرات مېتىرلىق كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسىمۇ 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇئامىلىسى ئۆينىڭ تازىلىق شارائىتى بىلەن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ناچار. ئۆينىڭ بۇنچە قىممەت بولۇشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئورنى ياخشى، مەكتەپكە يېقىن بولغانلىقى. بۇلارنى قوبۇل قىلىپ كەتكىلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئويلىمىغان باشقا قىيىنچىلىقلارغىمۇ يولۇقاتتىم. ئاران دېگەندە بىر ئۆينى تېپىپ، توختام ئىمزالايدىغان چاغدا، قارشى تەرەپ مېنىڭ كىملىكىمدىكى «نۇرئەلى ئابلىز» دېگەن ئۇزۇن ئىسمىنى كۆرۈپ، شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككىلىنىپ قالاتتى - دە، «ئۈچ كۈندىن كېيىن كەل» دەيتتى. ئۇ چاغدا ھاڭۋاقتىلارچە ئويلاپ كېتەتتىم: نېمىشقا ھەر قېتىم رەت قىلغان چاغدا، ھەممىسى ئوخشاشلا «ئۈچ كۈندىن كېيىن كەل» دەيدۇ.

ئۆي ئىجارە ئېلىشتا 5 - قېتىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە جۇڭگۇەنسۇننىڭ ئادەمسىز كوچىلىرىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ، خىيالغا پاتتىم: نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەس؟ چوڭ شەھەردە سانسىز چىراغلار يانىدۇ، ماڭا تەۋە بىرىمۇ يوق؛ مەن ئۈچۈن يېقىلغان بىر چىراغ ئاشۇ يىراق جايدىكى يۇرتۇمدا قالغان.

ھېلىمۇ ياخشى، ھەرگىز بوشاشمىدىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم يولىدا تىرىشىش ۋە كۈرەش قىلىشتىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچمىدىم.

چوڭ شەھەردە قېلىپ كۈرەش يولىنى تاللىغانلىق،

گوموشلارچە كۆن ئۆتكۈزۈش ئۈز - ئۆزىگە ئۇۋال قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەينى چاغدا يۇرتقا قايتىشنى تاللىغان بولسام، بەلكىم باشقا بىر ھالدا بولاتتىم. ئەمما بۇنچە كۆپ كەچۈرمىشلەرنىڭ كەچمىشچىسى بولالمىغان، بۇنچە كۆپ ياخشى ئۇستاز، مۇنەۋۋەر دوست - يارەنلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولالماس ئىدىم.

«قولۋاق» ناملىق فىلىمدە مۇنداق بىر قائىدە سۆزلىنىدۇ: ياش چاغلىرىمدا، ئۆزۈمنى شامال دەپ يۈرۈپتىمەن. بەدەنلىرىمنى زەخمەت جاراھەتلىرى قاپلىغاندىن كېيىن، ئەسلىي ئوت - چۆپ ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.

بەلكىم بىز راستتىنلا شامال ئىدۇق، زەخمەت جاراھەتلىرىنىڭ بەدەنلىرىمىزنى يېغىر قىلىشىدىن قورقۇپ، پەرۋاز قىلىش ئىمكانىيىتىدىن ۋاز كەچكەن بولساقچۇ؟

قەپەسكە سولىنىپ ياشايدىغان پاسسىپ تۇرمۇشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. مەسىلە شۇكى، سىزگە بىر پارچە ئاسمان بەرسە، ئەركىن پەرۋاز قىلىڭ دېسە، ئەمما يىقىلىپ چۈشۈش ئېھتىماللىقى بار بولسا، ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟

ۋاڭ شياۋنىنىڭ قەلىمىدە «دەرس خاتىرىسى» گە يېزىلغان «ئىككىنچى ئەۋلاد نامراتلار» توغرىسىدا ئېيتىلغان سۆزلەر ۋە ھېكايىلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن تاپشۇرۇقتا «تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەيدىغان بىر سوئال بار. 90 - يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان ئوقۇغۇچىلار «ئارقا كۆرۈنۈشى ياخشى بولسا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك بولىدۇ، چۈنكى چېكىنىش يولى بار» دەپ قارىغان. «ئارقا كۆرۈنۈشى ئادەتتىكىچە بولسا، ئادەمدە قورقۇش بولىدۇ، باشقىلار ئۇتتۇرسا، پۇلىنى ئۇتتۇرىدۇ، مەن ئۇتتۇرسام

تۇرمۇشۇمنى ئۆتتۇرىمەن، تايانغۇدەك ھېچ نەرسەم يوق. شۇڭا، پىسخىكىسى ئېھتىياتچان كېلىدۇ».

تۇرمۇشتا مۇنداق ۋايىساشلارنىمۇ دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز: باشقىلارنىڭ ئارقا تېرىكى بار، مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق تۇرسا، ئاززۇ ـ ئارمانلاردىن ئېغىز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟

خاتىرجەملىك بىلەن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇش ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، كۆپ قىسىم كىشىلەر قورققانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەملىكنى تاللايدۇ، ئاچ ـ يالىڭاچ قالمايدۇ، كەلگۈسىدىن ئەنسىرەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەمما، ئاز سانلىق كىشىلەرلا «ھايات يۇرۇش» كە رازى بولمايدۇ، ئۇلار كەلگۈسى ۋە يىراقلارغا بولغان ئىنتىلىشىدىن ۋاز كەچمەيدۇ ھەمدە غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدۇ.

قانچىلىغان ئادەملەر «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى» ئۈچۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۆلگۈچە، يوپۇرماقنىڭ ئۆمرى غازان بولغۇچە. ھاياتتا ئېرىشكەنلىرىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىڭ بولمىسا، باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ئەگىشىپ، ئاتالمىش «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى» نىلا قوغلىشىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ نە قىممىتى بولسۇن؟

بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى باشقىلار بەرمەيدۇ، ئۆزىڭىز يارىتىسىز. كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىش، كۈرەش قىلىش، سەمىمىيەت ۋە قان ـ تەر يىغىلىپ، ئادەمنىڭ روھىيىتىنى كۆچلەندۈرىدۇ، بۇنداق ئادەم كېچىدە يالغۇز يۇرسىمۇ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتالايدۇ.

«ۋالدېن كۆلى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن باشقىلارنى مېنىڭ ئۇسۇلۇم بويىچە ياشاشقا مەجبۇرلىمايمەن... ئەمما

ھەربىر ئىنسانىنىڭ ئاتىسىغا، ئانىسىغا ياكى قوشنىسىغا تەقلىد قىلماي، ئۆز تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تېپىۋېلىشىنى ۋە شۇ يولدا كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

ھېچ يەر سىزنىڭ يۇرتىڭىز ئەمەس، ئەمما سىزنىڭ كۈرەش مەيدانىڭىز بولالايدۇ.

روھىمغا تىنچلىق بېرەلىگەن جاي دەل مېنىڭ يۇرتۇم.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كەلگۈسىنى ھازىرقى تۈرمۈشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭ

ھەممە ئادەمنىڭ دېگۈدەك چۈشكۈنلىشىپ چېكىگە يېتىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ھاياتتا گاڭگىراپ قالىدۇ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولغان.

مېنىڭ شۇنداق چاغلىرىم نۇرغۇن ئادەملەر ئارزۇ قىلىپمۇ كىرەلمەيدىغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدە، تور ئويۇنىغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىمكى، ئوقۇشنىمۇ، تاماقتىنىمۇ ۋاز كېچىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتىم. بىر ئايغا يېقىن، ھەر كۈنى دېگۈدەك بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئالدىدىكى تورخانىغا كىرىپ، كېچىچە ئويۇن ئوينايتتىم. بۇ تورخانا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەرقايسى كەسىپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى، ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ئويۇن ئويناشتىكى تالانتىنى نامايەن قىلاتتى. تورخانىغا كىرىپ قارىسىڭىز، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تالانتلىقلارنىڭ كومپيۇتېرنىڭ مەۋھۇم دۇنياسىدا كۈرەش قىلىپ، تور دۇنياسىدىكى «كۇنۇپكا پالۋان» لارغا ئايلانغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

ئەينى چاغدا «ئالۋاستى شەھىرى» ناملىق تور ئويۇنى ئەڭ مودا بولغان چاغ بولۇپ، مەن تور دۇنياسىدىكى قەھرىمانلار بىلەن ياشلىق جاسارىتىمنى نامايان قىلىپ، بىر ھەپتە ئۇدا

كېچىلەپ ئويۇن ئويناش رېكورتى ياراتقانىدىم. ئۇزاق مەزگىل ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، ئۇيقۇدىنمۇ، تاماقتىنمۇ ۋاز كېچىپ ياشاپ، بىر كۈنلەردە تورخانىدا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىغان چاغلىرىممۇ بولغان. بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىدا، بۇ دۇنياغا تورخانىنىڭ ئورۇندۇقىدا قېتىپ قالغان كاسامنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرماي كېتىشنى ۋە ياكى تاراتقۇلاردا «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تور ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، تورخانىدا ئۆلۈپ قالدى» دېگەن خەۋەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشنى خالىمىسامىمۇ، ئۆزۈمنى بۇ ئويۇندىن زادىلا تارتالمىدىم.

تورخانىدا تۈنەپ باققانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، تاڭ سەھەر سائەت ئۈچلەر بولغاندا، تۆمۈر ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ بىر نەرسە يېمىسە چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ چاغدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئالدىدا زىخلىق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان تاغىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك سودىسىنىڭ ئاخىرقى قېتىم يۇقىرى دولقۇن يارىتىدىغان ۋاقتى يېتىپ كېلىدۇ.

بىر قېتىم زىخلىق يېمەكلىك يەۋېتىپ، ئۇ تاغىمىز بىلەن «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ قۇرغۇچىسى يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىمنىڭ كەچمىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئەينى چاغدا يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم توفېل ئىمتىھانى بېرىپ، ئاخىر ئۆتكەندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغاندىن كۆرە، ۋەتەندە قېلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆتكەلىدىن ئۆتۈپ، چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلسا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈ

مىنخوڭ مۇئەللىم ھەم ئەھمىيەتلىك، ھەم پۇل تاپقىلى بولىدىغان بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئاخىر دۆلىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنى قۇرۇپ چىققانىكەن.

«يېڭى شەرق» يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، ھازىرقىدەك تەشۋىقات ۋاستىلىرى بولمىغانلىقتىن، يۇ مىنخوڭ مۇئەللىم ئۆزى بىر قوچاق تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېلان تاختىلىرىغا چاپلىغان، بىرمۇ بىر تارقاتقانىكەن. شەخسىي دوختۇرخانا ۋە ئامبۇلاتورىيەلەرنىڭ ئېلانلىرى، تالون كېسىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئېلانلار ئارىسىدا «يېڭى شەرق»نىڭ ئىنگلىز تىلى تەربىيەلەش سىنىپلىرى توغرىسىدىكى ئېلانلار چاپلىنىپ تۇرغان ئاشۇ مەنزىرىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ئاشۇ تەشۋىقات ۋەرەقەلىرى يۇ مىنخوڭ مۇئەللىمنىڭ «يېڭى شەرق»نى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىگە، شۇنداقلا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا يايما ئاچىدىغان تاغىمىزنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك ئازابقا شاھىد بولغان.

«يۇ مىنخوڭ ئەينى چاغدا يېڭىدىن مەكتەپ قۇرۇپ، تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن. ئۇ ماڭا ‹مەن بىلەن بىللە تەشۋىقات چاپلا، ئىككىمىز بىرلىكتە يېڭى شەرقنى قۇرۇپ چىقايلى› دېگەنىدى». بۇ گەپ راستمۇ ياكى بۇ تاغىمىز لاپ ئۇرۇۋاتامدۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ماڭا راستتەكلا بىلىنىدۇ.

«ئەينى چاغدا يۇ مىنخوڭ مۇئەللىم ئورۇق، بەكلا مەتۇ ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز ئېلان چاپلاپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ، ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. ئەينى چاغدا مېنىڭ تىجارىتىم ياخشى ئىدى، ھەر كۈنى كەچتە يايما ئېچىپ، تۇرمۇش خىراجەتلىرىمنى تاپقاندىن باشقا، بىرقانچە يىلدىلا بېيىجىڭدىن ئۆي سېتىۋېلىشقىمۇ كۈزۈم يېتەتتى. لېكىن،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، بىرقانچە زىخلىق يېمەكلىكنى ئارتۇق بېرىپ قويغۇم كېلەتتى».

شۇنداق قىلىپ، بۇ تاغىمىز ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە، شۇ چاغدىكى ئىشلار ئۇنىڭ سۆھبەت ـ پاراڭلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپتۇ.

بۇ تاغىمىزنىڭ ئەينى چاغدا تەسەۋۋۇر قىلغان كەلگۈسىمۇ ھەرھالدا رېئاللىققا ئايلانغان. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئۇنىڭ زىخلىق يېمەكلىكلىرىنى يەپ باقمىغان بىرمۇ ئوقۇغۇچى بولمىسا كېرەك. ئۇ ھازىر خىزمەتچى ياللاپ، ئۆزى ئانچە جاپا تارتمايلا، داۋاملىق پۇل تېپىۋېتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان بىر مەنزىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىك ساھەسىنى ئىلكىگە كىرگۈزۈپتۇ. لېكىن، ماڭا ئازراق ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغاندەك بىلىندى. ئەگەر ئەينى چاغدا ئۇ تېخىمۇ چوڭراق ئىشلارنى ئويلىغان بولسا، بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمىدا ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنى بولۇپ قالار ئىدى.

مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىسپاتلانغان شۇنداق بىر نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز: بىر ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تۇرمۇش، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئاقىۋەتتە ئاساسەن دېگۈدەك شۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا ئايلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىلەر مەن ھېچ نەرسىنى ئويلىمايمەن دېيىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ھاياتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى ئويلىمىغان ئادەم ۋە ئىشلار

سەۋەبىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇ كېچە ئۆزۈم يالغۇز تورخانىغا قايتىش يولىدا، يول چىرىغى پەيدا قىلغان سايەمنىڭ بىر ئۇزىراپ، بىر قىسقىرىشىغا قاراپ ماڭدىم. زىخلىق يېمەكلىك ساتىدىغان تاغىمىز بىلەن قىلىشقان گەپلەر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ياشلىقىمنى تورخانىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئويۇن ئويناش، مەۋھۇم دۇنيادا باتۇرلۇق ۋە نەتىجە تۇيغۇسى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزۈشىم كېرەكمۇ؟ ياق. مەن ئېرىشمەكچى بولغان كەلگۈسى تۈن قاراڭغۇسىدىكى تورخانىدا مەۋھۇم دۇنيانىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىش ئەمەس، بەلكى پايتەختنىڭ پارلاق قۇياشى ئاستىدا ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك نۇرىنى تارتىش.

ھەربىر ئادەم ئۆزى ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ جەريان ئاساسەن مۇنداق ئىككى قەدەم بىلەن تاماملىنىدۇ: بىرىنچى قەدەم، ئۆزى ئارزۇ قىلغان كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەم، تىرىشچانلىق ئارقىلىق، شۇنداق تۇرمۇشقا رېئاللىقتا ئېرىشىش.

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىممۇ، زىخلىق يېمەكلىك ساتقۇچى تاغىمىزمۇ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدا شۇنچە چوڭ پەرق بولۇشىدىكى سەۋەب ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان كەلگۈسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا.

ھازىر، كۆزىڭىزنى ئاستا يۇمۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىڭ: خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن تولغان چىغىر يولدا كېتىۋاتىسىز، مەيىن شامال يۈزلىرىڭىزنى سىيپاپ ئۆتۈۋاتىدۇ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئالدىڭىزدا چىرايلىق بىر قەلئە كۆرۈندى. قەلئەنىڭ ئالدىغا باردىڭىز، ئىشىكى تاقالمىغانىدى. ئىشىكنى بوش ئىتتىرىپ، ئىچىگە كىردىڭىز.



گەرچە سىز شۇنچە تىرىشقان بولسىڭىزمۇ، ۋاقىت ۋە ھېسسىيات جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالمىسىڭىز، باشقىلارغا ھەقىقىي كېرەكلىك نەرسىنى بېرەلمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە سەۋەنلىك يەنىلا سىزدە بولىدۇ.







كىشىلىك ھايات دولقۇنلىرىدا، بەلكىم بىز ئاسانلا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز ياكى دولقۇنغا ئەگىشىپ كېتىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ھاياتتا غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۆزىمىزگە خاس بولغان نىشان ۋە يۆنىلىشىمىز بولۇشى، جۇملىدىن كۆڭلىمىزنى توختاتقان ھالدا ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن ئادەملەر بىر قەدەم قالغاندا ۋاز كېچىپ كېتىدۇ، زۇلمەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىققان كىشىلەرلا ئاخىرقى ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.





ئەگەر ۋاقىت خاتىرىلەنمىسە، تۇرمۇش يۈز بەرمىگەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر قۇياش نۇرى دەرەخ ياپراقلىرىغا چۈشۈپ تۇرمىسا، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى قالمايدۇ.



سىز تۇرمۇشنىڭ مەيلى قانداق خۇشاللىق ياكى ئازابلىرىنى باشتىن كەچۈرمەڭ، بۇ دۇنيادا سىز ھەرگىز تەنھا ئەمەس.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلار مۇھىم، ئەمما تەخىرسىز بولمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ھەققىي ئۇتۇق قازانغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ.







مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، ئەتراپىمدىكى پەرۋاسىزلىق ۋە شەپقەتسىزلىك مېنىڭ تەسىرىمدىن ئەمدى مەۋجۇت بولمىسا، مەن ئۇچراتقان كىشىلەردە، مەن كۆرگەن ئىشلاردا، مېنىڭ تۈرتكەم ۋەجىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ياخشىلىنىش بولسىلا مەن ئالەمچە خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىچى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئىچكىرىسىدە يەنە بىر كىچىك ئىشىكنى كۆردىڭىز. بۇ ئىشىكنىڭ كەينىدىكىسى دەل ئون يىلدىن كېيىنكى ئۆزىڭىز. قەدەملىرىڭىزنى توختىتىپ، ئۈچ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئالدىڭىز، ئۆزىڭىزگە تەييارلىقنىڭ پۈتتىمۇ دېدىڭىز. بىر، ئىككى، ئۈچ، ئىشىكنى ئېچىڭ. سەپسېلىپ قاراڭ، بۇ چاغدىكى سىز نەدە، ئەتراپىڭىزدا نېمىلەر، كىملەر بار؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ كەيپىياتىڭىز قانداق؟ سەپسېلىپ قاراڭ، زەن سېلىپ ئاڭلاڭ، ھېس قىلىڭ...

خوش، ئون يىل كېيىنكى ئۆزىمىزنى كۆردۇق. ئەمدى ھېلىقى كىچىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم بېرىڭ، ئىشىكنى ئېچىڭ. كۆزىڭىزنىمۇ ئېچىڭ. تېخى بايىلا كۆرگەن ئون يىلدىن كېيىنكى ئۆزىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئېھتىمال ئۇ دەل سىز ئارزۇ قىلغان كەلگۈسى بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال بىرىنچى قېتىمدا ئانچە ئېنىق كۆرەلمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. تاكى كەلگۈسىدىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىڭىزدا ئېنىق، سۈزۈك، كونكرېت پەيدا بولغانغا قەدەر بۇ جەرياننى توختىماي تەكرارلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ مەنزىرە بارغانچە تولۇقلىنىدۇ، سىزگە بارغانچە تونۇش مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئاخىردا نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن، بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاپ، ھەربىر كۈنلۈك تۇرمۇشىڭىزنى قايتىدىن باشلاڭ. ئاشۇ مەنزىرە كەلگۈسىدە چوقۇم رېئال تۇرمۇشىڭىزغا ئايلىنىدۇ.

ھازىر، قەلبىڭىزنى تىنچلاندۇرۇپ، كەلگۈسىڭىزنى ئويدانىراق تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۇنى تۇرمۇشىڭىزغا ئېلىپ كىرگۈدەك، ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغۇدەك جاسارىتىڭىز بارمۇ؟

# خىزمەت ئىزدىگۈچىلەردىكى ئىقتىدارنى بايقاش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مېنى بىرقەدەر ياخشى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلگەن ۋاقتىمدا مەڭزىمدە زىناق پەيدا بولۇپ، بوۋاق بالىلاردەك ئوماقلىشىپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئەر كىشى بولغاندىكىن سۆرلۈك، سالاپەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەممىسى مېنىڭ ئاشۇنداق ئوماق ھالىتىمگە ئامراق ئىكەن.

يەنە شۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەن قاپىقىمنى تۈرۈۋالغان چاغدا، ئەزەلدىن سەت بۇ چىرايىم ئادەمنى قورقۇتقۇدەك، ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگۈدەك، غەزىپىنى قوزغىغۇدەك بولۇپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا «ئىككى يۈزلۈك پالۋان»، «تۆمۈر قورچاق»، «ئۈنىۋېرسال خاراكتېرلىك مىجەز بىمارى» دېگەندەك لەقەملىرىم تارالغان. «يېڭى شەرق»نىڭ ئىمتىھان ئالغۇچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ چىرايىمدا ئىپادىلەنگەن ھەر خىل چىراي ئىپادىلىرى مىڭدىن ئارتۇق خىزمەت ئىزدىگۈچىدىن يۈزتۈرا ئىمتىھان ئېلىش جەريانىدا پەيدا بولغان دېسەممۇ بولىدۇ. خىزمەت ئىزدەپ كەلگۈچىلەر ئىچىدە خارۋارد ئۈنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، ۋاقىتلىق دەرس ئۆتۈپ تۇرۇش مەقسىتىدە كەلگەنلەرمۇ، كولۇمبىيە ئۈنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن سەرخىللارمۇ بار. مەنمۇ

ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەي، ئىمتىھان بەرگۈچىگە ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن باھا بېرىشكە تىرىشىمەن.

ئىمتىھان جەريانىدا سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىۋېلىشتا مېنىڭمۇ ئۆيلىغانلىرىم بار، بۇمۇ بىر خىل ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى، يەنى ئىمتىھان بەرگۈچىنى بېسىم ئىچىدە سىناش. تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان خىزمەت ئىزدەش پىروگراممىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئەسلىدە شارائىتى شۇنداق ياخشى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقان بەزى خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ئىمتىھان ئالغۇچىلارنىڭ «قىينىشى» ئاستىدا، ئەسلىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھۇجۇملار ئالدىدا، بىر بولسا، كەمچىلىكلىرىنى توختىماي ئېتىراپ قىلىشقا باشلايدۇ، يەنە بىر بولسا، ئاچچىقلاش ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، غۇرۇرىنى قوغدىماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، زېرىكمەي، تېرىكمەي، ئۆزىنى تەمكىن تۇتقانلارلا كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىر ئادەم بېسىم ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئاشكارىلايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئېغىر بېسىمغا قارشى تۇرالايدىغان ياكى تۇرالمايدىغانلىقىغا قاراپ، خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن قانچىلىك نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا، قاچانغىچە بىللە ماڭالايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

مەن «غەلىتە گەپلەر» ناملىق «كەسكىن مۇنازىرە پىروگراممىسى» غا قاتنىشىپ باققان. بۇ پىروگراممىا «غەلىتىلىك» كە تولغان. مەن بىر ئىمتىھان ئالغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئويلاپمۇ باقمىغان غەلىتە ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، دۇنيانىڭ «ھەر خىللىقى» نى تېخىمۇ



www.uyghurkitap.com

ياخشى چۈشىنىش پۈرسىتىگە ئېرىشتىم دەپ ئويلايمەن.

بىرىنچى تۈردىكىلەر «غەلىتە تەرجىمىھال» يازىدىغانلار. ھەرقانچە شانلىق كەچۈرمىشلىرىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، A4 چوڭلۇقتىكى بىر ۋاراق قەغەزگە پاتىدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇتۇقلىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا تاللاپ يېزىش كېرەك. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ئىنستىتۇتىنىڭ قېلىپى ئىلگىرى نېمە ئىشلارنى قىلىپ باققانلىقىڭىزنى نامايان قىلىپ بېرىشكە بەكرەك ماس كېلىدۇ. مىسال كەلتۈرگەن چاغدا، كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك، مۇجمەل گەپلەرنى قىلماسلىق كېرەك. مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالىغا كەلگەندە، «يەنە بىر بوتۇلكا» تۈرىدىكى ۋە كىچىك ۋاقىتىڭىزدا «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولغانلىقىڭىزغا ئوخشاش تۈرلەر ئىمتىھان ئالغۇچىدا ھېچقانداق ياخشى تەسىر قالدۇرالمايدۇ.

تەرجىمىھالدىكى ئەڭ ئەھمىيەتسىز بىر تۈر ئۆز - ئۆزىگە باھا بېرىدىغان كاتەكچە. بىر ئېغىزلا گەپ، چۈنكى ئاساسەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى يامان دېمەيدۇ، بۇ خۇددى ئەڭ زور كەمچىلىكىڭىز نېمە دەپ سورىسا، زىيادە مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ كېتىدىغانلىقىم دەپ جاۋاب بەرگەنگە ئوخشايدۇ. نۇرغۇن خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ئۆزىنى ئەۋلىيالاردەك كۆرسىتىۋېتىدۇ: ئاجايىپ قالتىس تەشكىللەش ئىقتىدارىغىمۇ، ئاجايىپ كۈچلۈك شەخسىي ئىقتىدارغىمۇ ئىگە بولىدۇ؛ ھەم ئىتتىپاقلىشالايدۇ ھەم مۇستەقىل ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى بولىدۇ؛ ئاسماندا ئۇچۇشتىن تارتىپ، يەردە ئۆمىلەشكىچە قىلالمايدىغان ئىشى يوق، ئۆزىنى ۋەتەنگە قەسىدە ئوقۇغاندىنمۇ ئارتۇق مەدھىيىلىۋېتىدۇ. ھەر قېتىم ئۆزىنى شۇنداق ماختايدىغان ئادەملەرگە يولۇققان چاغدا،

رەسىمنى كومپيۇتېردا ئۆزگەرتىپ ئەۋەتكەن قىز بالىنىڭ ئەسلىي چىرايىنى كۆرگەن چاغدىكىدەك جىلە بولۇپ كېتىمەن.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر «پۈكلىنىپ» يېلىنغۇدەك بولۇپ كېتىدىغانلار. نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەيدۇ، ھەرقانداق شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلالايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا بىر تال شام بېرىشكە ماقۇل بولسىڭىزلا. سىزگە چەكسىز نۇر ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بۇرۇنقى شىركەتتىن نېمىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سورىسىڭىز، ھەممە گۇناھنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدۇ. ئۆزىگە زەررىچە چاڭ قوندۇرمايدۇ. باشتا ئاجايىپ كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىڭىزغا ئېرىشىۋېلىپ، ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، كونا خۇيى قوزغىلىدۇ، كوللېكتىپقا ماسلاشقىلى پەقەتلا ئۇنىمايدۇ. ئەڭ ئەقەللىي غۇرۇرىدىن ۋاز كەچكەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ئەيمىنىش، ھېيىقىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ھەرقانداق بىر شىركەتنىڭ يۈزتۇرانە ئىمتىھاندا شاللىنىپ كېتىدۇ.

بۇ تۈردىكىلەرنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان يەنە بىر تۈردىكىلەرمۇ بار، ئۇلارنى «غەلىتە ئېشىۋالغۇچىلار» دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ تۈردىكى «مەلىكە»، «شاھزادە» لەرمۇ خىزمەت مەيدانىدا ئاساسەن قارشى ئېلىنمايدۇ.

مەن بىر قېتىم چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن، ھېچقانداق خىزمەت تەجرىبىسى يوق بىر قىز بالىدىن يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالدىم. ئۇنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن چاغدىكى قىياپىتى خەلقئارا دەرىجىلىك مودېللاردىن قېلىشمايتتى. مەن گەرچە داڭلىق ماركىلارنى ئانچە بىلىپ كەتمىسەممۇ، بىر قاراپلا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان ماركىلارنىڭ

بەلگىسىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردۇم. ئۇنىڭ كېيىم - كېچەكلىرىدىكى ماركىلارنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ياسىنىۋالغىنىغا قاراپ، مۇمكىن بولسا بۇ ماركىلارنى يۇزىگىلا يېزىۋالاتتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز. مەن ھەرھالدا ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بۇ قېتىملىق يۇزتۇرانە ئىمتىھانغا كۆچلۈك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئىمتىھان ئالغۇچىدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىپ تۇردۇم.

ئەمما ئۇ ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا، قەلبىمدىكى ئاخىرقى بىر پارچە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ كۆلگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان قىياپەتتە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئارىلاشىپ كەتكەن شالغۇت بىر تىلدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ گويا مېنىڭ خىزمىتىمنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەن «ئايال پادىشاھ» تەك. مەن ھەتتا ئىككىمىزنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇپمۇ قالدىم. ئىمتىھان ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن چاغدا، ئۇ بىزنى ئالدىراتقىلى تۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ «كۆزدىن كەچۈرۈپ كېتىشى»نى ساقلاپ تۇرغان يەنە بىر يۇزتۇرانە ئىمتىھان بار ئىكەن. بىزمۇ «ئۆزىمىزنى بىلىپ»، بۇ «ئايال پادىشاھ» قا ئۇتۇق تىلەپ، دەرھال ئۇزىتىپ قويدۇق.

يېقىنقىدىن بېرى شۇنداق ئەلپازدا ئىمتىھان بەرگىلى كېلىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

مەن يۇزتۇرانە ئىمتىھان ئالغان چاغدا، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال سەۋىيەسىنى سىناش ئۈچۈن، «ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىڭىزدىن نېمىشقا ئايرىلغانىدىڭىز» دېگەن سوئالنى سورايمەن. بۇ سوئالغا بەزىلەر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاغزىم بار دەپ دەۋىرىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئىلگىرىكى شىركەتتىكى باشلىقىدىن،

خىزمەتداشلىرىدىن قاقشاپ بېرىدۇ، ھەتتا ھاجەتخانىنى تازىلايدىغان ئايالنىمۇ تىللاپ بېرىشتىن يانمايدۇ. بۇنداق جاۋاب ئىمتىھان ئالغۇچىدا ئەڭ پاسسىپ تەسىر قالدۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەم يەنە 5 ~ 6 ئايدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىملىق يۈزتۇرانە ئىمتىھاندا بىزنى ئۇلارغا تىللاپ بېرىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ خىلدىكى ھاكاۋۇر خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى ھېچقانداق شىركەت قوبۇل قىلمايدۇ. يەنە بەزىلەر بۇنىڭ ئادەمنى پۇتلايدىغان سوئال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مۇجمەل گەپلەرنى قىلىپ، ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەيدۇ. لېكىن بۇنداق قىلسا، تازا سەمىمىي ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ سوئالنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى ياكى ئەڭ ياخشى جاۋابى بارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە يوق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسام، مۇنداق جاۋاب بەرگەن بولاتتىم: ئىلگىرىكى شىركەتنىڭ نىشانى بىلەن مېنىڭ ئارزۇ - غايىلىرىمدە پەرق مەۋجۇت بولۇپ قالدى. بۇ خۇددى بىرى بىلەن بىر مەھەل قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ، ئاخىردا ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بايقاپ، چىرايلىق ئايرىلىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش. بۇ يەردە مېنىڭ توغرا، ئۇنىڭ خاتا دېيىدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس.

بۇ سوئالنىڭ مەقسىتى سىزنىڭ پىسخىكىڭىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكىنى سىناش. بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىڭىزدا ھەرقانچە كۆڭۈلسىز ئىشلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى چۈشۈرسىڭىز، بىراقلا يۈز ئۆرۈسىڭىز توغرا بولمايدۇ.

«ئەگەر سىزنىڭ باشلىقىڭىزغا پىكرىڭىز بولسا، ئۇ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى يەنىلا ئەستايىدىللىق بىلەن

ئورۇندامسىز؟» ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچىنى سىناش ئۈچۈن، دائىم مۇشۇ سوئالنى سورايمەن. ئىجرا قىلىش كۈچى مەن ئەڭ مۇھىم بىلىدىغان بىر تۈرلۈك كەسپىي ساپا.

خىزمەتتە، يۈز پىرسەنتلىك ئىجرا قىلىش كۈچى رىقابەت كۈچى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ كاپىتالى. ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولماسلىق ياكى نەزىرى ئۈستۈن ھالى بوش بولۇپ قېلىش يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەن كۆپ قىسىم كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان مەسىلە. مەن ئىلگىرى مۇنداق بىر تۈردىكى خىزمەتچىلەرنى كۆرگەن: ئۇلار يۈزتۇرانە ئىمتىھاندا شۇنداق ئوڭلۇق، قانداق سوئال سورىسىڭىز ئويلىغان يېرىڭىزدىن جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن ئەمەلىي خىزمەتكە چۈشكەن چاغدا، باشلىقنىڭ قارارىغا قارشى چىقىشقا ياكى ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارنى تەكىتلەپ تۇرۇۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. خىزمەتچىلەر پىكىر بەرسە بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما باشلىق بولغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنچە كالتىپەم ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. پەقەت، ئۇلار قارار چىقارغان چاغدا، ھەرقېتىم سىزگە چۈشەنچە بېرىپ ئولتۇرۇشى ھاجەتسىز.

«گارسىياغا يېزىلغان خەت» ناملىق ئەسەردە، باشلىق ياش بىر ئوفىتسېرغا بىر پارچە خەتنى گارسىياغا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ، ئەمما ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمەيدۇ، گارسىيانىڭ كىملىكىنىمۇ دەپ بەرمەيدۇ. ياش ئوفىتسېر مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ. ئاخىردا بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنچە مۇھىم ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. ياش ئوفىتسېرنىڭ شەرتسىز ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ئۇنى تېخىمۇ كەڭ

www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىش بوشلۇقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

خىزمەتتىكى ئىككىنچى مۇھىم ساپا ئالاقە ئىقتىدارى.

ئىلگىرى يېڭى ئىشقا چۈشكەن خىزمەتداشلىرىم ماڭا دەرس تەييارلاشنىڭ يىگنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك جاپالىق جەريان ئىكەنلىكى توغرىسىدا ۋايساپ بەرگەن. بىر مىنۇتتا 120 ئېغىز گەپ قىلىدۇ دەپ قارىغاندا، بىر سائەتلىك دەرس ئۈچۈن 8000 خەتكە يېقىن دەرس تەييارلىقى يېزىش كېرەك. يېڭى ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئاز دېگەندە 20 سائەتلىك دەرس تەييارلىقى يېزىشى لازىم. خەنزۇچە خەت سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، 160 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولىدۇ، ئادەتتە ئىككى ئاي يازىدۇ، بۇ جەرياندا يەنە ھەر كۈنى قايتا ـ قايتا تۈزىتىدۇ. بۇ ئىشتا خىزمەت مىقدارى ھەقىقەتەن كۆپ، لېكىن بۇنىڭ ياخشى ئامالى يوقمۇ ئەمەس، بۇرۇنقىلار مېڭىپ بولغان ئەگرى يولنى يەنە مېڭىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. يېڭى ئىشقا چۈشكەنلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم سوراشنى بىلىشى كېرەك؛ دەرس تەييارلاشتا نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغاندا، خىزمەتداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسا، باشلىقلىرىدىن ياردەم سورىسا بولىدۇ. ھېچكىم بىلەن كارى بولماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالسىمۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالىدۇ.

مەن مۇھىم دەپ بىلىدىغان ئۈچىنچى ساپا ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى بىلىش ئىقتىدارى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىدۇر. بىر ئادەم ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى بايقىيالىغاندىلا، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالغا باسالايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلاپ، مەندە خاتالىق يوق، ھەممىسى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى دەيدىغان پوزىتسىيەدە بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاساسەن ماڭسا ـ ماڭسا قىرىدىن

ئاشالمايدۇ.

بىر قېتىم خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن L مۇئەللىمدىن ئىمتىھان ئېلىپ قالدىم. باشقىلار دەپ بەرمىگەن بولسا، ئۇنى ئوغۇل بالا دەپ قالار ئىكەنمەن. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىغانىدى.

ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىشتا، بىرىنچى مەيدان يېزىقچە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇچ مەيدان يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. ئىككىنچى مەيدانىدا سىناق دەرس ئۆتۈلىدۇ. ئۇ سىناق دەرسنى ئانچە ياخشى ئۆتەلمىدى. ئەمما، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭدىن بىر پارچە ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە دەرس ئۆتكەن چاغدا ئۆزى كەتكۈزۈپ قويغان نۇقتىلارنى تەپسىلىي ئانالىز قىلغاندىن باشقا، ئۆزىدىن باشقا 49 ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىر - بىردىن خاتىرىلەپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ئىمتىھان ئالغان نەچچە يۈز ئادەم ئىچىدە ھېچكىم بۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى.

گەرچە ئۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر بىرى بولمىسىمۇ، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزىتىش روھىدىن ئۇنىڭدىكى تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر قېتىم پۇرسەت بەردىم.

ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ھەر ھەپتىدە ماڭا ئاكتىپلىق بىلەن شۇ بىر ھەپتىلىك خىزمەت تەسىرىنى يەكۈنلەپ ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر پارچە خېتىدىن تەدرىجىي ئالغا بېسىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ يىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشتا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەڭ يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان، رەھبەرلەر ئېتىراپ قىلغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىغا ئايلاندى.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئاساسىي ئىقتىدارىنى تەرجىمىھالىدىن كۆرۈۋالغىلى بولسا، ئۇ ھالدا يۈزتۇرانە ئىمتىھان كۆرگىلى بولمايدىغان قىسمىنى ئىسپاتلاش جەريانىدۇر.

# ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش

چەت ئەلنىڭ كۆپ قىسىم داڭلىق كارخانىلىرى شۇ كارخانىنى قۇرغۇچى كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، مەسىلەن، دېسنىي، «HP»... دېگەندەك.

بۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر ھەقىقەت شۇكى، كارخانا دەل كارخانا قۇرغۇچىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايانداسى. كارخانىمۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، مەھسۇلات لايىھەلەش بۆلۈمى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى، سېتىش بۆلۈمى، ئارقا سەپ - مۇلازىمەت بۆلۈمى دېگەندەك ھەرقايسى بۆلۈملەردىن تەركىب تاپىدۇ. شىركەتتە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، غوجايىن دەرھال قايسى بۆلۈمدە مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى، مەھسۇلات لايىھەلەش بۆلۈمى لايىھەلىگەن مەھسۇلات ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەي قېلىپ، پۈتۈن شىركەت تەسىرگە ئۇچرىدىمۇ ياكى سېتىش ھالقىسىدىن چاتاق چىقتىمۇ... دەرھال تەكشۈرىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئالغا بېسىشىدا كەسپىي بىلىم، خىزمەت ماھارىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار رول ئوينايدۇ. ئەگەر خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، خۇددى بىر شىركەتكە ئوخشاش، مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىشى كېرەك.

بۇ ئىشلارنى دەپ كەلسەم خىجالەت بولىمەن، ھازىرغا كەلگۈچە مەن پەقەت «يېڭى شەرق»تىن ئىبارەت مۇشۇ بىرلا

www.uyghurkitap.com

شىركەتتە ئىشلەپ باققان بولساممۇ، ئىككى قېتىم ئىشتىن ھەيدىلىش تارىخىنى باشتىن كەچۈردۈم. گۆدەكلىكىمدىن قىلىپ قويغان ئاشۇ كۆلكىلىك ئىشلىرىمنى ئويلىسام، ھازىرمۇ يۈزۈم قىزىرىدۇ.

2008 - يىلى، «يېڭى شەرق»تە ئۈچ ئايغا سوزۇلغان ناھايىتى جاپالىق تەربىيەلىنىشنى تاماملىدىم. لېكىن، قوبۇل قىلىنغانلار تىزىملىكىدە مېنىڭ ئىسمىم چىقمىدى. شۇ چاغدا خۇددى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا قىزلارغا قايتا - قايتا تەلەپ قويۇپ، ھەرقېتىم ئېچىنىشلىق رەت قىلىنىپ، ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلگەن بىچارە بالىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم.

2009 - يىلى، يېڭىلىگىنىمگە تەن بەرمەي، قايتا جەڭگە ئاتلاندىم. يازلىق تەتىلدە، ئاخىر «يېڭى شەرق»تە تۇنجى قېتىم دەرس ئۆتۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. كەپسىز بالىلارغا دەرس ئۆتۈش ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ئەمما قىلچە ئىنكاس قايتۇرماي، بۇتتەك ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش تېخىمۇ تەس ئىدى. بىز بۇنداق سىنىپنى «ئۆلۈكلەر سىنىپى» دەپ قوياتتۇق. سىز كۈچەپ پېشانىڭىزدىن تەر چىقىپ، ئاۋازلىرىڭىز پۈتۈپ كەتسىمۇ، مەنسىتمەسلىك، كۆزگە ئىلماسلىق، پۇشايمان، ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن مۆرەككەپ چىراي ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، بۇتتەك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا، ئۆزىڭىزنىڭ بەكلا ئىقتىدارسىزلىقىنى ھېس قىلماي قالمايسىز. بۇنداق چاغلاردا «بولدىلا» دەۋەتكۈڭىز، ۋاز كېچىپ كەتكۈڭىز كېلىدۇ، لېكىن تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاڭلىغان ئىزا - ئاھانەتلەرنى ئەسكە ئېلىپ، بۇنچىلىك ئىش نېمىتى دەپ ئويلايسىز.

ھېلىمۇ ياخشى، قىسقا مەزگىللىك چۈشىنىشتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن شۇنداق چىقىشىپ كەتتىمكى، ھەرقېتىم دەرس تۈگىگەندە، ئۇلار چاۋاك چېلىپ، ماڭا رەھمەت ئېيتىدىغان بولۇپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا يەنە ئەخمەقلىقىم تۇتتى. چۈشتە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە تاماق يېگەندە، مەن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ، «بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بەك قالتىس، مەن ئۈچۈن چاۋاك چېلىپ، رەھمەت، رەھمەت دېيىشىپ كېتىدۇ، سىلەرنىڭ سىنىپمۇ شۇنداقمۇ؟ ئوقۇغۇچى دېگەن بەك ئوماق بولىدىكەن، مەن بۇ پىروگراممىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم» دەپ ماختىنىپ كېتەتتىم.

ئەينى چاغدا مەن پەقەت خۇشاللىقىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشنىلا ئويلىغانىدىم. ئەمما، بۇ قىلىقىمنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئەخمەقانىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. تېخىمۇ چاتاق يېرى، باشقا سىنىپتىكى باللار ئوقۇتقۇچىغا ئۇنچە ماسلىشىپ بەرمىگەن، ھەتتا بەزى سىنىپلار «ئۆلۈكلەر سىنىپى» غا ئوخشاپ قالغانىكەن.

ئىككى قارار دەرس ئۆتكەنىدىن كېيىن، ئۇنچە كۆپ ئوقۇتقۇچىغا ئېھتىياج قالمىغان چاغدا، شەرەپ بىلەن ئىشتىن قالدۇرۇلدۇم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسى شۇنچە يۇقىرى تۇرسىمۇ، «ئەلى، ئۆيگە كەتسەڭ بولىدۇ» دېيىشىنى ئويلىمىغانىدىم.

يەنە بىر قېتىم ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقتى. بىرىنچى قېتىم تەربىيەلەشتە لاياقەتلىك بولالمىغىنىمنى بىرىنچى قېتىملىق ئىشتىن ھەيدىلىش دەپ قارىغاندا، بۇ ئىككىنچى قېتىملىقى بولدى. پەقەتلا كاللامدىن ئۆتمىدى، زادى نېمىنى خاتا قىلغىنىمنى ھەرقانچە ئويلىساممۇ تاپالمىدىم. مەن

www.uyghurkitap.com

ھەتتا ئىشتىن ھەيدىلىشىمنى باشلىقىمنىڭ لۈڭگىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، دەرھال بېرىپ، «باشلىق، لۈڭگىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي» دېدىم. باشلىق بىر ھازاغىچە جىمىت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى، لېكىن قۇلىقىمغا ھېچ نەرسە كىرمىدى. كۆڭلۈمدە «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، بۇ ئەجەبا ئىقتىدارغا تايىنىدىغان جەمئىيەت ئەمەسمۇ، مۇناسىۋەتكە تايانمايمىز دېيىشمىگەنمۇ، مەن ‹يېڭى شەرق›كە پاك ياشاش ئۈچۈن كەلمىدىممۇ» دېگەنلەرنىلا ئويلايتتىم.

مەن بۇ چاغدا ئۆزۈمدىن ئىبارەت بۇ «كارخانا» دىن چاتاق چىققانلىقىنى بىلسەممۇ، چاتاقنىڭ زادى نەدىن چىققانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئادەم ئۆزىنىڭ تومۇرىنى ئۆزى تۇتۇپ، كېسىلىنى ئاسانلىقچە تاپالمايدۇ. بەزىدە ئۆزىنى بىسۇۋېلىپ، جىمىت ئويلىنىش ئارقىلىق سەۋەبنى تاپقىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىلا، مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق بايقىغىلى بولىدۇ.

باشلىق بىلىدۇ، خىزمەتداشلار بىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىنى خالاپ كېتىشى ناتايىن.

مەن قارىماققا ئەخمىقانىلىكتەك بىلىنىدىغان، ئەمما تولىمۇ زۆرۈر بولغان بىر ئىشنى قىلدىم، يەنى، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بىرمۇ بىر تېلېفون قىلىپ، ماڭا قانداق قارايدىغانلىقى، قانداق پىكرى بارلىقىنى سورىدىم. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە كاللىسى ئانچە ئىشلەپ كەتمەيدىغان، پىسخىكىسى ئاجىز ئادەملەرنىڭ قىلمىدىغان ئىشى. چۈنكى دوستىڭىزغا تېلېفون قىلىپ، «ماڭا دەپ

بىرىگە، مېنىڭ نەرىمدە مەسىلە بار، قايسى ئىشلىرىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك» دەپ سورىسىڭىز، قارشى تەرەپ يۈزىڭىزنى ئاياپ، چىن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قالدۇرماي دەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، بەزىدە ھەقىقىي دوستىڭىز سىزدىكى مەسىلىنى سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئالغا بېسىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

ئۇ چاغدا دوستلىرىمدىن كېرەكلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم.

خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تەتىل مەزگىلىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ياپونىيە ھەمكارلاشقان خەلقئارالىق ئۆگىنىش ساياھەت تۈرىگە قاتناشتىم. يېڭى مۇھىتتا تېزلا بۇرۇنقى جۇشقۇنلۇقۇمغا قايتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داڭلىق مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىچەكىشىپلا كەتتىم. بىر قېتىم، ئەنگلىيە، ئوكرائىنادىن كەلگەن بىرقانچە دوستۇم بىلەن كەچ سائەت 7 دە يىغىلىپ، كەچلىك تاماق يېيىشكە پۈتۈشۈپ قويدۇق. سائەت 7 دىن 9 غىچە ساقلاپ، قورسىقىمىز كوكىراپ كەتتى، ئىككى چەت ئەللىك بىر چاغدا لەلەڭشىپ كەلدى. ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق جىلە بولۇپ كەتكىنىمىزنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان قىياپەتتە، «نېمانچىلا ئاچچىقلاپ كېتىسىلەر، خۇشال يۈرسەكلا بولمامدىمۇ، ئۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كەتمەڭلار» دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئەسلا تونۇمايۋاتقان ھالىتىگە قاراپ، ئەينى چاغدا باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشىم بىلەن كارىم بولماي، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇنلۇك ماختاپ كەتكەنلىرىمنى ۋە شۇ چاغدىكى ئۆزۈمنى ئەسكە ئالدىم.

ئۆزۈمدىكى مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن،

شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى «ھېكمەتنامە» بولدى.

«ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ يېتىشتىن بۇرۇن، تەدبىر قوللان، مانا بۇ ئاقىلانىلىك».

«باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قانچە پۇلغا يارىساڭ، سەن شۇنچە پۇلغا يارايسەن. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان، مايىلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، تەقدىرلىنىسەن، مۇكاپاتلىنىسەن»

....

ئۆزىچە كەسپىي ئىقتىدارىم ئىنتايىن كۈچلۈك، دەرس ئۆتۈشتە ئوقۇغۇچىلارغا ياقسامىلا، باشقىسىنىڭ كېرىكى يوق دەپ ئويلايدىغان «مەن» نىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك كەمچىلىكلىرىنىڭ بەكلا كۆپلۈكىنى ھەقىقىي تۈردە تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم: ئادەم گەپ قىلماسلىقتا تېگىشلىك يەردە ئاغزىنى يۇمۇشى، مۇۋاپىق سورۇندا مۇۋاپىق گەپنى تاللاپ قىلىشى، ھەر ۋاقىت كەمتەر بولىشى، ھەرقانچە نەتىجە قازىنىپ كەتسىمۇ، ئالدىراپ كۆز - كۆز قىلىپ كەتمەسلىكى لازىم ئىكەن.

كېيىن، «يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ»، يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈردۈم. خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخى شىركەتتىكى ئەڭ ياش ناتىقلا ئايلاندىم. ئەمما، مەنمۇ يولۇقۇپ باققان، ئادەمگە ساۋاق بېرىدىغان مەغلۇبىيەتلەر ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىدە بار بولۇشى مۇمكىن.

خىزمەتتە، ئەقلىي ۋە روھىي سايا بەزىدە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىدىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن.

تېخىمۇ كېيىنرەك، ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرىدىغان ئورۇندا ئىشلىگەن چاغدا، ئەقلىي ۋە روھىي ساپاسى تۆۋەن بەزى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

خىزمەتچىلەرنى ئۈچرىتىپ تۇردۇم. ئۇلار ھەممىشە مەن شۇنچە قابىلىيەتلىك تۇرسام، نېمىشقا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيدۇ، مۇھىم ئورۇنلارغا قويمايدۇ دەپ ئاغرىنىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغىنىم، سەن كەسپىي جەھەتتە ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەمما كوللېكتىپقا ھەقىقىي تۆھپە قوشقۇچىلار كېرەك. باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلار كېرەك ئەمەس. ئۆزۈڭنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئازابلىنىشى بىلەن كارىڭ بولمىسا، خىزمەتتە نەتىجەڭ ئالاھىدە بولغان تەقدىردىمۇ، سەن يەنىلا كوللېكتىپقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتكۈچى بولساڭ، بۇ ھال كوللېكتىپتا يادرولۇق شەخسكە ئايلىنالماسلىقىڭنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ئۆستۈرۈلمەيسەن، ئەكسىچە، ئىشتىن ھەيدەلمىگىنىڭگە خۇش بولساڭ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى قالتىسلىقتا چېكىگە يەتتىم دەپ ئويلىغان، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۆزىڭىزگە ھاماقەت كۆرۈنگەن چاغدا، بەلكىم ئۆزىڭىز ئاشۇ ھاماقەتلەر ئىچىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ھاماقەت بولۇشىڭىز مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

# كەلگۈسىدىكى مەبلەغ سېلىش

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم:

ئەگەر سەندە ئالتە تال ئالما بولسا، بىرنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان بەشىنى باشقىلارغا بەر. باشقىلارغا ئالما بەرگەن چاغدا، ئۇلار قايتۇرامدۇ - يوق بۇنى بىلمەيسەن، ئەمما چوقۇم بەر. چۈنكى باشقىلار سېنىڭ ئالماڭنى يېگەندىن كېيىن، قولىغا ئاپىلسىن كىرگەن چاغدا، ساڭا بىر تال ئاپېلسىن بېرىدۇ. ئاخىردا، سەن ئېرىشكەن مېۋىنىڭ سانى كۆپىيىپ قالمايدۇ، يەنىلا ئالتە تال، لېكىن سەن ھەر خىل مېۋىلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆپ خىللىق جەھەتتە نەتىجە ھەسسىلىنىدۇ. رەڭگى، تەمى ئوخشىمايدىغان ئالتە خىل مېۋە يېيەلەيسەن. تېخىمۇ مۇھىمى، ئالتە ئادەم ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈل ئالماشتۇرۇش پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماددىي بايلىق ئالماشتۇرۇش بولىدۇ.

مەن بۇ ھېكايىنى بەك ياقتۇرىمەن، بۇ ھېكايە بىزگە باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىلىنىشنى بىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، ھەقىقىي مەبلەغ سېلىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ.

كاماندىروپكا مۇناسىۋىتى بىلەن ئايروپىلان ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرغان چاغدا، بەزىدە زېرىكىپ، ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ

قويىمەن. ئۇلارنىڭ مۇقاۋىسىغا كۆپىنچە داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى كىيگەن، ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىغان چىرايلىق قىزلارنىڭ ياكى كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ ئىچكى بەتلىرىدە بولسا، ئېسىل داچىلاردا ئولتۇرۇش، گولف توپ ئويناش، ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەش، ئات مىنىش دېگەندەك ئېلان - تەشۋىقاتلارنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىكى بارلىق مەزمۇن بىرگە شۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ: نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك بىر دانە سومكا ئالالىسىڭىز، نەچچە مىليون يۈەنلىك بىر ماشىنىڭىز بولسا، نەچچە ئون مىليون يۈەنلىك داچىدا ئولتۇرسىڭىزلا، سىز ھاياتلىقنىڭ يەڭگۈچىسىگە ئايلىنىسىز.

نۇرغۇن ئادەملەر ۋاقتى ۋە پۇلىنى ماددىي نەرسىلەرگە سەرپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بەختىنى، خۇشاللىقىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۇستىگە قۇرۇپ چىقىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ باي ياكى كەمبەغەللىكىمىز قوشنىمىزنىڭ بايلىقىغا، بىزنىڭ بەختلىك ياكى ئەمەسلىكىمىزمۇ قوشنىمىزنىڭ بايلىقىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر خىزمەتدىشىمىز يۈز مىڭ يۈەنلىك ماشىنا ھەيدىسە، بىز 150 مىڭ يۈەنلىك ماشىنا ھەيدىسەك، ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز؛ ئەگەر دوستىڭىزنىڭ سومكىسى سىزنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ داڭلىق ماركىلىق بولسا، خۇشال بولالماي قالىمىز.

بەسلىشىش مۇشۇنداق باشلىنىدۇ. سەن «Prada» ئالساڭ، مەن «Cucci» ئالىمەن، شۇنىڭ بىلەن سەن بىرىپ LV دىن بىرنى ئالىسەن، مەن تېخىمۇ داڭلىق ماركىلىقنى ئالىمەن.

www.uyghurkitap.com

بەخت يېنىمىزدىنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر بولساق ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ، بارغانچە يىراقلاپ كېتىمىز. مودا ماللارنى سېتىۋېلىشتا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايمىز ـ يۇ، كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشقا كەلگەندە پىخسىقلىشىپ كېتىمىز. ئۇن نەچچە مىڭ يۈەنلىك كىيىم ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەرنى چىشىمىزنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېلىپ، گۆلقەقەلىرىمىز ئېچىلىپ كېتىدۇ. بىر ئىستاكان قىممەت باھالىق قەھۋەنى ئىككىلەنمەي ئالىمىز ـ يۇ، بىر پارچە كىتاب سېتىۋېلىشقا نەچچە ئون يۈەن خەجلەشكە چىدىماي، ئاخىر تۇردىن يېرىم كۈن ئىزدەپ، ھەقسىز نۇسخىسىنى چۈشۈرۈپ، بىرقانچە بەت ئوقۇپلا، نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئوقۇغۇمىز كەلمەيدۇ.

بۇنداق مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى ھاياتنىڭ قىممىتىنى بارغانچە چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

«يېڭى شەرق»نىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ كىرىمىمنى تۆۋەن دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن ۋاقتىمدا ئانام ئېلىپ بەرگەن توپ ئايغىنى ھازىرغىچە كىيىۋاتىمەن. ئىشلىتىۋاتقىنىم ئاتامدىن قالغان كومپيۇتېر، سەككىز يىل بولدى. ئارىلىقتا ئازراق كاشىلا كۆرۈلگەنىدى، قاتتىق دىسكىسىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، نورمال ئىشلەۋاتىدۇ. كۈندە ئىشلىتىدىغان سومكام بولسا يىغىنغا قاتناشقاندا، ساھىبخان تەرەپ تارقاتقان سوۋغات بۇيۇمى. كىيىدىغىنىم يۈز يۈەنلىك كۆڭلەك، 200 ~ 300 يۈەنلىك كاستۇم. بۇ يىل چاغاندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پىروگراممىسىغا چىقىش ئۈچۈن 1200 يۈەن خەجلەپ بىر يۈرۈش كاستۇم ـ بۇرۇلكا سېتىۋالدىم. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ قىممەت

كاستۇم ـ بۇرۇلكام ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق قىلىشىم ئىھتىمال زىيادە ئىقتىسادچان بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بەزى تەرەپلەردە مەنمۇ ھەرگىز پىخسىقلىق قىلمايمەن.

ئىلمىي، ئۈنۈملۈك چېنىقىش ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە بەش قېتىم چېنىقىش ئۇيگە بېرىپ، ھەرقېتىمدا شەخسىي تىرېنېر تەكلىپ قىلىمەن، سائىتىگە 280 يۈەن، ھەپتىسىگە 5 سائەت. 30 ياشتىن بۇرۇن بەش خىل چەت ئەل تىلىنى ئىگىلەپ بولۇش ئۈچۈن، ئۆتكەن بىر يىلدا ئىسپان تىلى ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدىم، بىرگە بىر دەرس ئۆتىدۇ، بىر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى سائەت، سائىتىگە 300 يۈەن ئوقۇش پۇلى تۆلەيمەن. ئانام بىلەن سىڭلىمنى ساياھەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەيلى نە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بارماقچى بولسىلا قوللايمەن. ھەر يىلى «ئەلى ئىنگلىز تىلى سەھەر سىنىپى»، «كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى»، «بەدەن چېنىقتۇرۇش گۇرۇپپىسى» دېگەن ئوقۇغۇچىلارغا خۇشاللىق بىلەن سوۋغات ئېلىپ بېرىمەن.

ئايال يازغۇچى لى شىنپىن مۇنداق دەيدۇ: ھەر ھەپتىدە مۇزىكانت، ئىنژېنېر، مۇھەررىر، پىروگراممىر قاتارلىق ئوخشىمىغان ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلىشىمەن. چۈنكى بۇ ئادەملەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتىپ ياشاۋاتقان، دۇنيانى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان كىشىلەر، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، روھىيەت دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا كىرىپ، قانغۇچە يۇخادىن چىقىمەن: گويا ئۆزۈم بىر چوققىدا تۇرۇپ، كۆز ئالدىمدا نۇرغۇن چوققىلارنى كۆرگەندەك، ئاجايىپ سەرخىل، رەڭگارەڭ بىر دۇنيانى

ساياھەت قىلىمەن.

مەنمۇ ھەر ھەپتىدە ئوخشاشمىغان ساھەدىكى ئۈچ دوستۇمنى تاماققا تەكلىپ قىلىمەن. ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلايمەن، ئۇلارنىڭ ساھەسىدىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولىمەن، ئۆزۈم بىلمەيدىغان بەزى مەسىلىلەرنى سورايمەن. بىر قېتىملىق داستىخان سۆھبىتى ئارقىلىق، تەپەككۇرۇمنى غىدىقلاپ، كاللامدا نۇرغۇن يېڭى پىكىرلەر ئويغىنىدۇ. مېنىڭ «يۇداۋ لۇغىتى»، «زۇلمەت بۇزار پالۋان 3» لار بىلەن بولغان ھەمكارلىشىشىممۇ مۇشۇ ئارقىلىق كەلگەن. بۇ دەل مېنىڭ مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلۇم.

مەن ماددىيلىققا قارشى تۇرۇش تەرەپدارىمۇ ئەمەس. «ۋالدېن كۆلى» دە ئېيتىلغىنىدەك، ماددىي شارائىتنى ئۆزگەرتىشنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ بۈيۈك نىشان، ھەتتا بىردىنبىر نىشان قىلىۋېلىش خاھىشى: «مەن چىرايلىق گىلەم ياكى باشقا ئېسىل ئۆي جاھازلىرىغا، مەززىلىك تائاملارغا ۋە ياكى يۇنانچە، گودچە ئۆي - ئىمارەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەملەر بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشىگە قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەيمەن».

ئەڭ ياخشى مەبلەغ سېلىش ئۆزىگە مەبلەغ سېلىش، ئەڭ ئاقىلانە مەبلەغ سېلىش كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشتۇر.

مېنىڭ بىر دوستۇم تۆت يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئازراق ئىقتىساد يىغقانىدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ پۇل بىلەن ھەر يىلى چەت ئەللەرنى ساياھەت قىلسا بولاتتى. ئىچىمۇ كۆپ داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى، زىبۇ - زىننەتلەرنى

سىتىۋالسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ دەسلەپكى پۇلىنى تۆلەپ، بىر ئۆي سېتىۋاپتۇ.

«بۇنداق قىلساڭ تۇرمۇش سۈپىتىڭ چۈشۈپ كېتەمەمدۇ، تۇرمۇشتىن ھوزۇر ئالالمايلا قالماي، ئۆزۈڭگە سالىدىغان مەبلەغمۇ ئازلاپ كېتەمەمدۇ» دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا مۇنداق ھېساب قىلىپ بەردى: «بىرىنچىدىن، ھەر ئايدا بانكىغا تۆلەيدىغان پۇل ئايلىق كىرىمىمنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ. ھەر كۈنى ئىشقا بارغۇچە بىر ئىستاكان COSTA قەھۋەسى ئىچىۋالىدىغان ئادىتىمنى تاشلاپ، ئۆيدە قەھۋە دەملەپ ئىچسەم بولىدىكەن؛ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ داڭلىق ماركىلىقلىرىغىلا ئېسىلىۋالماي، سۈپىتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرسەم، بۇ ئىككى ئىش ئارقىلىق تېجەپ قالغان پۇل بانكىغا تۆلەيدىغان پۇلنى تاپشۇرۇشقا تامامەن يېتىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇش سۈپىتىم چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى بىلىمەن، ئەگەر بۇ پۇلنى ئۆي، ماشىنا دېگەندەك چوڭ نەرسىلەرگە خەجلىۋەتمىسەم، يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشاغا خەجلەپ تۈگەپ كېتىدۇ. ئۆي سېتىۋالسام، تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىمگە تۈرتكە بولىدىغان كۈچ پەيدا بولىدۇ، ئاكتىپلىق بىلەن پۇرسەت ئىزدەيدىغان بولىمەن. بۇلتۇر دوستۇم قوشۇمچە قىلىدىغان بىر خىزمەت تونۇشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن كىرىمىم تېخىمۇ كۆپەيدى، ئۆزۈمگە مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارىممۇ كۈچەيدى؛ يوگا مەشىق قىلىش، مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىش، دوستلار بىلەن ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارغا خەجلەيدىغان پۇلۇممۇ بار بولدى.»

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، گېپىنى خۇلاسىلىدى: ئەينى چاغدا ئۆي ئېلىش قارارىغا كەلمىگەن بولسام، تاپقان پۇلۇمنى ئۇدۇللۇق خەجلەپ تۈگەتكەن بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

CHAPTER 3

ئۈچىنچى باب

# يۈكسەكلىككە ئىنتىلىڭ، مۇۋەپپەقىيەت تويۇقسىز ئىزدەپ كېلىدۇ

*نۇرغۇن ئادەملەر بىر قەدەم قالغاندا ۋاز كېچىپ كېتىدۇ، زۇلمەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىققان كىشىلەرلا ئاخىرقى ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.*

# يوشۇرۇن ئىقتىدارمۇ ئەخلەتمۇ؟

فىروئىد بىلەن ھېمىڭۋاي ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مۇزتاغ نەزەرىيەسى» ۋە «مۇزتاغ پىرىنسىپى» نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيە نۇرغۇن ساھەلەردە قوللىنىلدى. ھازىرقى زامان مېڭە ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ، كۆپ قىسىم ئادەملەر چوڭ مېڭىسىنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىدىكەن، يەنە كېلىپ، مۇشۇ ئون پىرسەنتىدىنمۇ تولۇق پايدىلىنىپ بولالمايدىكەن.

«ئەڭ كۈچلۈك چوڭ مېڭە» ناملىق تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىدا ياپونىيەلىك بىر ماھىر تونۇشتۇرۇلغان. بىر كۈنى ئۇ سان - سىفىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر چۈش كۆرگەن، بۇ سان - سىفىرلار دەل چەمبەر تۇراقلىقى ئىكەن. ئۇ لوگىكىغا قىلچە چۈشمەيدىغان بۇ سانلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىدىن قىزىق ھېكايىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 39 يېشىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن چەمبەر تۇراقلىقىنى يادلىغان. كېيىن چەمبەر تۇراقلىقىغا ئاساسەن 700 نەچچە پارچە ھېكايە يېزىپ چىققان، شۇنداقلا، چەمبەر تۇراقلىقىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى 100000 - خانىغىچە يادلاپ بولغان. شۇ سان پىروگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۈچنىڭ نەقەدەر زورلىقىدىن قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ھەيران بولغانىدىم.

ئىنگلىز تىلىدا «discover» دەيدىغان بىر سۆز بار، ئۇيغۇرچە مەنىسى «بايقاش»، «cover» تۇۋاق دېگەن مەنىدە، «dis» ئېچىش دېگەن مەنىدە. يوشۇرۇن كۈچنى بايقاش ئۈچۈن، «تۇۋاق» نى ئېچىش كېرەك.

جارى قىلدۇرۇلمىغان يوشۇرۇن كۈچ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ.

يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە سانسىزلىغان ئادەملەر تېخى چېچەكلىمەي تۇرۇپلا، يوشۇرۇن كۈچ دېگەن بۇ سۆزنىڭ كاساپىتىگە ئۇچراپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئەتراپىمدا «يوشۇرۇن كۈچى زور، ئەمما ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمىغان» ئادەملەر ناھايىتى كۆپ.

ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلاردەك رىۋايەت تۈسى ئالغان بىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ناھىيەسى بويىچە ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، مەھەللىسىدە كۈچلۈك داغدۇغا قوزغىغانىكەن. كىشىلەر قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، خۇددى قەھرىماننى ئۇزىتىپ قويغاندەك ئالاھىدە تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى بېرىپ، ئۇزىتىپ قويغانىكەن. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «ئۆردەك بورداش» تىپىدىكى مائارىپقا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئالىي مەكتەپنىڭ ئەركىن مۇھىتىغا، ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدىغان، ئادەتتە ھېچكىم باشقۇرمايدىغان، ئەمما ئارغامچىنى بىرلا يىغىپ ۋاقتى كەلگەندە رەھىم قىلماستىن «يوقىلىڭ» دەيدىغان تۈزۈمگە ماسلىشالماي قاپتۇ.

ئوقۇش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بېيجىڭ

ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىكى مەنمۇ بىر مەھەل بارغان ھېلىقى تورخانىغا كىرىپ، خۇددى بىر نەرسىدىن ئۈچ ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تور ئويۇنى ئوينىدى؛ تور ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئويناپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى بىلەن قوشۇپ ۋاقتىنى تورخانىغا خەجلەپ بولدى. نەتىجىدە، ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، دەرس تاشلاش قېتىم سانى بەك كۆپ بولغانلىقتىن، مەكتەپتىن ھەيدەلدى. بىز تېخى ئۇنى بېيجىڭ ئۈنىۋېرسىتېتىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى دەپ ئويلىغاندۇق. ئويلىمىغان ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ ئاداش يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئىمتىھان ماتارىيىغا قايتىدىن ماسلىشىپ، دادىسىنىڭ مىختاپ، ئانىسىنىڭ زىخلىشى بىلەن قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ناھىيەنىڭ ئەلىيۇلئەلالىقىنى يەنە بىر قېتىم قولغا كەلتۈرۈپ، بېيجىڭ ئۈنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلدى. بىز تېخى ئۇنى قاتتىق ساۋاق ئالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغاندۇق، ئۇنى «رىۋايەت» دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇ يەردىكى، بۇ ئاداش يەنە ھېلىقى تورخانىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، مەكتەپتىن يەنە بىر قېتىم قوغلاندى.

كىنو - تېلېۋىزورلاردىكى باش قەھرىمانلار ھەرقانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك ئىشلارغا يولۇقسىمۇ ئاسانلىقچە ئۆلمەيدۇ. مەن ئالىي مەكتەپكە چىققان يىلى ئارىمىزدا رىۋايەتكە ئايلانغان بۇ ئوقۇغۇچى ئۈچىنچى قېتىم ئەلىيۇلئەلالىق سالاھىيىتى بىلەن بېيجىڭ ئۈنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا يا قايىل بولۇشنى يا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ، مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇشنى بىلەلمەيلا قالدىم. تۆت يىل ۋاقتىنى ئىمتىھان بېرىپ، قوغلىنىپ، يەنە ئىمتىھان

بېرىپ، يەنە قوغلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئىشتىھان بېرىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىن بىردىن ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ ناھىيەسىدە ئەلسىۋلئەلا بولغانلارغا 100 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىدىكەن. «ھە، ئەسلى مۇنداق ئىكەندە!» بۇ سولتەك ئەسلى خىزمەت تېپىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ! يىللىق مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ يۈەندىن توختايدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ بىر چاقچاق گەپ. ئۇ ئۆزىدە بار قابىلىيەت ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارغا تايىنىپ، ئۆنىڭدىن بەش ھەسسە، ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە، ھەتتا مىڭ ھەسسە ئارتۇق كىرىم يارىتالايتتى. ھالبۇكى، ئالتۇنغا بەرگۈسىز تۆت يىل ۋاقتىنى ئەنە شۇنداقلا ئىسراپ قىلىۋەتتى.

تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشىگە قارايدىغان بولساق، «كۆڭۈلدە ئارمان تولا، قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق» دېگەن بىر كۆرۈنۈشنى بايقايمىز. بۇنداق ئاقىۋەت كۆپىنچە ھاللاردا تۇرتكىلىك كۈچ يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، يوشۇرۇن ئىقتىدار جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقتىن، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان پوزىتسىيەدە بولغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «ئاددىي ئادەمنى بۇيۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغىنى يەنىلا مەجبۇرلىنىش، ئۆزۈڭنى مەجبۇرلىمىساڭ، قانچىلىك مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىڭنى مەڭگۈ بىلمەيسەن». ئامالسىز قالغان چېغىمىزدا كۆپىنچىمىز جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ، چارىسىنى ئىزدەيمىز. مانا بۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ھالەتكە يېتەلەيدىغانلىقىدىكى سەۋەب؛ بۇ چاغدا ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىن تارتىپ، جۇغراپىيە ئىلمىگىچە ھەممىنى ئۆگىنەلەيمىز. نېمىلا ئۆگەنسەك نەتىجىسى شۇنداق

ياخشى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپكە، خىزمەت چىققاندا بولسا، تولۇق ئوتتۇرىدىكىدەك مەجبۇرلايدىغان سىنىپ مەسئۇلىمىز، كۈندە كۆزىمىزگە كىرىۋالىدىغان ئاتا - ئانىمىز يوق، تولۇق ئوتتۇرىدا ئارزۇيۇمىدىكى ئالىي مەكتەپكە چوقۇم ئۆتمىسەم بولمايدۇ دەپ ئۆزىمىزگە قەسەم قىلىپ، ئېنىق بىر نىشانمۇ تىكلەيمىز، ئەمما ئالىي مەكتەپتە بۇنداق كونكرېت نىشانمۇ يوق. شۇنداق قىلىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى بارغانچە جارى قىلدۇرالمايدىغان بولۇپ قالىمىز.

مىنىڭچە، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ مەجبۇرلايدىغان ئادەم بولسا، بۇمۇ بىر بەخت. شۇنداق بىر ساڭا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان، قوغدايدىغان ئادىمىڭ بولسا، تەبىئىيلا سەندىن ئۈمىد كۈتىدۇ، ئۈمىد كۈتكەچكە، تەلەپنىمۇ قاتتىق قويىدۇ. نۇرغۇن ئەرلەر خوتۇنلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. مەسىلەن، كۆپچىلىككە تونۇش كىشىلەردىن يۇ مىنخوڭ مۇئەللىم، رېژىسسور لى ئەن قاتارلىقلار. يەنە نۇرغۇن ئاددىي خىزمەتچىلەر باشلىقىنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا باشقۇرۇش قاتلىمىغا چىققان ياكى تايىنلىق ئىشتىن ھەيدىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، يەنە بىر خىل ئۇسۇلدا ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ئۆز - ئۆزۈڭگە قاتتىق قول بولمىساڭ، پۈتۈن دۇنيا ساڭا رەھىمسىزلىك قىلىدۇ.

مەجبۇرلايدىغان ئادەم بولمىسا، ئۆز - ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاپ، چېكىنىش يولۇڭنى ئۈزۈۋەتسەڭ بولىدۇ. مەن شۇنداق قىلىپ باققان. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئوقۇغۇچىلارغا ھەمىشە ئېغىزىمدىكى قۇرۇق گەپ بىلەنلا مەدەت بېرىپ كەپتىمەن، نېمىشقا ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىلھام بەرمەيمەن دەپ

ئويلاپ، قاتتىق چېنىقىش ئارقىلىق 49 كۈن ئىچىدە قورساق قىسمىمدا ئالتە پارچە مۇسكۇل پەيدا قىلىمەن، ئەگەر قىلالمىسام، بۇ ئۇچۇرنى تارقاتقان ھەربىر ئادەمگە 100 يۈەندىن تېلېفون پۇلى قاچىلاپ بېرىمەن دېگەن مەزمۇندا مىكروبلوگقا باياناتنامە چىقاردىم. نەتىجىدە بۇ ئۇچۇرنى 3700 ئادەم تارقىتىپتۇ. خۇش بولايمۇ، خاپا بولايمۇ؟ ئەگەر ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرالمىسام، 370 مىڭ يۈەن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.

نىشانىمنى كۆپچىلىككە ئاشكارا ئېلان قىلىپ، يەنە كېلىپ، ۋەدە بېرىپ قويۇپ، چېكىنىش يولۇمنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدىم. بىر ئەر كىشى ئۈچۈن ئىناۋەتتىنمۇ مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك. ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان تىكمەي بولمايتتى. مەن توخۇ گۆشى قورۇمىسىغا بەك ئامراق ئىدىم، لېكىن، ئىككى ئاي ئىچىدە بىر قېتىممۇ ئاغزىمغا ئالمىدىم؛ كەچتە چېنىقىشتىن قايتىشىمدا، يول بويىدىكى ئاشخانىدىن كېلىۋاتقان كالا گۆشى ئۇگرىسىنىڭ مەززىلىك ھىدىنى پۇراپ، چۆپنى يېمىسەممۇ، سۈيىدىن بىر چىنە ئىچىۋالايمىكىن دېگەنلەرنى ئويلىدىم، لېكىن ئاخىردا يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. كاماندىروپكا مۇناسىۋىتى بىلەن پويىزغا ئولتۇرغان چاغلىرىمدا، ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى بوش يەردە بىردەم يەر بېغىرلاپ، بىردەم قورساق قاتلاۋاتقىنىمنى كىشىلەر كۆرۈپ تۇردى، ئۇلار بەلكىم مېنى كاللىسىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قالغاندۇ. لېكسىيە ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ بىرەر جاينى تېپىپ، بىردەم چېنىقىۋالاتتىم. مېنىڭ بۇ قىلىقلىرىمنى كۆرگەنلەر بۇ ئاداش تۇگىشىپتۇ، ساقىيىشىدىن ئۈمىد قالماپتۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما، 49 كۈن ۋاقىت توشۇپ، قورسىقىمدا ئالتە پارچە مۇسكۇل پەيدا بولغان چاغدا، مېنى ھەقىقىي خۇشال قىلغىنى باشقىلارنىڭ ماختاشلىرى ئەمەس، بەلكى قەلبىمدە غەلىبە قىلدىم، ھۇرۇنلۇقۇمنى بويسۇندۇردۇم دەپ جار سالغان چاغدىكى ئۆزۈمنى ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇلىرى بولدى.

بۇ خىل «ئۆزىنى مەجبۇرلاش» روھىنى ئامالسىزلىق دېگەندىن كۆرە، ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش دېگەن تۈزۈك.

ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئىقتىدارىنى، كۈچىنى نامايان قىلالىغان، زەئىپلىك ۋە خام خىيالدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان ۋاقىتتىلا پەخىرلىنىشكە، ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

بىرەر ئىشتا ئۇتتۇق قازانماقچىمۇسىز؟ ئۇنداقتا سوراپ باقاي: ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلىيالامسىز؟

www.uyghurkitap.com

# ئادىشىپ قالغاندا ھايات قېلىشنىڭ بىرىنچى قانۇنى

كۆلىمى يەتتە مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئامازون ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ئېزىپ قالسىڭىز، قۇتۇلۇشنىڭ قانداق ئۇسۇلىنى تاللىغان بولاتتىڭىز؟

مېنىڭچە كۆپ قىسىم ئادەملەر مۇنداق قىلىدۇ: ئالدى بىلەن يېگىلى بولىدىغانلىكى نېمە بولسا يەپ، جانىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نورمال دۇنياغا قايتىپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. ھەتتا «Discovery» قانىلىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دالىدا ياشاش ماھىرى بېل گېلىياسىنى دوراپ، يېگىلى بولىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكنى تېپىپ يەپ، جېنىڭىزنى ئىمكانقەدەر ئۇزاقراق ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر سىزمۇ شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، مۇبارەك بولسۇن، ئۇزاققا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقۇدەكسىز. ئامازون يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ھايات قېلىشنىڭ بىرىنچى قانۇنى: ئىمكانقەدەر ئورنىڭىزدا جىم تۇرۇش، قالايمىقان ماڭماسلىق.

مەن بۇ گەپنى ئۆزۈم دەۋالغان ئەمەس، بەلكى ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىدا 20 نەچچە يىل ساياھەت يېتەكچىسى بولغان يەرلىك بىر دوستىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. بۇلتۇر

شۇ يەرگە ساياھەتكە بېرىش پۇرسىتى بولۇپ قېلىپ، ساياھەت يېتەكچىمىز نايجىل بىر دوستىنىڭ خەتەرلىك ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ دوستى ناھايىتى تەجرىبىلىك ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇن نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېتىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زۆرۈر بولغان بىر قاتار قوغدىنىش ۋە بىخەتەرلىك تەييارلىقى كۆرۈپ قويغاندىن كېيىن، ساياھەتچىلەرنى يوغان بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز يول ئىزدەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمما قىزىق يېرى، ساياھەتچىلەر بىر ئورنىدا مىدىرلىماي ساقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى كۈنگە بارمايلا قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئۇلارنى تېپىۋاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى تەجرىبىلىك ساياھەت يېتەكچىسى ئورمانلىقتا ئىككى ھەپتە ئېزىپ قېلىپ، ئاخىر ئاران دېگەندە ھايات قايتىپ چىقىپتۇ. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن خامۇشلۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئورمانلىقتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ ھەمدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ كەسىپتىن مەڭگۈلۈك ۋاز كېچىپتۇ. سەۋەب ناھايىتى ئاددىي، ئورمانلىق ناھايىتى چوڭ، مول تەجرىبىلىك ساياھەت يېتەكچىسى بولغان تەقدىردىمۇ، يالغۇز ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى ئورنىڭىزدا جىم تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتكەنچىلىك بولمايدۇ.

كىنولاردا، ئىلھامبەخش ھېكمەت دۇردانىلىرىدە، ناخشىلاردا «تىرىشقاندىلا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ» دېگەن بىر قائىدىنى سۆزلەيدۇ. بىزمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقانلار چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنداق بولمايدۇ. بەزىدە قانچە كۈچىسىڭىز، شۇنچە

ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولىسىز. ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم باشقىلارغا قارىغۇلارچە، ئەخمەقلارچە ئىلھام بەرمەكچى بولۇش: «پەقەت تىرىشچانلىقىڭ يېتەرلىك بولسىلا، مايۈن، بىل گايتىس، بافېتلاردەك بولالايسەن» دېگەندەك گەپلەرنى دېيىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەرقېتىم باشقىلارنىڭ «ماختاپ سېتىش» تىپىدىكى شۇنداق لېكسىيە سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، مۇنبەرگە يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاغزىنى پىلاستىر بىلەن يەملىۋەتكۈم كېلىپ كېتىدۇ. ئاشۇنداق گەپلەرنى دەۋاتقان ئادەم ئۆزى چوقۇم ئۇنداق قىلمايدۇ، ھالبۇكى، گەپىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ كەتكەن كۆپ قىسىم ياشلار شۇنداق گەپلەرنى ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، ئاقىللار دۇردانىسى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۆزىنى توختىماي تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، تېخىمۇ قاتتىق تىرىشىدۇ، مەغلۇبىيەتكە يولۇقسا، تىرىشچانلىقىم يېتەرلىك بولماپتۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە، مەن تىرىشماڭلار، ئاسانلا ۋاز كېچىڭلار، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار دېمەكچى ئەمەس. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تىرىشچانلىققا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ يۆنىلىش ۋە ئۇسۇل. ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، ئۇتۇق قازىنىشنىڭ مۇنداق بىر تەڭلىمىسىنى يەكۈنلەپ چىقتىم:

مۇۋەپپەقىيەت = يۆنىلىش × ئۇسۇل × تىرىشچانلىق

بۇ فورمۇلادا، يۆنىلىشنىڭ قىممىتى 1− دىن 1 گىچە بولىدۇ، شۇڭا، ئەگەر يۆنىلىش توغرا بولمىسا، قانچە



www.uyghurkitap.com

تىرىشساق، شۇنچە مەغلۇبىيەتلىك نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ئۇسۇلنىڭ قىممەت ئېلىش دائىرىسى 0 دىن 10 غىچە بولىدۇ، ئۇسۇل توغرا بولمىسا، يۆنىلىش توغرا بولغان، تىرىشقان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشمەك تەس. ئۇسۇل توغرا بولسا، ئاز كۈچ بىلەن يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، توغرا ئۇسۇل يېرىم غەلىبە بولسا، نامۇۋاپىق ئۇسۇل بىزنى ھەسسىلەپ مەغلۇبىيەتكە باشلايدۇ. تىرىشىش دەرىجىسىنىڭ قىممەت ئېلىش دائىرىسى 0 دىن 10 غىچە، يۆنىلىش توغرا بولۇپ، ياخشى ئۇسۇل قوللانغاندا، تىرىشچانلىق بىلەن نەتىجە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى قانچە تىرىشساق، شۇنچە زور ئۇتۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، نەتىجە 100- بىلەن 100 ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئورمانلىقتا قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئادەملەر يۆنىلىشنى توغرا بەلگىلىگەن، ياخشى ئۇسۇل قوللانغان بولغاچقا، ئانچە كۆچەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇۋېلىنغان. ئەكسىچە، مېنىڭ ساياھەت يېتەكچىمنىڭ دوستى گەرچە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يۆنىلىش ۋە ئۇسۇل خاتا بولغانلىقتىن، ئىككى ھەپتىدە ئاران قۇتۇلۇپ چىققان. تۇرمۇشتىمۇ، خىزمەتتىمۇ شۇنداق، ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچىلار يۆنىلىش ۋە ئۇسۇلنىڭ توغرىلىقى بىلەن تىرىشچانلىقنى بىرلەشتۈرگەن ئادەملەر بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئېچىش بەسى مۇشكۇلدۇر.

تولۇق ئوتتۇرىدا «مەلىكە خاتىرە» دەپ نام چىقارغان بىر قىز ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇ كونسپېك يېزىش، خاتىرە

قالدۇرۇشتا مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئەسلىدىلا خېلى قېلىن خاتىرە دەپتەرنى يېزىپ توشتۇرغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك قېلىن بولۇپ كېتەتتى. مەشىق دەپتىرىگە چوڭ - كىچىك ۋاراقچىلارنى چاپلاپ، ئۈستىگە سوئاللارنىڭ جاۋابى ۋە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى يېزىۋالاتتى. دەرس ۋاقتىدا قاچانلا قارىسىڭىز بېشىنى كۆتۈرمەي دەپتىرىگە بىر نەرسىلەرنى يازاتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۇلارنىڭكىنىمۇ رەتلىك كۆچۈرۈۋالاتتى. ئۇ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، ئىمتىھان نەتىجىسى پۈتۈن يىللىقتىكى 1100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىچىدە ھەر قېتىم مۇقىم ھالدا ئارقىدىن سانىغاندا 35 - ئورۇندا چىقاتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا مۇناسىپ بولمىغان بۇ نەتىجىسى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قوياتتى.

كېيىن بايقىسام، ئۇ خاتىرە قالدۇرغاندا كاللىسىنى پەقەتلا ئىشلەتمەيدىكەن، خۇددى ماشىنا ئادەمدەك يېزىشنىلا بىلىدىكەن، سوئالنىڭ جاۋابىنى ھەزىم قىلىپ باقمايدىكەن. يەنە كېلىپ، ئىشنى مۇكەممەل قىلىمەن دەيدىغان خاھىشى بولغاچقا، بىرىنىمۇ قالدۇرماي يېزىۋالماقچى بولىدىكەن. ھالبۇكى، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قىلچە پايدىسى بولمىغان. ھەقىقىي خاتىرە قالدۇرۇش كاللا ئىشلىتىش بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، جاۋابنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، سوئالنى تىزىپ چىقىش كېرەك. كۆپ قىسىم كىشىلەر دەل مۇشۇ خىل سەۋەنلىكنى سادىر قىلىدۇ، يېتەرلىك تىرىشسىلا ھەممە ئىش پۈتىدىغاندەك ئويلايدۇ. لېكىن، يۆنىلىش ۋە ئۇسۇلنى

نەزەردىن ساقىت قىلغان تىرىشچانلىقمۇ ئەمەلىيەتتە يەنە بىر خىل ھوروُنلۇقتىن ئىبارەت. چۈنكى توغرا ئۇسۇل ۋە يۆنىلىشنى تېپىپ چىقىش تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق، تېخىمۇ كۆپ زېھنى كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان نەتىجىمۇ مۇناسىپ ھالدا زور بولىدۇ. توغرا ئۇسۇل ۋە يۆنىلىشنىڭ مەنبەسى مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى، نەمۇنە بولۇشىمۇ، كۆپ يىللىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ يىغىندىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تىرىشچانلىق توغرا يۆنىلىش، توغرا ئۇسۇل بىلەن بىرلەشكەندە ئادەمنى مۆۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان كۆچكە ئايلىنىدۇ.

ئىنگلىز تىلىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىملىقى شۈبھىسىز ھەقىقەتكە ئايلاندى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تىلنى ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ، باشلانغۇچتىن تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىچە بولغان 12 يىللىق مائارىپ جەريانىدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنگلىز تىلى، يەنى گاچا ئىنگلىز تىلى ھادىسىسى شەكىللىنىپ قالغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئىمتىھاندا يۇقىرى نەتىجە ئالغىنى بىلەن، ئىنگلىز تىلىنى ھەقىقىي ئالاقە قورالىغا، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىغا ئايلاندۇرالمىغان.

مەن بىر ئىبغىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىلار شۇنچە كۆپ يىل ئۆگىنىپ تۇرۇپمۇ، نېمە ئۈچۈن سۆزلىيەلمەيدۇ دېگەن مەسىلىنى ئۇزاق ئويلاندىم. نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا مەخسۇس ئىبغىز تىلى سىنىپىغا تىزىملىتىدۇ، نەچچە قارار ئوقۇيدۇ، نۇرغۇن مەشىق سوئاللىرىنى ئىشلەيدۇ، ئەمما يەنىلا سۆزلىيەلمەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئىبغىز تىلى ئۆگىنىش سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە

ئوخشايدۇ. سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى نېمە دەپ سورىسا، بەزىلەر نەپەسلەنمەي تۇرۇش دېسە، بەزىلەر تەڭپۇڭلۇق دەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر يەنە كىيىم سېلىش دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرئاز قىزىقچىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن جاۋابلار. ئەمما، بۇلار ئانچە مۇھىم ئەمەس. سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا بىرىنچى قەدىمى سۇغا چۈشۈش، سۇدىن قورقۇش پسىخىكىسىنى يېڭىش. مەسىلەن، سۇ ئۈزۈش سىنىپىغا تىزىملاتتىڭىز، مۇئەللىم تۈرلۈك سۇ ئۈزۈش بىلىملىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ بەردى؛ ھەتتا سىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ، «سۇ ئۈزۈش بىلىملىرىدىن تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى» نى ئىشلىدىڭىز، «سۇ ئۈزۈشنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدىسى» دېگەن تېمىدا ماقالىمۇ يازدىڭىز. ئاخىرى ئۆزىڭىز ئىشلىگەن تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاپىڭىزغا كۆرسىتىپ، ئاپا، مەن تولۇق نومۇر ئالدىم دېدىڭىز. ئاپىڭىز سىزگە «ئوغلۇم نېمىدىگەن قالتىس، قېنى ئۈزۈپ باققىنا» دېدى. سىز ئاپىڭىزغا «ئۈزەلمەيمەن، مەن پەقەت پولدىلا ئۈزەلەيمەن» دەيسىز.

بۇ مىسال سەل بىمەنە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كۆپ قىسىم جۇڭگولۇقلار ئېغىز تىلى ئۆگىنىشتە دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى تاللايدۇ، يەنى سۇغا چۈشمەيدۇ. تىل ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېغىز ئاچقىنىڭىز دەل سۇغا چۈشكىنىڭىز. ئېغىز تىلى مەشىقىدە ئەڭ مۇھىمى تەلەپپۇز ئەمەس، سۆزلۈكمۇ ئەمەس، بەلكى ئېغىز ئېچىش. ھەر كۈنى يېرىم سائەت ياتقا ياكى ئەگىشىپ ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ، يېرىم يىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىڭىز، خېلىلا ئۈنۈمىنى كۆرىسىز. ئىنگلىز تىلىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلارغا

نىسبەتەن، مانا مۇشۇ نۇقتىنى بىلگەنلىك توغرا يۆنىلىشنى بىلگەنگە باراۋەر.

توغرا يۆنىلىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، توغرا ئۇسۇلنى ئىزدەيمىز. ئۇزۇن يىللىق ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، ئېغىز تىلى مەشىق قىلىشنىڭ مۇنداق ئۈچ ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقتىم:

بىرىنچىسى، چەت ئەللىك دوستلار بىلەن پاراڭلىشىش. ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر بولۇشى كېرەك. تەلەپپۇزىنىڭ ئازراق بىنورماللىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھىندىستانلىق دوستلارمۇ بولىدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئېغىز تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. پاسسىپ تەرەپلىرىگە كەلسەك، بىرى، شارائىت مەسىلىسى، يەنى چەت ئەللىكلەر ئاز، ھەركىمنىڭ يېنىدا بىردىن چەت ئەللىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، بەزى چەت ئەللىكلەر ھەق ئالىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئۆزىلا گەپ قىلىپ، سىزگە گەپ بەرمەيدىغان بولغاچقا، سۆزلەشنى مەشىق قىلىمەن دەپ چىقىپ، تولا ھاللاردا ئاڭلاشنى مەشىق قىلىپ قايتىپ كېلىسىز.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل، ئىنگلىز تىلىدا سۆھبەتلىشىش. ياتاقداشلار ئىنگلىز تىلى ئولتۇرۇشى دېگەندەك شەكىللەر ئارقىلىق دوستلار ئۆزئارا سۆزلەپ مەشىق قىلىش. ئىككى جۇڭگولۇق ئۆزئارا ئىنگلىزچە پاراڭلاشسا ئۈنۈمى بولامدۇ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن، چوقۇم بولىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، ھەممىمىز مەزمۇنغا دىققەت قىلىمىز، ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا بولسا، قارشى تەرەپنىڭ گىراماتىكا

خاتالىقلىرىغا بەكرەك دىققەت قىلىمىز. شۇڭا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئۇچۇن پىسخىكىڭىز ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. چۈنكى باشقىلار ئىنگلىزچە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى ئۇسۇل، بۇ مەن ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلەش مەقسىتىگە يېتىش ۋە بەش خىل تىلنى سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش نىشانىمغا يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇل، يەنى سىزگە 24 سائەت ھەمراھ بولالايدىغان، ھەر ۋاقىت سىزنى چۈشىنىدىغان، قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بىرىنى تېپىش. شۇنداق، بۇ ئادەم دەل ئۆزىڭىز. ئۆز - ئۆزىڭىز بىلەن پاراڭلىشىشنى، ئۆز - ئۆزىڭىزگە گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بۇ ئەمەلىيەتتە مەن ئويلاپ تاپقان ئۇسۇل ئەمەس، ئىنگلىز تىلى ئانا تىلى بولمىغان شارائىتتا ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ھالەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان.

قانداق ۋاقىتتا ئۆز - ئۆزىمىزگە گەپ قىلىمىز؟ يالغۇز قالغاندا. ئادەتتە سەھەردىن كەچ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئادەمنىڭ يالغۇز قالىدىغان ۋاقتى بولامدۇ؟ ھازىرقى كىشىلەردە يالغۇزلۇقتىن قورقۇش كېسەللىكى ئېغىرلاپ كەتتى، ھامان بىرەرسىنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى ئىستەيمىز، ھەتتا تاماق يېگىلىمۇ، ھاجەتكە چىققىلىمۇ ھەمراھ ئىزدەيمىز. بۇ يەردىكى «يالغۇز» لۇق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياشلار ھەمىشە يان تېلېفوندىن ئايرىلالمايدۇ، پات - پاتلا ھەر خىل ئالاقە دېتاللىرىنى ئېچىپ، باشقىلارنىڭ ھالىتىنى چۈشەنمەكچى بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئادەمنىڭ زېھنىنى چېچىۋېتىدۇ. ئۆزۈم

باغدا، كۆڭلۇم تاغدا دېگەندەك ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. خۇددى «پادىچىتېن» ناملىق فىلىمدە ئېيتىلغىنىدەك: «تورۇسنىڭ ئاستىنى ئۆي دەپ ئويلايمىز، ئەمما تېنىمىز تۇرغان بىلەن، روھىمىز ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان». تېلېفوننى بىر چەتكە قويۇپ، ھەر كۈنى يېرىم سائەت يالغۇز ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە ئىنگلىزچە گەپ قىلىڭ، كاپالەت بېرىمەنكى، يېرىم يىلدىن كېيىن ئىنگلىزچە ئېغىز تىلى سەۋىيىڭىز زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

توغرا يۆنىلىش ۋە ياخشى ئۇسۇلنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، بىرەر ئىشتا غەلىبە قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچە تەس ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى بۇ چاغدا بىز ئەڭ تەس قىسمىنى ھەل قىلىپ بولغان بولىمىز.

مۇۋەپپەقىيەت = يۆنىلىش × ئۇسۇل × تىرىشچانلىق. بۇ فورمۇلا قارىماققا بەكلا ئاددىيدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىماڭ. مەن بەزىدە بۇ فورمۇلانىڭ سول تەرىپىگە ئۆزۈمنىڭ يۆنىلىشى، ئۇسۇلى، تىرىشچانلىقىنىڭ قىممەتلىرىنى تولدۇرۇپ، قىلىۋاتقان شۇ ئىشىمدا ئۇتۇق قازىنىشنىڭ نىسبىتىنى ھېسابلاپ باقىمەن؛ بەزىدە فورمۇلانىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر ئىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىنىڭ قىممىتىنى يېزىپ، يۆنىلىش، ئۇسۇل ۋە تىرىشچانلىق قاتارلىق ھالقىلارنىڭ قايسىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى تەتۈر تەكشۈرۈپ باقىمەن. بۇ ئارقىلىق مەسىلىنىڭ زادى نەدىلىكىنى ئاسانراق تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، توختىماي يەكۈنلەش، خاتالىقلار ئۈستىدە ئويلىنىش ئارقىلىق، ھەرھالدا ئاز ـ تولا نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم.

ئەگەر بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز، سىزنىڭمۇ مۇشۇ

فورمۇلانى خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىڭىزدا، ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشتا ئەستايىدىللىق بىلەن قوللىنىپ بېقىشىڭىزنى، ئۇنى تۇرمۇشىڭىزدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر كومپاس قىلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ سىزنى توغرا يۆنىلىشكە، توغرا ئۇسۇلغا، توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە يېتەكلەيدۇ، ئۆزىڭىزگە تەۋە مۆۋەپپەقىيەت يولىغا باشلاپ بارالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# هېچكىم ئورنۇمنى ئالمىسۇن دېسىڭىز، هېچكىم ئورنىڭىزنى تولدۇرالمايدىغان بىر كىشى بولۇڭ

باشلانغۇچنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ، مەن ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن مۇكاپات «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولسا كېرەك. 1 ـ يىللىقتىن 4 ـ يىللىققىچە هەر يىلى «ئۈچتە ياخشى» بولۇپ باهالىناتتىم. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، 4 ـ يىللىقنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدە نەتىجەم ئويلىمىغان يەردىن چۈشۈپ كەتكەندە، خۇددى زامان ئاخىرى بولغاندەك هۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەنىدىم.

هازىر ئويلاپ باقسام، شۇ چاغدىكى ئەخمەقلىقىمغا گەپ توغرا كەلمەيدىكەن، شۇنىڭدەك بىر ئاتالمىش شان ـ شەرەپكە نېمانچە قىلىپ كېتەتتىم! ئەمما بىر كىچىك بالا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساۋاقداشلىرىنىڭ هەۋەس قىلىپ كېتىشى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماختاپ قويۇشى ئادەمگە ئاجايىپ زور مەمنۇنىيەت ۋە قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان بىر ئىش.

«ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» نىڭ ئۆزى بىر پارادوكسىيە، بۇ يەردىكى «ئۈچ» بىر مەۋھۇم سان بولۇپ، هەممە تەرەپتە ياخشى بولۇش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىزچىل تۈردە هەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشنى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارلىق بولۇشنى، هەرقايسى تەرەپلەردە بىردەك مۇنەۋۋەر

ئادەم بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەت شۇكى، «ھەممە تەرەپتە ياخشى» بولۇشنىڭ كەينىگە بىر خىل «سۇسلۇق» يوشۇرۇنغان، ھەممىنى قىلالايدۇ دېگەنلىك ھېچ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ دېگەن بىلەن ئوخشاش. ئەتراپلىق يېتىلىش ئاقىۋەتتە ھەممە تەرەپتە مۇنەۋۋەر بولۇش ئەمەس، ھەممە تەرەپتە ئادەتتىكىچە بولۇش بەدىلىگە كېلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى دۇنيادا مەلۇم بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلار ھەقىقىي رەۋىشتە قەدىرلىنىدۇ.

پۈتۈن جۇڭگودا «ئۇچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما مەكتەپتىن چىقىپ، كىتاب يېزىش ئارقىلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن خەن خەندىن پەقەت بىر قانچىسىلا بار. ھەرىيلى رېژىسسورلۇق كەسپىنى پۈتكۈزۈپ چىقىدىغان ئىقتىدار ئىگىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما بۇ كەسپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، نەچچە يۈز مىليونلۇق بېلەت كىرىمى ياراتقان كىنو ئىشلىگەن گو جىڭمىڭدەك ئادەمدىن نەچچىسىلا بار. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاتا - ئانىمىز ۋە مائارىپچىلار بىزنىڭ ھەممە تەرەپلەردە مۇكەممەل بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، رىقابەت كۈچىنى بارغانچە يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. جەمئىيەتتە مۇنداق ئىككى خىل ئىختىساس ئىگىلىرى بار: بىرى، ھەممە ئىشنى ئازراقتىن بىلىدۇ؛ يەنە بىرى، مەلۇم بىر ئىشنىڭ ھەممە تەرىپىنى بىلىدۇ. ھەممە ساھەدە ئازراقتىن بىلىمى بولۇش ئاساسىدا، مەلۇم بىر ساھەدە ۋايىغا يەتكۈزەلىگەن ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مۇتەخەسسىس ياكى مەلۇم ساھەنىڭ پېشۋالىرىغا ئايلىنىپ، نەگىلا بارسا، كوللېكتىپنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئەزاسىغا ئايلىنىدۇكى، كوللېكتىپقا

يېلىنمىدىغان ئادەم بولۇپ قالمايدۇ.

«لوگىكىلىق تەپەككۇر» پىروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى لـو جىنيـۇ دەسـلەپتە مەركىزىي تېلېـۋىزىيە ئىستانسىسـى «ئىقتىـسـاد ۋە قـانۇن» قانىلىنىـڭ «دىيـالوگ» پىروگراممىسىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى ئىدى. مەركىزىي تېلېـۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە «بارماق دىسكا» چە ياشاش ئۇقـۇمىنى، يەنى شـەخس ھېچقانـداق تەشـكىل (يـاكى كوللېكتىـپ) گە بېقىنماسـلىق، قىزىقىـشىغا ئاساسـەن ئۆزىنىـڭ خـاس ئـارتۇقچىلىقى بـار بىـر سـاھەدە تاۋلىنىـپ چىقىـش، ئـۆز قىممىتىنى بازاردا يارىتىش، يەنى «ئۆزىدە ئۇچـۇر بـار بولـۇش، سـتېما قاچىلىماسـلىق، خالىغـانچە، ئەركىـن ھەمكارلىشالايدىغان مۇستەقىل گەۋدە بولـۇش» ئىدىيەسىنى تەكىتلەپ كەلدى. مەن ئـۇ ئـارقىلىق بىـر ئـادەم تەشـكىل سىرتىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە تايىنىش ئارقىلىقمۇ كۈچلـۈك ئـادەمگە ئايلانغىلى، چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئىنتېرنېت دەۋرىدە دەل شـۇ خىـل «بارمـاق دىـسكا» چە يادرولۇق رىقابەت كۈچى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

لوجىنيۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىـر قىزىقارلىق ھېكـايىمۇ بـار. 2014 ـ يىلـى 5 ـ ئايـدا، ئـۇ بېيجىـڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلدى. مەن زالغا خېلى بالـدۇر كىرىـپ سـاقلاپ ئولتـۇردۇم. ماڭـا نىـسبەتەن «تاغـا» ھېـسابلىنىدىغان بـۇ ئادەمنىـڭ بىـر يېـرىم سـائەتلىك لېكسىيەسى لوگىكىسى ئېنىـق، پىكـرى ئەتراپلىـق بولـۇپ، چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم. ئەمما، مېنىڭ بىر ھەۋەسكار بولۇپمۇ ئۆتكۈم يوق ئىدى. لېكسىيە ئاخىرىدا سوئال سوراش باسقۇچىغا كىرگەن چاغدا، كۆپىنچە كىشىلەر «لـو مـۇئەللىم،

سىز بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋالساق بولامدۇ»، «ئى لو مۇئەللىم، ئىمزا قويۇپ بەرسىڭىز بولامدۇ» دېگەندەك سوئاللارنى سورىغان بولسا، مەن بۇلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان، ئۆزۈمچە ناھايىتى چوڭقۇر پىكىرلىك مۇنداق ئۈچ سوئال سورىدىم.

«بىرىنچى، لو مۇئەللىم، بۈگۈن لېكسىيەگە شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ سىزگە چوقۇنۇپ، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغىلى كەلگەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز. سىز ئىزچىل تۈردە مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە، باشقىلار ئاسانلىقچە ئۇيان - بۇيان قىلالمايدىغان، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەيدىغان ئادەم بولۇشنى تەكىتلەيتتىڭىز. لېكىن، بۈگۈن شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ سىزگە تەلۋىلەرچە چوقۇنغانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟

ئىككىنچى، لو مۇئەللىم، سىز بايا كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق، ھازىرقى جەمئىيەتتە كىتاب - ژۇرناللار ئىنتېرنېت تورى، سىن ھۆججەتلىرى قاتارلىق تاراتقۇ ۋاسىتىلىرىگە ئورۇن بوشاتتى، كىتاب ئوقۇش ئۇچۇر ئىگىلەشنىڭ ئۈنۈمسىز ۋاسىتىسىغا ئايلىنىپ قالدى دېدىڭىز. سىزنىڭ پىكرىڭىز بويىچە بولغاندا، كىتاب ئوقۇش ھەقىقەتەن ئۇچۇر ئىگىلەشنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى. ئەمما ئۇ، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى چېنىقتۇرۇش، تەنقىدىي پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم. كىتاب بىلىم بۇلىقى، ئوقۇغانچە ئەقىل ئاشىدۇ. كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق دېگەن پىكرىڭىز سەل بىتەرەپلىمە بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟

ئۈچىنچى، سىز ئىزچىل تۈردە كىچىك كوللېكتىپنى، شەخسەن ئۆتۈق قازىنىشنى تەكىتلەپ كەلدىڭىز. يەنە بىر

تەرەپتىن، «لوگىكىلىق تەپەككۇر» دېگەن بۇ تۈرنى ئۇن يىل قىلماقچى بولۇۋېتىپسىز. كىچىك كوللېكتىپ ئەڭ ئاخىردا يا يوقىلىدۇ، يا زورىيىپ چوڭ كوللېكتىپقا ئايلىنىدۇ. سىز ھازىر زور كوللېكتىپلىق كارخانىلارغا قارشى تۇرۇۋاتىسىز، ئۇنداقتا ئۇن يىلدىن كېيىن، «لوگىكىلىق تەپەككۇر» نىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ سىزنىڭ خۇشىڭىز يوق ئاشۇ نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ قانداق؟»

بۇ ئۈچ سوئال شۇ چاغدىكى نەق مەيداندا سورالغان ئەڭ مۇرەككەپ ئۈچ سوئال بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا مۇشۇ ئۈچ سوئال مېنى كېيىنكى چاغلاردا لو جىنيۇ مۇئەللىم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى جاۋابىمۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

بىرىنچى سوئالغا قارىتا، لو مۇئەللىم ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئەركىنلىك تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى: قانچىلىك ئادەمنىڭ كېلىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر. كۆپچىلىك مېنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمنىمۇ، بۇلارمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، پەقەت ئادەملەر يىغىلسا، ياخشى بىر يىغىلىش بولسىلا، كۆڭلۈم شۇنىڭدىن خۇش. چوقۇنۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ مۇستەقىللىقتە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىگە پىسەنت قىلمايدىغان، پەقەت ھەرىكىتىگە قارايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىككىنچى سوئالىمغا كەلسەك، مېنىڭ ئازراق خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمنى، ئۆزىنىڭ يەنىلا زىيالىيلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئۈچىنچى سوئالىمغا بېرىلگەن جاۋاب تېخىمۇ قىزىقارلىق: يۈز بەرگۈسى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر يۈز

بېرىدىغان بولغانىكەن، يۈز بەرگىلى قويايلى.

مەنمۇ بۇ سوئاللارنى خېلى زور غەيرەتكە كېلىپ تۇرۇپ سورىغان، ئۆزىڭىز چىن كۆڭلىڭىزدىن قايىل بولىدىغان ئادەم بىلەن پىكىر سوقۇشتۇرۇشمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىكەن. مەندىكى يادرولۇق رىقابەت كۈچىمۇ دەل شۇ خىل قورقۇمسىزلىقتا، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىشتا بولسا كېرەك.

ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ياخشى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈشىنىڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە خېلى قالتىس ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئىختىساسلىقلار توپلانغان ئالىي مەكتەپتە ۋە خىزمەت سەھنىسىدە ئوقۇش تارىخىغا، كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا تايىنىپلا ئۇزۇپ چىققىلى بولمايدۇ. تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دېگەندەك تىزىملاتسام بولىدىغانلىكى مۇسابىقىلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىپ باققان؛ لېكىن ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىردا تىزىملاشقا مەسئۇل ئوقۇتقۇچىمۇ مېنى كۆرسە ئۇھسىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئېلىشقاندا يېڭىلگەن ئادەمنىڭ يېڭىلگەنچە ئېلىشقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە داۋاملىق تىزىملاتتىم، ھەتتا بەدەن ئېغىرلىقى 90 كىلوگىرام كېلىدىغان بودەك بولۇشۇمغا قارىماي، مودېل تاللاش مۇسابىقىسىگىمۇ قاتنىشىپ باققانىدىم. شۇ مۇسابىقىلەر ئىچىدە مەن دائىم ياخشى نەتىجە ئالىدىغان بىر تۈر بار، ئۇ دەل نۇتۇق تۈرىدىكى مۇسابىقىلەر، بولۇپمۇ ئىنگلىزچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى. مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماڭ. مەغلۇپ بولسىڭىز، ساۋاق بولىدىكەن،

غەلىبە قىلىپ قالسىڭىز، تالانتىڭىز ئېسپاتلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ۋايىغا يەتكۈزىسىز. قايسى ئىشتا ئارتۇقچىلىقىڭىز بار، قايسى ئىشقا ماس كەلمەيسىز، بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن، قايسى يولدا مېڭىشنى بىلەلەيسىز. غەلىبە قىلسىڭىزمۇ، مەغلۇپ بولسىڭىزمۇ، ئوخشاشلا ئېرىشكەن بولىسىز.

ئاخىردا «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ بىلىمىنى، ئىقتىدارىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭمۇ ئۆتۈق قازىنىشىغا ياردەم قىلىش: «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق»، «غەلىتە گەپلەر» قاتارلىق پىروگراممىلارغا قاتنىشىپ، كۆز قاراشلىرىمنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىمنى، ئوي - خىياللىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمنى يۇقىرىقى جەرياندىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن شۇ جەرياندا ئۆزۈمدىكى يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى بايقىدىم، نەتىجىدە، مەيلى «يېڭى شەرق» گۇرۇھىدا بولسۇن ۋە ياكى تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىدا بولسۇن، ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپالىدىم. ئەمما، بۇ خىل رىقابەت كۈچى تۇغما ۋە ياكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھازىرلانغان بولماستىن، توختىماي ئۆزۈنۈپ بېقىش، سىناپ بېقىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ قايسى جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، شۇ ئارتۇقچىلىقنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش، كۈچەيتىش، چېنىقتۇرۇش نەتىجىسىدە ھازىرلانغان.

خىزمەتتە، بىر ئادەم ئۆزىدە يادرولۇق رىقابەت كۈچى ھازىرلىغان ھامان، جەڭ مەيدانىنى تېخىمۇ كېڭەيتەلەيدۇ.

ئەگەر ئۆزىڭىزدىكى يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، پايدىلىنىشقا بولىدىغان قورال - سايمانلارمۇ

خېلى كۆپ. مېنىڭ قارىشىمچە، «گاللوپ ئۈستۈنلۈك تاپقۇچ» بولسا يېتەرلىك سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىستاتىستىكا ئىلمىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئىلمىيلىك دەرىجىسى يۇقىرى. مەن بۇ نەرسىنى سىناپ باققاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك ئۈستۈنلۈكىنى بايقىدىم: ئۆگىنىش، رىقابەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزگە ئىشىنىش ۋە ئىستراتېگىيە. سىناق نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەن بولار ئىچىدە «كۆپكە قارشى بىر» شەكىللىك پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئەڭ ماس كېلىدىكەنمەن. بۇ مېنىڭ نۇتۇق سۆزلەش، رىياسەتچىلىك تۈردىكى ئىشلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى ئىشلاردا بىر ئادەم سۆزلەيدۇ، كۆپ ئادەم ئاڭلايدۇ، مەن سۆزلەيمەن، سىز ئاڭلايسىز. يەنە بىرى «بىرگە بىر» پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا سۆزلەش. باشقىلارغا كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغۇزۇش، مەن بۇنىڭغا ماس كەلمەيمەن. مەسىلەن، ئەگەر مەن ئون مىڭ ئادەمگە نۇتۇق سۆزلىسەم، بىر سائەتتىن كېيىن، كۆپ قىسىم كىشىلەر مېنى ياقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئون ئادەم بىلەن ئايرىم - ئايرىم بىر سائەتتىن پاراڭلىشىپ چىقسام، ئۇلار ئىچىدە سەككىزى مەندىن بىزار بولۇپ، قېچىپ كەتكۈدەك يەرگە يېتىشى مۇمكىن.

غەلىبە قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۈستۈنلىكىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جارى قىلدۇرۇشىمىز، يەنى يادرولۇق رىقابەت كۈچىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولمىغان ساھە شەخسىي تەرەققىياتىمىزنى توسۇپ قويمىسىلا بولدى.

كوللېكتىپ ياكى بىرەر كارخانا ئىچىدە، غايەت زور

ماشىنىنىڭ بىردانە ۋىنتىسى بولۇپ، باشقا ھېچكىم ئورنىڭىزنى تولدۇرالمايدىغان رىقابەت كۈچى ھازىرلىمىغان بولسىڭىز، تېخىمۇ ئەرزان، يېڭى، تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە ۋىنتىلار ھامان ئورنىڭىزنى ئالىدۇ.

ھېچكىم ئورنۇمنى ئالمىسۇن دېسىڭىز، ھېچكىم ئورنىڭىزنى تولدۇرالمايدىغان بىر كىشى بولۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ــ ئۆزىگە پۇختا بولۇش

ۋېي، جېن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان داڭلىق ئەرباب يىنخاۋ مۇنداق دېگەنىدى: كۆرەش قىلىش «دۇنيا بىلەن ھەپىلەشمەك» دەپ ئويلىغانىكەنمەن، بىلدىمكى، ئادەم ھاياتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە «ئۆزى بىلەن ھەپىلىشىش» ئىكەن.

نۇرغۇن كىشىلەر جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، «كىشىلىك مۇناسىۋەت» دېگەن ئىبارىگە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ئاتالمىش «كىشىلىك مۇناسىۋەت» ئۈچۈن ئۈنۈمسىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگىمۇ ۋاقتىنى ئايىماي سەرپ قىلىشىدۇ.

بىر قېتىملىق خىزمەتچى قوبۇل قىلىش پىروگراممىسىدا، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن بىر يىگىت «غوجايىنلار» ئورنىدا ئولتۇرغان باشلىقلارغا «مېنىڭ مۇناسىۋەت دائىرەم بەك كەڭ، دوڭ مىڭجۇ قاتارلىق مەشھۇر كارخانىچىلار بىلەنمۇ تونۇشىمەن» دەيدۇ.

دىرېكتورلار ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى ۋە تەرجىمىھالىغا قاراپ، بۇ گەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئورنى ۋە نەق مەيداندىكى ئىپادىسىگە قارىغاندىمۇ، بۇنداق ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىلىك كارخانىچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا نائىل بولۇپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ــ مەن مۇشۇ يەردىلا ئاشۇ كارخانىچىلارغا تېلېفون ئۇرۇپ، كۆرسىتىپ قويسام بولىدۇ، ــ يىگىت ئۆزىنىڭ يالغان گەپ قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇنداق تەكلىپنى بەردى.

ئارقا ــ ئارقىدىن بىرقانچە تېلېفون ئۇرۇلدى، ئەمما ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى.

ــ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىز بىرەر سورۇندا بىراۋنىڭ ۋاستىسى بىلەن داڭلىق كىشىلەرنىڭ تېلېفون نومۇرىغا ئېرىشكەن، ئەمما سىز ئۇلاردا ھېچقانداق ياخشى تەسىر قالدۇرالمىغان بولغاچقا، ئۇلار سىزنىڭ نومۇرىڭىزنى ئەسلا ساقلىۋالمىغان، ــ دېدى دىرېكتورلاردىن بىرى گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا.

يىگىت يەنىلا ئۆزىنى ئاقلاپ، دەرۋەقە بىر دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەلۇم بىر سورۇندا ئاشۇ زاتلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە دوستانە پاراڭ سېلىشقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنى يالغان گەپ دېگىلى بولمايدۇ.

داڭلىق ئەربابلار ئاممىۋى سورۇندا ناتونۇش كىشىلەرگە گەپ قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئادەتتە ناھايىتى ئەدەپلىك، دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما بۇ سىزنىڭ ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقىڭىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

مېنىڭ بىر مۇخبىر دوستۇم بار. ئۇ دائىم ئۆز ــ ئۆزىنى مازاق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىگەندە يى جۇڭتيەن بىلەن مەدەنىيەت ھەققىدە سۆھبەتتە، چۈشتىن كېيىن ‹كوئېنلۈن› مېھمانسارىيىدا چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن چاي ئىچكەچ مۇلاقەتتە، كەچتە بەي شيەنيوڭ بىلەن كۇنچۇ تىياتىرى ھەققىدە مۇھاكىمىدە بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما، شۇنىسى ماڭا ئايانكى، ئۇلار مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىر قاتاردىكى ئادەم دەپ

www.uyghurkitap.com

قارىمايدۇ. شۇڭا، رىئاللىقتا قايتىپ، خىزمىتىمنى ئەستايىدىل ئىشلىشىم، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بولسىمۇ ماقالىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلىشىم كېرەك. بىلىمىڭ ۋە ئىقتىدارىڭ چەكلىك ئەھۋالدا، يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار بىلەن ھەقىقىي دوستلۇق ئورنىتىشنى، مۇلاقەتتە بولماقنى خىيال ئەيلىمە».

نۇرغۇن ئادەملەر جۇڭگودا مۇناسىۋەت ئىقتىداردىن مۇھىم دېيىشىدۇ.

شۇڭا، بوش ۋاقىتلىرىنى، ھەتتا خىزمەت ۋاقتىنىمۇ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەرپ قىلىدۇ. زىياپەتلەرگە بېرىش، پالانچى باشلىقنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يادلاش، پوكۇنچى باشلىققا ياخشىچاق بولۇش بىلەن ئالدىراش يۈرىشىدۇ. ھەتتا ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ دوستلار چەمبىرىكىنى ئېچىپ، باشلىقلارغا «يۈرەك» بېرىپ، سالام يوللاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. پۈتۈن زېھنىنى باشقىلارغا سەرپ قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرەلمەيدۇ.

«يېڭى شەرق»تە يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئېلىشقا مەسئۇل بولغان چاغلىرىمدا، يېشى چوڭ، خىزمەت تەجرىبىسى مول بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئالدىمغا كەلگەنىدى. ئۇلار «مەن بۇ ساھەدە ئىشلىگىلى 10 يىل بولدى، تەجرىبەم مول، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايمەن، بىۋاستە رەھبەرلىك ئورنىغا قويساڭلارمۇ بولىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، يۈزتۇرانە ئىمتىھان جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم.

بىر خىزمەتنى ھەر كۈنى 10 سائەتتىن 10 يىل قىلغان تەقدىردىمۇ، يادرولۇق رىقابەت كۈچى ۋە باشقىلارنى بېسىپ

چۈشىدىغان بىرەر ئۇستۇنلۇك ھازىرلانمىغاندا، ئەمەلىي تەجرىبىسى بىر يىلغىمۇ يەتمەيدىغان «ياشلار»چىلىكمۇ بولالمايدىغان گەپ. نوقۇل تەكرارلاۋەرگەنلىك مۇنەۋۋەرلىككە تەڭ ئەمەس. ھەر ۋاقىت ھازىر ھالەتتە بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇچرايدىغان خىرىس ۋە پۇرسەتلەرگە تەييار تۇرغاندىلا، ھەقىقىي مۇنەۋۋەرلىككە يەتكىلى بولىدۇ.

مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىمتىھاندىن ئۆتسىڭىزلا بولىدى. جەمئىيەتتە ئوخشىمايدۇ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، ئويلاپ باقمىغان سىناق ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە ئۇچرايسىز، ئۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئەتىگەن سائەت 7 دە قوپۇپ، ناشتىلىقنى كۆتۈرۈپ مېتروغا يۈگۈرۈش؛ چۈشلۈك ئارامدا بىر يېرىم سائەت ۋاقىتنى خىزمەتداشلار بىلەن تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئۆتكۈزۈش؛ چۈشتىن كېيىنلىك ئۇنۇمسىز خىزمەتتىن كېيىن، ئىشتىن چۈشۈپ، كەچتە ھەر خىل زىياپەتلەرگە داخىل بولۇش ياكى ئۆيگە قايتىپ، تۈگىتەلمىگەن خىزمەتنىڭ داۋامىنى ئىشلەش. مانا بۇ مەركىزىي شەھەردىكى كۆپ قىسىم ئاق ياقىلىقلارنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقىت جەدۋىلى. مۇشۇنداق تۇرمۇش رىتىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا «ۋاقىت يوق» بولۇش يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەسلىكنىڭ باھانىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

دۆلەت تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى، «بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى» نىڭ سابىق كېڭەش ئەزاسى، باش كاتىپى لوڭ يۇڭتۇ گۇيجۇنىڭ بىر تاغلىق يېزىسىدا چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان، «كەمستىش» لەرگە ئۇچرىغان بولغاچقا، باشقىلاردىن نەچچە

www.uyghurkitap.com

ھەسسە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئاخىر ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان.

لوڭ يۈڭتۇ 1965 - يىلى بېيجىڭغا خىزمەتكە تەقسىملىنىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەر ئىدى. ئۇلار لوڭ يۈڭتۇنىڭ گۇيجۇدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كاللىسىغا كەلگەن بىرىنچى ئىنكاس «سىلەرنىڭ ئۇ يەر بەك ياخشى، مەنزىرىسى گۈزەل» دېگەندىن ئىبارەت بولاتتى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ گۇيلىن بىلەن گۇيجۇنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

گۇيجۇنىڭ تاغ - ئېدىرلىرىدا چوڭ بولغان لوڭ يۈڭتۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىككى قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتكە باغلىنىدۇ. بىر قېتىم تاشقى ئىقتىساد - ئالاقە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، لوڭ يۈڭتۇ تەرجىمانلىققا ئەۋەتىلىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا ئىدارىنىڭ تەرجىمانى ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپ قالمىغان بولسا، بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان بولاتتى. گەرچە بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مىنىستىرغا تەرجىمانلىق قىلىشى بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىس ئىپادىسى بىلەن باشلىقلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرغان.

يەنە بىر قېتىم، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پىلان - تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىدۇ. ئۇ كىشى قويۇق ئامېرىكا تېكساس تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى تەرجىمانلار ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيتتى. لېكىن، لوڭ يۈڭتۇ بۇ قېتىملىق

ۋاقىتلىق ۋەزىپىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلايدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن، سودا - ئىقتىساد مىنىستىرلىقى قارمىقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن بولغان خەلقئارالىق ئالاقە باشقارمىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭدىن بىرقانچە يىل كېيىن، لوڭ يۇڭتۇ جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ، خەلقئارالىق سودا ھەمكارلىق سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

دەرۋەقە، لوڭ يۇڭتۇنىڭ تەقدىرى ئىككى قېتىملىق پۇرسەت بىلەن ئۆزگەرگەن، ئەمما ئۇ كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن، بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئارام ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەنمىگەن، چەت ئەل تىلى سەۋىيەسىنى يۇكسەك دەرىجىگە يەتكۈزمىگەن بولسا، ئاشۇ ئىككى قېتىملىق پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغان بولاتتى.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىڭىزنى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مەنسەپدار ياكى پۇلدار بولۇپ قالمىغانلىقىغا دۆڭگەپ قويىسىڭىزمۇ مەيلى. ئەمما، ھەرقانچە تۆۋەن نۇقتىدىن باشلىغان بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ۋە بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھىڭىز بىلەن تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز.

دۇنيادا «كېچىكىش» دېگەن نەرسە يوق.

ئاننا مارى روبېرتسون موماي رەسىم سىزىشنى 77 يېشىدا باشلىغان بولسىمۇ، ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق، ئەڭ ھوسۇللۇق رەسساملارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئېفىئوپىيەلىك بوۋاي 96 يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى، باشقىلار شۇ يېشىدا «1+1=2» دەپ يېزىپ يۈرگەن يەردە، سىز يەنە قاراپ تۇرامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇتتۇق قازىنالمىسىڭىز مەيلى، ئەمما توختاپ قالماڭ

چېنىقىش زالىغا كۆپ بارسىڭىز، ھەر خىل قىزىقارلىق ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىز. چېنىقىش زالىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ قويۇپلا يۈيۈنغىلى ماڭىدىغانلارنى، ھەرىكەت قىلىۋېتىپ ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان مۇسكۇللۇق ئەرلەرنى، ئوبرازىمغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ، قېنىق گىرىم قىلىپ چېنىققىلى كېلىدىغان قىزلارنى... ئىشقىلىپ ھەر خىل ئادەملەرنى، تۈرلۈك قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆرىسىز. شۇنداق ئادەملەر ئىچىدە ھەرقېتىم چىقىنىپ بولۇپلا تارازىغا چۈشۈپ، شۇ كۈنلۈك چېنىقىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدىغان بىرى بار ئىدى. ئۇ ئادەتتە ھەرقېتىم 20 مىنۇت ھەرىكەت قىلىپ بولۇپلا، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ باقىدۇ، ئازراقمۇ ئورۇقلىمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئازابلىنىپ، شۇنچە تىرىشىپ چېنىقساممۇ نېمىشقا ئۈنۈمى بولمايدۇ دەپ بىرمۇنچە قاقشايدۇ. ئاندىن قېيىداپ، مانا ئەمسە دەپ چىقىپ بولۇشىغا تاماق يەيدۇ. ئەتىسى يەنە ئازراق چېنىقىپ قويۇپلا، تارازىغا چىقىدۇ، قارىسا ئۈنۈمى بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن يەنە قورسىقى ئېچىلىپ كەتكۈچە يەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ئىشلار بەك كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئازراق قۇربانلىق بېرىپلا دەرھال نەتىجىسىنى كۆرمەكچى بولىدۇ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ

قويۇپلا، دەرھال ئۇتۇق قازىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرەلمىسە، ھەممىدىن نارازى بولۇپ، ئۆزىنى تاشلاپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل كېتىدىغانلىقىنى خاتا مۆلچەرلىۋالغان، ئۇلار ئۇتۇق قازىنىشنىڭ قىسقا يولىنى، تېز ئۇتۇق قازىنىشنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئۇتۇق قازانغۇچىنىڭ بىر مەزگىللىك ئۈن - تىنسىز تىرىشقان ۋاقتى، مېھنەت تەرلىرىنى، سانسىز قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئازابىنىڭ يامغۇردەك ياشلىرىنى جىمجىت ئاققۇزغان چاغلىرى بار. نۇرغۇن ئادەملەر بىر قەدەم قالغاندا ۋاز كېچىپ كېتىدۇ. زۇلمەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىققان ئادەملەرلا ئەڭ ئاخىردا ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2011 - يىلى بېيجىڭدا قېلىپ تەرەققىي قىلىشنى قارار قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ناھايىتى مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىم بولدى. «يېڭى شەرق»نىڭ ئوقۇتقۇچىسى دېسە، نۇرغۇن ئادەملەر بىرىنچى بولۇپ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسى يۇقىرى، شەھەردىن شەھەرگە قاتراپ، مەكتەپ بىلەن مەكتەپ ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ دەرس ئۆتىدۇ، مائاشى يۇقىرى دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ.

لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا مەن ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىدە «قىزىقارلىق ئىنگلىز تىلى» تۈرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تاپىدىغان پۇلى بەكلا ئاز بولۇپ، ئۇنچىلىك مائاش بىلەن ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، ئۆيدە تاماق ئېتىپ يېيەلمەيدىغان بىزدەك «مۇساپىر»لارنىڭ كۈن ئالمىقى ھەقىقەتەن تەسكە توختايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام بىلەن سىڭلىمنى باقمىسام بولمايتتى. شۇڭا، «يېنىمدا بىر تىيىن

پۇلى يوق قەھرىمان» غا ئايلىنىپ قالغان چاغلىرىم تولا ئىدى. ھەتتا ئەينى چاغدا بىر ئېغىزلىق ئۆينى بىرلىكتە ئىجارە ئېلىپ تۇرغان «ياتاقداشلىرىم» تۇوك پۇلىنى تەڭ تۆلەيلى دېگەن چاغدا، قاتتىق ئاچچىقىم كەلگەنىدى. گەرچە نەچچە ئون يۈەن پۇل بولسىمۇ، مەن ئەتىگەندە چىقىپ كېتىپ كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدا كېلىدىغان، بەزى كۈنلەردە شىركەتتە قونۇپ قالىدىغان تۇرسام، مەن ھېچقانچە توك ئىشلەتمىسەم، تەڭ تۆلىسەك ئادىللىق بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغانىدىم. شۇ چاغدىكى ئاچچىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان پىسخىكا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن بولغانىكەن. ھەرھالدا، گەرچە ئاچچىقلانغان بولسامۇ، لېكىن سېنخاۋغا ئايلىنىپ قالمىدىم. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار مېنى پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويمىدى.

شۇنداق قىيىن كۈنلەردە ئەگەر كەلگۈسىدە مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك بىر ئورۇنغا ئىگە بولماقچى بولسام، ھەقىقىي تۈردە ئۆزۈمگە تەۋە بولغان رىقابەت كۈچى ھازىرلىشىم، بۇ رىقابەت ئىقتىدارىمنى باشقا ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشۈم كېرەك دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ چاغدىمۇ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەم ياخشى ئىدى، لېكىن جۇڭگودا ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلار سانامدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ كىچىكىمدىن باشلاپ نۇتۇق سۆزلەش جەھەتتە ئەۋزەللىكىم بارلىقىنى ئويلاپ، ئىنگلىز تىلى بىلەن بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچۈمگە ئايلاندۇرماقچى بولدۇم. ئەمما، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇمۇ بىر قىيىن مەسىلە

ئىدى، دەرس ئۆتۈش بىلەن نۇتۇق سۆزلەش ئىككىسى ئىككى ئىش، يەنە كېلىپ نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئىگە. شۇ ھەقتە بېشىم قېتىپ يۈرۈپ، توساتتىن كالللام ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى، «كۈندىلىك پاراڭ» پىروگراممىسىنىڭ مەن ئامراق رىياسەتچىسى جون ستۇۋارتنىڭ ئىپقىم مەسىلىلىرىنى قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەش ئۇسۇلى ئېسىمگە كەلدى. ئىنگلىز تىلى دەرسىنىمۇ شۇنداق شەكىلدە سۆزلەپ، تورغا چىقىرىپ باقسام قانداق بولار؟

2011 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇنجى قېتىملىق تور دەرسىنى سىنىغا ئالدىم، ئۇ چاغدا بۇ پىروگراممىنىڭ ئىسمىنى «بەش مىنۇتلۇق ئىنگلىز تىلى دەرسخانىسى» دەپ قويغانىدىم. مەن ئىشلەتكەن سىنىغا ئېلىش ئۈسكۈنىسى بولسا بىر دانە ئاددىي DV ئاپپاراتى بولۇپ، ئاق دوسكىنى تامغا ئېسىپلا ئىشنى باشلاپ كەتكەن. ئۇ چاغدا «ئاددىيتىنكى ياش، بەدئىي ياش ۋە مەتۇ ياش» دېگەن ئۈچ ئىبارە تور دۇنياسىدا مودا بولغانىدى. مەن مۇشۇ ئۈچ ئاتالغۇنى ئىنگلىز تىلىدا قانداق ئىپادىلەشنى چۆرىدەپ سۆزلىگەنىدىم. دەرسنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ رەسمى ئارقىلىق ئاددىي نۇرئەلى، بەدئىي نۇرئەلى ۋە مەتۇ نۇرئەلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

ۋاقىتنى ۋە پۇلنى تېجەش ئۈچۈن چېچىمنى ئۆزۈم ياسىدىم. كىم بىلسۇن، بىر قايچىلا كېسىپلا غەلىتە قىلىپ قويدۇم، مانا ئەمسە دەپ يەنە بىر قايچا كېسىۋىدىم، تېخىمۇ غەلىتە بولۇپ قالدىم. گەرچە چېچىم غەلىتە، ئۆزۈم ئازراق سېمىز بولسامۇ، شۇ قارارلىق دەرسنى سىنىغا ئېلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم. مەن ئۇ دەرس ئارقىلىق مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: ئاددىيتىنكى ياش، بەدئىي ياش ۋە مەتۇ ياش ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى،

ھەرقانچە قالتىس ئادەمنىڭمۇ مەتۇ بولۇپ قالىدىغان، ھەرقانچە مەتۇ ئادەمنىڭمۇ قالتىس بولۇپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، شۇڭا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىش كېرەك. دەسلەپكى سىن ھۆججىتىنىڭ چېكىلىش قېتىم سانى 5000 بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سانغا قاراپ، ئىككى يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە 50 مىليونغا يېتىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئەينى چاغدا «بىر مەتۇ ئادەممۇ قالتىس ئادەمگە ئۆزگىرەلەيدۇ» دېگەن سۆزۈمنى ئۆز ئەمەلىيىتىمدە ئىسپاتلاپ قىلىشىمنىمۇ ئويلىمىغانىدىم. قەتئىيلىك دەرۋەقە خۇشاللىنارلىق نەتىجە ئېلىپ كەلدى. بۇ جەرياننى كىنو قىلىپ ئىشلىسىمۇ، يامان ئەمەس ماتېرىيال چىقىدۇ. ئىككى يىل ئىچىدە بەش مىڭنىڭ 50 مىليونغا يېتىشى ھەقىقەتەن زور ئىلگىرىلەش، ئەمما بۇ نەتىجىمۇ شۇنىڭغا يارىشا جاپا ـ مۇشەققەت بەدىلىگە كەلگەن.

سىن ھۆججىتىنىڭ مونتاژلىقىنى قىلغۇچىنىڭ ۋاقتىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، دەرسنى سىنغا ئېلىشتىن ئىلگىرى 15~20 قېتىم تاكى بىر ئېغىزمۇ خاتالىق يۈز بەرمىگەنگە قەدەر سىناق سۆزلەپ چىقاتتىم، بۇنداق بولغاندا مونتاژنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. سۆزلۈك سۆزگۈچ، كۆرسەتمە تاختىسى بولمىغان شارائىتتا، شۇنچىلىك سەۋىيەدە سۆزلەنگەن بەش مىنۇتلۇق دەرسنى سىنغا ئېلىش ئۈچۈن 10 سائەت تەييارلىق قىلاتتىم.

ماڭا ئوخشاش ھېچقانداق ھەق ئالماي، سىنغا ئېلىش ئۈچۈنلا سىنغا ئالىدىغان ئادەم كەمدىن كەم تېپىلىدۇ. ھازىرمۇ بەزى ئادەملەر ئىشنى بۆلۈمنىڭ تورى، مەكتەپتىن ھەق بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق سىنغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ھازىرغا قەدەر مەن بۇ

پىروگراممىدا ئۇچۇن بىۋاسىتە ھەق ئېلىپ باقمىدىم. مېنىڭ بۇ پىروگراممىنى ئىشلىتىشىمدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي، ياخشى بولسا، كۆپچىلىك كۆرۈشنى خالىسا، شۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپىمەن، ياخشى قىلالمىسام، قايتا ـ قايتا قىلسام، بۇمۇ بىر خىل ئۆگىنىش، ئىلگىرىلەش جەريانى.

2012 ـ يىلى قىشتا، «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» (酷艾英语) ئاخىرى سىن ئېلىش ئۆيىگە ئىگە بولدى، يەنى باشقا ئوقۇتقۇچىلار ھەقلىق دەرسلىرىنى سىنغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىنكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» نى سىنغا ئېلىۋالساق بولىدىغان بولدى. ئەتىگەن سائەت 9 دىن كەچ سائەت 9 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى «ئالتۇن ۋاقىت» نى ئىگىلىۋېلىشقا بولمىغانلىقتىن، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، كېچە سائەت ئىككىگىچە ئاران سىنغا ئېلىپ بولالىتتۇق. شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ مەزگىللەردە «يېڭى شەرقتىكى ئەرۋاھ» دېگەن لەقەمگىمۇ ئىگە بولۇپ قالدىم.

ئەنە شۇنداق قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە، «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» پىروگراممىسىنىڭ توردىكى چېكىلىش قېتىم سانى دەسلەپكى 3000 ~ 5000 دىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ساندا 50 مىڭ قېتىم ئەتراپىدا چېكىلىدىغان سەۋىيىگە يەتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 500 مىڭ قېتىم چېكىلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» ئۆگىنىش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە قىزىقارلىق بولۇش قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئۇنى كۆرۈش ئارقىلىق قىسقىغىنە ئون نەچچە مىنۇت ئىچىدە قىزىقارلىق بىلىملەرنىمۇ بىلىۋالالايتتى ھەم ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مەقسىتىگىمۇ

يېتەلەيتتى.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە «ھەرقانداق ئىشتا بىلىم بار» دېيىلگەن بىر گەپ بار. بىلىمنى خەنزۇچە سۆزلىگىلىمۇ، ئىنگلىزچە سۆزلىگىلىمۇ بولىدۇ. كۆپچىلىك خەنزۇ تىلى بىلەن شۇنچە كۆپ سۆزلىگەن يەردە، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىسەك نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ شۇڭا مەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان «ئويۇن ئويناپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش» ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندىم، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەڭ مودا بولغان «قەھرىمانلار ئىتتىپاقى» دىكى first blood (بىرىنچى تامچە قان)، double kill (قوش ئۆلتۈرۈش) قاتارلىقلار؛ قىزلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «كورىيە فىلىملىرىنى كۆرۈپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش» ئۇسۇللىرىمۇ بار. كېيىن داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭى ئۇسۇللارنىمۇ قوللاندىم. مەسىلەن، بىر قىسىم قالتىس كىشىلەرنى تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم؛ «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» پىروگراممىسىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەرنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى سىنىپقا ئېلىپ كېلىپ، ئىشقا قاتناشتۇرۇپ، پىروگراممىدا سۆزلىتىش ئارقىلىق، ئىنگلىز تىلىنى مەشىق قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدىم. بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

«نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» كۈندىن ـ كۈنگە قارشى ئېلىندى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلاردىن ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دەرستىن سىرت، ھەتتا دەرس ۋاقتىدىمۇ مېنىڭ ئىنگلىز تىلى پىروگراممامنى قويۇپ بېرىدىكەن. بۇ چاغدىكى خۇشاللىق تۇيغۇسى دەرس سۆزلەپ پۇل تېپىشنىڭ خۇشاللىقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئەينى چاغدا خىزمىتىمنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە

قىلىپ بۇ پىروگراممىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كەچكەن بولسام ياكى ھېچقانداق ھەق بېرىلمىدى دەپ بۇ پىروگراممىنى تاشلىۋەتكەن بولسام، مەن ئويلايمەن، نۇرئەلى بۈگۈنكى نۇرئەلى بولالمىغان بولاتتى. ھەرقانداق ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىشتا كۆز ئالدىدىكى قىسقا مەزگىللىك پايدىنىلا كۆزلىسە بولمايدۇ، قىسقا مەزگىللىك پايدىدىن كېچەلىگەندىلا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۇزاق يولىدا تېخىمۇ يىراقلارغىچە ماڭغىلى بولىدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مانا بۇ غەلىبە ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى، بۇ ئاچقۇچ قولۇمدا بولسا، سانسىز ئىشىكلەرنى ئاچالايمەن.

ھاياتنىڭ مەنىسى پەقەتلا غەلىبە قىلىشتا دېيىلسە، ئادەم ئېرىشىدىغان خۇشاللىق ئانچە كۆپ بولمايدۇ، چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت ئوت يالقۇنىغا ئوخشايدۇ، ئاسمىنىڭىز خۇددى چاقماق چاققانىدەك ۋاللىدە يورۇيدۇ، ئەمما تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتتا قاراڭغۇ تۇرىدۇ. ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسا مەيلى، ئەمما توختاپ قالسا بولمايدۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلىشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىنمۇ مۇھىم نەرسە ھامان بار.

## ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەت كۆزنى تېخىپ قويۇپ بىر قەدەم ئالغا باسقانغا تەڭ

«بۇ ماھىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى 86.7 نومۇر». رىياسەتچىنىڭ شۇنداق جاكارلىشى بىلەن تەڭ تۇنجى قېتىملىق تېلېۋىزىيە نۇتۇق مۇسابىقىسىدىكى سەپىرىم ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا مەغلۇبىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

پەقەتلا 0.1 نومۇر پەرقى بىلەن 2010 - يىللىق «ئۈمىد لوڭقىسى» ئىنگلىز تىلى نۇتۇق مۇسابىقىسى ئوقۇتقۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ چېمپىيونلۇقى قولدىن كېتىپ، ئىككىنچى بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئوسكار مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا سەھنىگە چىقىپ، مۇكاپات ئالالمىغان كىنو چولپانلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەندەك بولدۇم. نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن، ئەمما مۇكاپاتلىنالمىغان تۆت نەپەر چولپان ئېكراندا كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلىرىنى كۆرىسىز، ئەمما ئۇلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەندەك قىياپەتتە، سالاپىتىنى يوقاتمىغان ھالدا، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ رەقىبىنىڭ غەلىبىسىنى قۇتلۇقلايدۇ. مەنمۇ چېمپىيون بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتىم. گەرچە ئۇنىڭ قولىنى بەكرەك سىقىۋەتكەن بولساممۇ، تەبرىكلىدىم.

ئۇ ھەم مېنىڭ تۈرلۈك نۇتۇق مۇسابىقىلىرىدىكى مەغلۇبىيەتلىك سەپىرىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى دېسەم ئازراق خىجىل بولىمەن، ھازىرغا قەدەر مەن نۇتۇق

مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ پەقەت بىر قېتىملا چېمپىيون بولۇپ باقتىم، يەنى «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ناتىقلار مۇسابىقىسىدە، «يېڭى شەرق»نىڭ 18 مىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران بەش ئادەم بۇ شەرەپكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەپسۇس، بۇ مۇسابىقە تېلېۋىزوردا قويۇلمىدى.

ئۇستاز يوللۇق بىر دوستۇم ماڭا مەدەت بەرمەكچى بولۇپ، «ئۇتتۇرۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى قورقۇش» دېگەنىدى. تولا ئۇتتۇرۇۋېرىپ، ئۇتتۇرۇشتىن قورقمىدىغان بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن دەپ ئويلىدىم. ئۇ ماڭا «بۇ گەپتىن ئاجىزلارنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ» دېدى. مېنىڭ قانچە قېتىم يېڭىلگىنىمنى ساناشقا ۋە ئەزەلدىن قورقمايدىغان روھىمنى ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كەلسە، مېنى مۇتلەق كۈچلۈكلەر قاتارىغا تىزىش كېرەك.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شۇ قېتىملىق نۇتۇق مۇسابىقىسىدىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ئادالەتسىزلىك قىلىندى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن مۇسابىقە جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىرى بىرىنچىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەنىدىم. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ بىرىنچى ئۆتكىلى ئاخىرلاشقان چاغدا رەقىبىمدىن تۆت نومۇر ئالدىدا ئىدىم. مۇسابىقە قائىدىسى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىلىپ، بىرىنچى ئۆتكەلنىڭ نەتىجىسى ئىككىنچى ئۆتكەلنىڭ نەتىجىسىگە قوشۇلمايدىغان بولدى. شۇڭا، ئىككىنچى ئۆتكەلدىكى تەييارلىقسىز نۇتۇق سۆزلەشتە ماڭا «مۇرەسسە ـ مادار يولى» نىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان تېما چىقىپ، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. رەقىبىمگە بولسا،

«سىزنىڭچە خەنزۇ تىلى كەلگۈسىدە دۇنيا تىلى بولالامدۇ» دېگەن سوئال چىقىپتۇ.

تەقدىر ـ پېشانە دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مۇسابىقە قائىدىسى ھەرقانچە نامۇۋاپىق بولسىمۇ، قانداقلا باھانە تاپقان بىلەنمۇ، ئۆتتۈردىكىمۇ، بولدى، ئارتۇق سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق. كۆپ قىسىم كىشىلەر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، پىسخىكا جەھەتتە مۇنداق تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

① قوبۇل قىلالمايدۇ، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ؛ ② قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، گۇناھنى باھالىغۇچىلارغا ئارتىدۇ؛ ③ پەردە ئارقىسىدىكى قارا قوللاردىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ، چوقۇم بىرەر چاتاق باردەك ھېس قىلىدۇ؛ ④ ئەمدى ئىككىنچى تېلېۋىزورغا چىقمايمەن، مۇسابىقە دېگەن نەرسىگە ھەرگىز قاتناشمايمەن دەپ قەسەم ئىچىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى مەن يېرىم سائەت ئىچىدە بۇ تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ، بەشىنچى باسقۇچقا، يەنى مەسىلىنى ئۆزىدىن ئىزدەش، سەۋەنلىكلەرنى يەكۈنلەش، مەغلۇبىيەتكە كۆلۈپ قويۇپ، كېيىنكى قېتىملىق سىناققا تەييارلىق قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتۈم.

شۇ قېتىملىق مۇسابىقە ئۈچۈن، تەپسىلاتلارغىچە ئىنچىكە تەييارلىق قىلغانىدىم. ئەڭ ئاخىرقى نۇتۇق باسقۇچىدا، سەھنە جابدۇقلىرىدىن تارتىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ، سېھىرگەرلىك ئويۇنى كۆرسەتتىم، ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كىيىم سالدىم. شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، مەن گەرچە مەركىزىي تېلېۋىزىيە قانىلىدا نۇتۇق سۆزلىگەن تۇنجى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولمىساممۇ، كىيىم سېلىش بىلەن نام چىقارغان تۇنجى نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما، ئەنسىرىمەڭ، مەن پەقەت سىرتىدىكى كىيىمنىلا سالدىم.

ئىچىدە نۇتۇق تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كىيىم بار ئىدى. مەن بۇلارنى ساق بىر ھەپتە باش قاتۇرۇپ تەييارلىغانىدىم.

نۇتۇققا تەييارلىق قىلىشتىن تارتىپ، لايىھەلەشكىچە بولغان ھەربىر ھالقىلارغىچە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولساممۇ، ئەينى چاغدا ئوقۇغان كىتابلىرىم ئاز، بىلىمىم يېتەرسىز، غەرب مەدەنىيىتىنىلا تەتقىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە سەل قارىغانلىقىم ئۈچۈن، «مۇرەسسە ـ مادار يولى» توغرىسىدا سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، بىلىم قۇرۇلمامنىڭ تېيىزلىقى چېنىپ قالدى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە باھالىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ بىلىملىك پىروفېسسورلىرى تۇرسا. مەن شۇ قېتىملىق نۇتۇق مۇسابىقىسىدە ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ساۋاق شۇ بولدىكى، بىلىمى بولمىسا، قارىسىغا گەپ قىلماسلىق كېرەك ئىكەن، ھەقىقىي نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن بىلىمى بولۇش، لوگىكا بىلىش كېرەك ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئوقۇش پىلانى تۈزدۈم، مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم ھەپتىدە بىر پارچە كىتاب ئوقۇشنى پىلانلىدىم.

ھالبۇكى، بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپلا، كېيىنكى قېتىم چوقۇم غەلىبە قىلىمەن دېگىلى بولمايدىكەن. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، ئەنخۇي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇتتۇم. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە، ئىلگىرىكى

www.uyghurkitap.com

ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلالايدىغان، مول مەزمۇنلۇق سۆزلەش قارارىغا كەلگەنىدىم. بىرىنچى ئايلانمىدىكى قارىماي تاللاش ئۆتكىلىدە «34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى» نى سۆزلىدىم. بۇ ئۇسۇلنى مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن، شۇنداقلا بۇ ئۇسۇل خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىرىنچى ئۆتكەلدە لۇ يۇ، لى يوڭ، لى جيا، لىن جيىڭ قاتارلىق تۆت يېتەكچى ئۇستاز بىردەك بېلەت تاشلىغان تۇنجى ماھىر بولۇپ، تاللاشتا قالدىم. لېكىن يېتەكچى لى جيا گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماستىن، لوگىكىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىپ، ھېسسىياتقا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تۇيغۇسىغا سىڭىپ كىرىشكە سەل قارىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىنچى ئۆتكەلگە كەلگەندە، لى جيا مۇئەللىمنىڭ پىكىر ـ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، لۇ يۇ ھەدە ۋە ھەرقايسى يېتەكچىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۈم.

لېكىن ئۈچىنچى ئۆتكەلگە كەلگەندە، ئاڭلىغۇچىلارنى چۈشىنىش نۇتۇق سۆزلەشتىكى يادرولۇق ئامىل دېگەندىن ئىبارەت يېڭىلا ئۆگەنگەن بىر نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپتىمەن. لى جيا مۇئەللىم نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياش ـ قۇرامى، جىنسى، يەرلىك ئەھۋالى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئالدىن توپلىۋالىدىكەن. بىراق مەن سۆزلىگەن ۋاقتىمدا، ساپلا ئۆزۈمنى، يۇرتۇمنى ۋە ئۆزۈم تەۋە قەۋمنىڭ ئىشلىرىنى مىسال ئاپتىمەن، ئەمما ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭدىن كەلگەنلەر يوق دېيەرلىك بولغاچقا،

«باشقىلارغا ماركا چاپلىماڭ» تېمىسىدىكى نۇتقۇمنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئانچە زور بولمايدۇ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ ئاخىردىكى بېلەت تالىشىدىغان چاغدا، ئۆزۈمچە باتۇرلۇق قىلىپ، لى يوڭ مۇئەللىم بىلەن چىن جيەنبىن (لىن جيياڭ مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا يېتەكچى بولغان) مۇئەللىم ماڭا بېلەت تاشلاشنى ئويلاپ، ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، 8% بېلەتتىن قۇرۇق قالدىم. يەنە كېلىپ، يېنىمدىكى «سىرلىق قورال» نى ئاياپتىمەن، بىرىنچى قېتىملىق نۇتۇق تېلېۋىزوردا تارقىتىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا مىكرو بىلوگدا خەت يېزىپ، مېنىڭ 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلۇمنىڭ ئۆزلىرىگە ناھايىتى زور ياردىمى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، رەھمەت ئېيتقانىدى. مەن ئۆزۈمچە بۇ كوزىرنى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ۋاقىتتا ئىشلىتىمەن دەپ ئاياپ كېتىپتىمەن. ئېچىنىشلىق يېرى شۇ بولدىكى، قولۇمدىكى كوزىرنى تېخى چىقارماي تۇرۇپلا، يەنە بىر قېتىم ئېچىنىشلىق ھالدا شاللىنىپ كەتتىم.

يەنە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر زەربە بولۇشى مۇمكىن. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلالماسلىق، غەزەپلىنىش، گۇمانلىنىش، «ۋاي بولدىلا» دەپ ۋاز كېچىپ كېتىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما مەغلۇبىيەتنى تاماق ئورنىدا يەيدىغان مەندەك بىر ئادەم بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. مۇسابىقىدىن نارازى بولىدىغان، رەقىبىنى تىللايدىغان، دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان ئىشلىرىم ئەسلا يوق.

ياۋمىڭ مۇنداق دەيدۇ: مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغدا، مۇنداق ئويلىساڭمۇ بولىدۇ: شۇنداق، بۇ بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. بۇ مەغلۇبىيەت ئەڭ ئاخىردا غەلىبە قىلغان ۋاقتىمىزدا، مەيدىمىزگە ئېسىلغان مېداليونغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەت كۆزى باغلاقلىق ھالدا مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ بىر قەدەم باسقانغا ئوخشايدۇ، كېتىدىغان ئىش بولىسىمۇ، مەردانە ھالدا كېتىش كېرەك. بۇ خۇددى مەن ياخشى كۆرىدىغان پۇتبولغا ئوخشايدۇ، ھەقىقىي قوبۇل قىلغىلى ۋە كەچۈرگىلى بولمايدىغىنى يېڭىلىش ئەمەس، بەلكى مۇسابىقىدىن ۋاز كېچىپ كېتىش. مۇۋەپپەقىيەتكە قانچىلىك يېقىنلاپ قالغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز، چۈنكى سىزنىڭ كۆزىڭىز باغلاقلىق. كۆزىڭىزنى ئېتىۋالغىنى مەغلۇبىيەت قايغۇسى. قايغۇنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەقلىڭىز بىلەن ئويلىسىڭىز، ئەمەلىيەتتە مەغلۇبىيەتنىڭمۇ سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىڭىزگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

قىزىق يېرى، مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان چاغدا، مەن بىرازىلىيەدە دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈۋاتاتتىم. نۇرغۇن دوستلىرىم ماڭا تەسەللى بېرىپ ئېلخەت يوللاپتۇ: «ئەلى، سەن چوقۇم مەغلۇبىيەتنىڭ كۆڭەلگۈسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىڭ كېرەك». ھەتتا مېنىڭ رەقىبىممۇ مېنىڭ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئويلاپ قالدىم، مەن ھازىر بىرازىلىيەدە تۇرسام، بۇنىڭدىنمۇ يىراققا كېتىشىم كېرەكمۇ؟

مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى تۆت باسقۇچتا توختاپ قالماي، دەرھال بەشىنچى باسقۇچقا ئۆتۈڭ. مەغلۇبىيەت بىر ئادەمنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى شوتىمۇ بولالايدۇ، پۇتلىكاشاڭمۇ بولالايدۇ.

ھاياتلىق بىر - بىرىگە ئۆلىنىپ كەلگەن تاللاشلاردىن تەركىب تاپقان، سىزنىڭ تاللىشىڭىز دەل سىزنىڭ ھاياتىڭىزدۇر.

مەغلۇبىيەتكە يولۇقسىڭىز، نېمىنى تاللايسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھاياتنى گۈزەل ئىشلارغا ئىسراپ قىلىش

مېنىڭ ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلۇمنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇنداق سورايدۇ: سەن بىر ماشىنا ئادەممۇ؟ ئازراق ۋاقتىڭنىمۇ ئىسراپ قىلمامسەن؟ بۇنداق ياشاپ ھارمامسەن، زېرىكمەمسەن؟

مېنىڭ تور ئويۇنى ئويناپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەنلەرمۇ ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ، سەن نېمىشقا بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئوينايسەن، كېچىچە ئۇخلىماي، ئارامىمۇ ئالماي ئويناپ، نېمىگە ئېرىشتىڭ دەپ سورايتتى.

بىرىنچى سوئالغا دەيدىغىنىم شۇكى، مەن قىلغان ئاتالمىش ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان ئىشلار باشقىلاردىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. مەن شاھمات ئويناشقا، تور ئويۇنلىرىغا، خام خىيال قىلىشقا ئامراق، باشقىلار 20 مىنۇت يۇيۇنسا، مېنىڭ 40 مىنۇت يۇيۇنىدىغان چاغلىرىممۇ بار.

بېيجىڭدىكى «كائىناتنىڭ مەركىزى» دەپ ئاتىلىدىغان «بەش كوچا ئېغىزى» (五道口) دا ئەرەبلەرنىڭ بىر چايخانىسى بار، مەن ئۇ يەرگە پات - پات بېرىپ، بىر چەينەك چاي بۇيرۇتۇپ قويۇپ، بىرقانچە سائەت ئىچىمەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە سادىر قىلغان خاتالىقلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىمەن، يوقىلاڭ كىتابلارنى ئوقۇيمەن، دوستلار بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇرىمەن. ھەتتا بىر چاغلاردا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تيەنئەنمېن مەيدانىغا

ۋېلسىپىتلىق بېرىپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈپ كېلىدىغان چاغلىرىممۇ بولغان. مېنىڭمۇ ئاشۇ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن تەپكۈچلۈك موتوسىكلىتنى مىنىپ، بەشىنچى ئايلانمىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا باغچىسىغا بېرىپ، شەپەق نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل مەنزىرىلەر ئالدىدا سۈرەتكە چۈشۈپ، دۇنيانى ساياھەت قىلىشقا، ئاشۇ جايلارغا بېرىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە بەل باغلىغان چاغلىرىممۇ بولغان.

ئىككىنچى سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى، قارىماققا ئەھمىيەتسىزدەك، پايدىسى يوقتەك بىلىنگەن ئىشلار، بىھۇدە سەرپ قىلىنغان ۋاقىتلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، مەن ئىلگىرى قىلغان نۇرغۇنلىغان ئەھمىيىتى يوق ئىشلار كېيىنكى چاغلاردا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۆمۈرلۈك ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن بىر قارارغا، يەنى گىتار ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. ھەممىگە ئايان، ئادەمنىڭ چىرايىغا قارايدىغان بۇ زاماندا، كېلىشكەن ئوغۇللار پەقەت چىرايىغا تايىنىپلا قىزلارنى جەلپ قىلالايدۇ. ماڭا ئوخشاش تاشقى قىياپىتىنىڭ ئانچە تايىنى يوقلار بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولمىسا، قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدۇ. ساز چېلىشنى ئۆگەنگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىرايى «كىشىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان» لار بولۇپ، گىتارنى، بولۇپمۇ قاپاق گىتارنى ياخشى چالىدىغانلارمۇ ئاساسەن سېمىزراق ئادەملەر ئىچىدىن چىقىدۇ. دەرۋەقە، ئەينى چاغدا مەنمۇ 90 كىلوگىراملىق بودەك ئىدىم.

مەن ئاتامغا «مېنى پۇتبول ئويناشتىن مەھرۇم قىلدىڭ،

ئۇنداق بولغاندىكىن، مىنى گىتار ئۆگىنىشتىن توسما» دېدىم. مەن خىيالىمدا ئاتام ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يېتىدۇ دەپ قوشۇلماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن، بۇ گەپلەرنى كېكەچلەپ تۇرۇپ ئاران ئېغىزدىن چىقىرىشىمغىلا، ماقۇل دەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنچە تېزلا ماقۇل دەۋەتكىنىدىن، ياش ۋاقىتلىرىدا گىتار چېلىپ قىز كەلتۈرمەكچى بولغان كەچۈرمىشى بولسا، يېتەلمىگەن ئارزۇسىنى ماڭا مىراس قالدۇرۇشنى ئويلاۋاتامدۇ نېمە دەپ گۇمانمۇ قىلىپ قالغانىدىم.

قىشتا سىنىپ سوغۇق، قولىمىز مۇزلاپ كېتەتتى. مەن قاپاق گىتار ئۆگىنىمەن دەپ تۇرۇپ، گىتارنى خاتا ئېلىپ ساپتىمەن. بۇ سازنى ئۆگىنىش دەسلەپتە بەك تەسكە توختىدى، ئۇستازىممۇ تازا بىر ھاڭۋاقتى چىقىپ قېلىپ، ئەستايىدىللىراق ئۆگەتمەپتۇ. ئەمما ئەر كىشىدە ئايالالارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئارزۇسى شۇقەدەر كۈچلۈك بولىدىكەن، قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، مەنمۇ جېنىمنى تىكىپ قويۇپ مەشىق قىلدىم. باشقىلار بىر ئايدا ئاران ئۆگەنگەن مۇزىكىنى بىر ھەپتىدىلا ئۆگىنىپ بولدۇم. ئەلۋەتتە، بۇمۇ مېنىڭ باشقىلاردىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. شۇ چاغدا بارماقلىرىم قاپىرىپ كەتكۈچە مەشىق قىلىپ ئۆگەنگەن مۇزىكىلاردىن «رومانتىكا»، «بوشلۇقتىكى قەلئە» قاتارلىقلارنى ھازىرمۇ چېلىپ قويىمەن.

گىتارنى خېلى ياخشى چالىدىغان سەۋىيەگە يەتكەن بولسامسۇ، پايدىسى بولغاندەك قىلمىدى، ئۆزۈم يالغۇز زېرىككەندە، مۇگدەك باسقاندا ئۆز - ئۆزۈمگە چېلىپ بېرىپ يۈردۈم. ئەمما ئالىي مەكتەپتە ۋە خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، گىتار چېلىش ماھارىتىم خېلى ئەسقېتىپ قالدى.

تەرجىمىھالىمنى يازغاندا قانداق ئارتۇقچىلىقىڭىز بار دېگەن يەرگە، قىلىچە ئىككىلەنمەستىن «گىتار چېلىش» دېگەن ئىككى سۆزنى يازالىدىم. خىزمەت ئورنۇمدىكى پائالىيەتلەردە، بىرەر پەدە ئورۇنلاپ بەرسەم، كۆپچىلىك ماڭا ھەۋەس قىلىپ قارىشىپ كەتتى.

ئاتام ۋاقتىنى بەك تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئويۇن - تاماشا بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى خىزمەت، كىتاب ئوقۇش، «مەملىكەت خەۋەرلىرى» كۆرۈشتىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان مۇشۇ ئۈچ ئىش بىلەنلا ئۆتەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭ دوستى بىلەن شاھمات ئوينىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ شاھمات ئويناۋاتقان چاغدىكى ھالىتى «پوپ» ناملىق فىلىمدىكى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش كېتەتتى. ئاتام شاھمات تاختىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى، ئىككىسى تۆت سائەتكىچە بىرەر ئېغىز مۇ گەپ قىلىشمىدى. ئاشۇ چاغدىن باشلاپ شاھماتقا چوڭقۇر مېھرىم چۈشۈپ قالدى ھەمدە شاھمات ئۆگىنىشنى باشلىدىم. بۇ ئويۇننى تىپتىنچ ئولتۇرۇپ ئوينىغاندەك قىلغان بىلەن، ئاشۇ تىنچلىق ئىچىگە نۇرغۇن تەپەككۇر يوشۇرۇنغان: قارشى تەرەپكە پىلانىڭىزنى چاندۇرۇپ قويماسلىقىڭىز، بىر قەدەمدىلا ئۈستۇنلۈككە چىقىشنى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىۋېلىشنى ئويلىماسلىقىڭىز كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ تەرىپى تۇرمۇشقا تولىمۇ ئوخشايدۇ، ھەربىر قەدەمنى ئويلىنىپ بېسىش، پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. بىر قەدەمنى خاتا باسقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرماق

www.uyghurkitap.com

بەك تەسكە توختايدۇ. شاھمات ماڭا قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇش، ئىمكانقەدەر پۇشايمانغا قالمايدىغان ئىشنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى.

مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى 12 يېشىمدا باشلىغان بولۇپ، كۆپ قىسىم كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىرقەدەر كېچىكىپ باشلىغان ھېسابلىنىمەن. ئىنگلىز تىلىغا بولغان قىزىقىشىم ئەمەلىيەتتە «يۇلتۇزلار ئارا ئۇرۇش» ناملىق ئويۇندىن كەلگەن. بۇ ئويۇن جۇڭگودا 15 يىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، ئىچىدە بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ يوق، شۇنداقتىمۇ تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتۇق. بۇنىڭدىن قىزىقىشنىڭ ئۆگىنىشكە نەقەدەر ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ ئويۇننى خېلى ئۇزاق ئوينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا چىقىدىغان ئىنگلىزچە خەتلەرنى تەتقىق قىلىپ باقتىم. ئۇنىڭدا مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈپ، «پۇل» غا ئېرىشىدىغان بىر يېرى بار، بۇ چاغدا SHOWMETHEMONEY دېگەن ھەرپلەرنى كىرگۈزەتتۇق. ئەينى چاغدا بىز بۇ ھەرپلەرنى بىر - بىردىن يادلىغانىدۇق. مەن بۇ مەخپىي نومۇرنى تەتقىق قىلىپ، ئەسلىدە «Show me the money» (ماڭا پۇل بەر) دېگەن گەپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. باشقىلار ئويۇن ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىنى مۇنداقلا ئۆگىنىپ قويغان بولسا، مەن خېلى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلدىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئىنگلىزچىسى بار، ھەتتا جۇڭگو تارىخىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇش ئارقىلىقمۇ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. باشقىلارغا قارىغاندا كىچىككىنە بولسىمۇ كۆپرەك تىرىشسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەردىن ئازراق بولسىمۇ ئارتۇق ئىشلەپ قويسىڭىز، غەلىبە سىزنىڭ بولىدۇ. كىملەر

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولىدۇ، باشقىلار 1 نى قىلسا، 1.5 نى قىلغان، باشقىلار 2 نى قىلسا، 3 نى قىلغان ئادەم، تاما ـ تاما كۆل بولىدۇ، بىلىمى دېگەندەك ئاز ـ ئازدىن يىغىلىپ، ئاخىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. مەن بۇ ئويۇندىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېپىۋالدىم، بىر قىسىم ھايات ھەقىقەتلىرىنى بىلىۋالدىم.

لېكىن، مەن ئاشۇ ئويۇندىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرىمەن. «ئالۋاستى شەھىرى» نى ئوينايدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى قورال ـ جابدۇققا ئېرىشىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تەجرىبە توپلاش ۋە ياكى باشقىلارنى يېڭىۋېلىشنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئوينايدۇ. مەن ئويۇن ئىچىدىكى ھەر خىل مەيدانلاردا سەيلە قىلىشقا، مېڭىپ يۈرۈشكە ئامراق، ئويۇن ئىچىدە كۈننىڭ چىقىشىنى، ئولتۇرۇشىنى كۆزىتىمەن، ھەر خىل خىيالىي مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىمەن. مەن ئويۇن ئىچىدە ئەنە شۇنداق «بىكار يۈرىدىغان» بولغاچقا، نۇرغۇن دوستلىرىم مەن بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايدۇ. «پۇلنى ئىسراپ قىلىۋاتىسەن، ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتىسەن» دەيدۇ. بۇ تور ئويۇنى ئوينىمايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماڭا «ئويۇن ئويناپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما، ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

ئەمما، دەل ئاشۇ «ئەھمىيەتسىز» ئاتالغان ئىشلار مېنىڭ ھاياتىمغا مەنە بېغىشلايدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈرەكنىڭ قانچە قېتىم سوقۇشىغا باغلىق بولسا، ئۆمۈرنىڭ قېلىنلىقى ئادەمنى جىددىيلەشتۈرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجاندىن يۈرەكنى دۈپۈلدەپ سوقتۇرۇۋېتىدىغان ۋاقىتلارغا

باغلىق بولىدۇ. «ئالۋاستى شەھىرى» دە سانسىز قېتىملىغان شۇنداق ۋاقىتلىرىم بولدى. ئاجايىپ گۈزەل، رەڭدار سەرخىل مەنزىرىلەرنى كۆردۈم ھەمدە ھەمكارلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئاشۇنداق چاغلاردا، يەنە ئويۇن ئىچىدە «بىكار» يۈرگەن چاغلاردا، يالغۇز ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىدىن، تەپەككۇر قىلىشنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولدۇم، ھايات كارتىنىسىنىڭ يېڭى قىياپەتلىرىنى ئىزدىدىم. دەل ئاشۇ چاغلار مېنىڭ ھاياتىمغا مەنە، رەڭ بېرىپ كەلدى.

مېنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگەم ھېسابلىنىدىغان «34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى» دەل تور ئويۇنىدىن كەلگەن. سىتتۇن جوبسىنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: ھەرقانداق نەرسىنى ئاخىرىدىن باشلاپ كۆزەتسىڭىز، باغلىنىشىنى تاپالايسىز، بېشىدىن ئاخىرىغا كۆزەتسىڭىز، ئۆگەنگۈدەك ھېچ نەرسە چىقمايدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپتە بىكارچىلىقتىن ۋە ياكى قىزىقىپ قالغانلىقتىن، خەتتاتلىقنى ئۆگىنىپ قويغانىكەن. شۇ چاغدا مەقسەتسىزلا ئۆگىنىپ قويغان نەرسىلەر كېيىنكى چاغلاردا ئالما مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆركەملىكىدە قايتا نامايان بولدى.

ئەھمىيەتسىز كۆرۈنگەن، مەقسەت - مۇددىئاسى ئانچە ئېنىق بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىش، ناۋادا سىز ئىلگىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن بېرىلىپ قىلغانلا بولسىڭىز، ھامان بىر كۈنى ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

CHAPTER 4 تۆتىنچى باب

# ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىڭ

*ئەگەر ۋاقىت خاتىرىلەنمىسە، تۇرمۇش يۈز بەرمىگەن ئۆتمۈشكە ئوخشاپ قالىدۇ.*

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆمۈرنى يەيدىغان يوشۇرۇن قارا ئۆڭكۈر

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا كۆپچىلىك تاماق ۋاقتىدا تېلېفون ئوينىمايمىز، كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىمىز دەپ كېلىشىپ قويدۇق. باشتا ھەممىمىز سەل كۆنەلمىدۇق، لېكىن بارا ـ بارا ھەممەيلەن يۈزمۇيۈز سۆھبەتكە ھەقىقىي تۈردە كىرىشىپ كەتتۇق. لېكىن، مەن بىر دوستىمىزنىڭ كۆڭلى پەقەتلا جايىدا ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. ھەر قېتىم كۆزىمىز ئۇچراشقاندا، دەرھال باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتى. ئۆزۈمچە ئويلاپ قالدىم: ئەجەبا مېنىڭ سېھرىي كۈچۈم شۇنچە زورمىدۇ؟ زىياپەت ئاخىرلىشىپ، ھېلىقى دوستىمىز يان تېلېفونىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى چىقىپ كەتكەن روھى ئاخىرى قايتىپ كەلگەندەك، كەيپىياتى جايىغا چۈشكەندىلا، ئەسلىدە ئۇنىڭ تېلېفونغا باغلىنىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، تېلېفوندىن ئايرىلسىلا، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي قالىدىغانلىقىنى بىلدىم.

يان تېلېفون، بولۇپمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتتى. 2007 ـ يىلى جوبس ئايفون تېلېفونغا يېڭى ئېنىقلىما بېرىدۇ دېگەن چاغدا، ئايفوننىڭ ئىنسانلارنىڭ دىققەت مەركىزىنىمۇ يۆتكەپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى چاغلاردا، تۇرمۇش قانچىلىك ئالدىراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر كۈنى بىرەر يېرىم سائەت بولسىمۇ ئوي ـ

پىكىرنى بىر يەرگە يىغىدىغان ۋاقىت چىقاتتى. ھازىر، ئادەملەر ھەر ئالتە مىنۇتتا بىر قېتىم تېلېفونغا قاراپ باقىدۇ. يان تېلېفون بىزنىڭ روھىمىزنى پارچىلاپ تاشلىدى، ئوي - خىيالىمىزنى ئوغرىلاپ كەتتى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مىكروبلوگلارغا، «مەكتەپ سەيناسى» تورىغا چىقاتتۇق، ئەمما پەقەت كومپيۇتېردىلا چىقاتتۇق. ھازىر ھەممە ئادەم دوستلار چەمبىرىكىگە چىقىدۇ، ئادەم بارلىكى يەردە يان تېلېفون بار، يان تېلېفون بارلىكى يەردە دوستلار چەمبىرىكى بار ھالەت شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يەنە ئاز بولمىغان «يۈرەك سەۋدالىرى» بارلىققا كەلدى، دوستلار چەمبىرىكىگە نېمىلا چىقىرىلغان بولسا، يۈرەك بېرىپ باقىدۇ. مېنىڭ كاللامدىن ئەڭ ئۆتمەيدىغىنى شۇكى، بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزىگە ئۆزى يۈرەك بېرىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ، ياشلىق مەزگىللىرىمىزدە، «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى» دا شاكىلات تاپشۇرۇۋالالمىغاندا، بىر دوستۇمنىڭ ئۆزى بىر قاپ شاكىلات سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئۇستىلىگە قويۇپ قويۇپ، يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، خۇددى راستتىنلا شاكىلات تاپشۇرۇۋالغاندەك، ئۆزىنىڭمۇ قىز دوستى باردەك خۇشال بولۇپ كەتكىنى ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ.

يۈرەك بەرسىمۇ بەرسۇن، چەمبىرەككە چىقسىمۇ چىقسۇن، ئەمما يان تېلېفون بىزنى كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسىلەرگە دىققەت - ئېتىبارىمىزنى ئاغدۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى.

ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن دوستلار ئاران بىر كۆرۈشكەندە، بۇرۇنقى ئىشلار، ھازىرقى كۆڭلەر توغرىسىدا ئوبدان بىر پاراڭلاشسا توغرا بولاتتى. ئەمما مەنمۇ بېشىمنى ساڭگىلىتىپ تېلېفون ئويناپ ئولتۇرىمەن، سىزمۇ بېشىڭىزنى

كۆتۈرمەي تېلېفون ئوينايسىز، ئالدىمىزدىكى رېئال ئادەمنى تاشلاپ، چەمبىرەكتىكى مەۋھۇم دۇنياغا كىرىپ كېتىمىز.

ئوخشىغان تاماقلار ئالدىمىزغا قويۇلغان چاغدا، تاماقنىڭ تەمىنى، ھۆزۈرىنى تېتىپ يېيىشنىڭ ئورنىغا، تېلېفونلىرىمىزنى چىقىرىپ، تاماقنى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن رەسىمگە تارتىپ، باھالارنى يېزىپ، چەمبىرەككە يوللايمىز. ئاندىن تاماق يېگەچ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرەك بېرىشىنى كۈتىمىز.

مۇنداق بىر مەزمۇننى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە: «... ئاۋۋال QQ نى ئۆچۈرۈپ، ئۈندىدارنى يۇيۇپ، بىلوگنى تاقايدۇ؛ كومپيۇتېرنى، تېلېفوننى تارتمۇۋېلىپ، Ipad نى چىقىپ، Wi - Fi نى، تورنى ئۈزۈپ تاشلاپ، سېنى چەكسىز زېرىكىش ئىچىگە تاشلايدۇ. ئاندىن جىمجىت ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ ئۆتمۈش ھەققىدە ئويلىنىسەن، چېنىقىسەن، كىتاب ئوقۇيسەن، ساز چالىسەن، خەت يازىسەن، ئەقىل بۇلىقىڭ ئېچىلىدۇ، پىكىر يولۇڭ كېڭىيىدۇ، بۈيۈكلەردىن بولۇپ قالىسەن».

ئامېرىكا پروفېسسورلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرقى كىشىلەر multi - screen syndrome (كۆپ ئېكران كېسەللىكى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېڭى كېسەللىككە ناھايىتى ئاسانلا گىرىپتار بولىدىكەن. كىشىلەر ھەمىشە تېلېۋىزور كۆرگەچ كومپيۇتېرنى ئېچىۋالىدىكەن، ئاندىن پات - پات تېلېفونىغا قاراپ قويىدىكەن. بۇ ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئىشنى تەڭ قىلماقچى، تۇرمۇشتا ئۈنۈمنى كۆتۈرمەكچى بولىدىكەن. ئەمما، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، بۇنىڭ ئۈنۈمى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلا ئىشنى قىلغاندىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ، ئاتالمىش ئۈنۈمنى

كۆتۈرۈش ئەمەلىيەتتە خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

ھەرقانداق بىر شەيئىدە ئەكسىگە تەرەققىي قىلىش خاھىشى بولىدۇ. پەن ـ تېخنىكىمۇ شۇنداق. زىيادە تەرەققىي قىلىپ كەتكەن پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ يامراپ كېتىشى روھىيىتىمىزگە خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئادەم ئۆي ـ پىكرىنى بىر يەرگە يىغالمىغاندىلا، چوڭقۇر بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمكەلەيدۇ. بىرلا ئىشنى قىلىش، بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئۆي ـ پىكرنى يىغىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىققەتنىڭ چېچىلىشى قەلبىمىزنى تەشۋىشكە، ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ.

مەن ئۆزۈم تېلېفونغا قارشى داغلىق چەۋەنداز بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئېغىر دەرىجىدە تېلېفونغا بېقىنىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىر بىمارمەن. دىققىتىم ھەتتا ئۆزۈم قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە چېچىلىپ كەتكەن چاغلىرىم بولغان. شۇ چاغلاردا ئۇنىدارنى قانچە قېتىم ئۆچۈرۈپ، قانچە قېتىم قاچىلاپ بولغىنىمنى بىلمەيمەن. ھەرقېتىم ئۆچۈرۈپ بولۇپ، يېرىم سائەت ئۆتمەيلا، خۇددى ئۆمۈرلۈك تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئۇچۇر كېلىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، يەنە قاچىلايتتىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر ئامالنى ئويلاپ تاپتىم، يەنى ئۇنىدارنىڭ چەمبىرەك ئىقتىدارىنى ئېتىۋەتتىم. دۇنيا بىردىنلا تىنچلىنىپ قالغاندەك بىلىندى.

گەرچە چەمبىرەك ئىقتىدارىنى ئېتىۋەتكىنىمنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئاغزىمدا قارىغۇم يوق دەپ تۇرساممۇ، قولۇم ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. چەمبىرەكنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئورۇندا «扫一扫» دېگەن

كۆزنەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولدى. بەزىدە، تېلېفوننى ئېچىپ، سائەتكە قارىماقچى بولغان چېغىمدا، باشقا ئالتىقىم ئىختىيارسىز هالدا ئۈندىدارغا تېگىپ كېتىپ، بىر ئۈن چەمبىرەك ئىقتىدارى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇنغا بارماقلىرىم يۆگۈرۈپ كېتەتتى.

تېلېفون قاتارلىق ئۈسكۈنىلەردىن باشقا، بىزنىڭ ۋاقتىمىزنى ئوغرىلاپ يەۋاتقان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارمۇ ناهايىتى كۆپ.

ئەتىگەندە سائەت سەككىزدە ئويغىنىپ تۇرۇپ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ سائەت توققۇز بولغۇچە كارىۋاتتا ئېغىناپ ياتىمىز - دە، بىر سائەت ۋاقتىمىز بىهۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ.

دوستىمىز بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشماقچى بولىمىز - يۇ، بىلىپ - بىلمەي تۆت سائەت بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا قىلىشقۇدەك گەپ قالمىغان چاغدىمۇ، كۆڭۈل ئاياپ، «بۇگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن» دېگەن گەپنى ئاسانلىقچە ئېغىزدىن چىقىرالمايمىز.

بەك كۆرگۈمىز بار پىروگراممىا يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە توختىماي قانال يۆتكەپ، ئاخىردا كۆرۈپ ياد بولۇپ كەتكەن ئېلانغا قارىغىنىمىزچە تىزگىنەكنى قۇچاقلاپ هاڭۋېقىپ كېتىمىز.

بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، تۇرمۇشتا ھامان بىر قىسىم ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان گەپ ئىكەن. لېكىن، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىسراپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ياخشى بىر كىنو كۆرۈش، بىر سائەت پەي توپ ئويناش، بىردەم ئاپتاپقا قاقلىنىش.... دېگەندەك. مەن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ ۋاقتىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ باققان. 2014 - يىلىدىكى 365 كۈن، 8760 سائەت ۋاقتىمدىن 775 سائەت، يەنى 32.929

كۈن، يەنى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتنى مىكرو بىلوگقا چىقىش، دوستلار چەمبىرىكى كۆرۈش دېگەندەك زېرىكىشلىك ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن. بۇ ۋاقىت جەنۇبىي قۇتۇپنى ساياھەت قىلىپ كېلىشكە تامامەن يېتەتتى.

ماڭا ئوخشاش ۋاقىتنى يېرىم سائەتكىچە پىلانلايدىغان ئادەممۇ بىر يىلدا بىر ئاي ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن يەردە، ۋاقىت باشقۇرۇش پىلانى تۈزمىگەن، ۋاقىتنى ئىستاتىستىكا قىلمايدىغان ئادەملەر ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قېلىشى تۇرغانلا گەپ. خۇددى بىر ناخشىدا ئېيتىلغاندەك:

*ۋاقىت نەگە كەتتى؟*
*تۇيدۇرمايلا كېتىدۇ ئۆمۈرنىڭ ياشلىقى، قىرانلىقى.*
*پەرزەنت غېمى ئۆمۈردىن ئۇزۇن،*
*ئەس - يادىڭدا بالاڭنىڭ يىغىسى، كۈلكىسى.*
*ۋاقىت نەگە كەتتى؟*
*كۆرۈپ قانمايلا ئۆچۈپتۇ كۆزۈمنىڭ نۇرى.*
*يېرىم ئۆمۈر ئاش، تۇزنىڭ غېمى،*
*قورۇقلار قاپتۇ بولۇپ يىلنىڭ تامغىسى.*

دىققەتنى يىغىپ خىزمەت قىلىشقا توغرا كەلگەن چاغدا، تېلېفوننى ئۈنسىز ھالەتكە تەڭشەپ، ئۆزۈمدىن يىراق جايغا قويۇپ قويىمەن. ئاندىن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تورغا ئۇلىنمىغان ئەھۋالدا دەرس تەييارلايمەن، كىتاب ئوقۇيمەن، يېزىقچىلىق قىلىمەن. ئەتىگەندە كاللىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدىكى بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا بىر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ

ئەڭ مۇھىم قىسمىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. خىزمەتتە پۈتۈن زېھنىم بىلەن كىرىشىپ كەتكەن چاغدا، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىمەن. ئەمما، خىزمەتنى ئۇنۇملۇك ئىشلەشتىن كەلگەن نەتىجە تۇيغۇسى پۈتۈن بىر كۈن روھلۇق، خۇشال، ئۆزىڭىزگە بولغان رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتۈشىڭىزگە يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ بىرقانچە سائەت ئىچىدە بىر ئۆمۈرلۈك تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان بىرەر تېلېفون كېلىپ قېلىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاتا - ئانىڭىز ۋە 10086 دىن باشقىلار ئادەتتە ئاسانلىقچە سىزگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېلېفون ئۇرۇپ كەتمەيدۇ.

ئىلگىرى بىر مەھەل ئۆيۈمنى تازىلاش پەقەتلا خۇشياقمايتتى، بولۇپمۇ خىزمەت ئالدىراش چاغلاردا يۇيۇشقا ئۇلگۇرمىگەن كىيىملەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، كارىۋاتتا، ئۈستەلدە ئوقۇپ بولالمىغان بىر تالاي كىتابلار چېچىلىپ ياتقان بولاتتى. بىرەر كىتابنى ئوقۇماقچى بولغاندا، ئاشۇ بىر دۆۋە نەرسىلەر ئىچىدىن ئىزدەپ تېپىشقا يېرىم سائەت ۋاقىت كېتەتتى. يەنە بىر قىسىم لازىم بولىدىغاندەك تۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئىشلەتمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان نەرسىلىرىم ئەسلىدە ئۇنچە كىچىكمۇ ئەمەس ئۆيىنى تارلاشتۇرۇۋېتەتتى.

كېيىن ياپونىيەلىك كېرەكسىز نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەسلىھەتچىسى ياماشىتا خانىمنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، «ئالماسلىق - تارتىشماسلىق - بېرىلمەسلىك» تەشەببۇسىنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدىم.

ئالماسلىق = ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىنى ئالماسلىق

تارتىشماسلىق = كېرەكسىز نەرسىلەرگە تارتىشماسلىق

بىرىلمەسلىك = ماددىي نەرسىلەرگە بېرىلمەسلىك، ئۆزىنى راھەت، ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇش

شۇنىڭ بىلەن ئۆيۈمنى رەتلەشكە باشلىدىم، ماددىي نەرسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تەكشۈرۈپ چىقتىم، «لازىم بولمايدىغان، مۇۋاپىق بولمىغان، راھەت بولمىغان» نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى «كىرەكلىك، مۇۋاپىق، راھەت» نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇۋەتتىم. تۇرمۇش مۇھىتىم ئاددىيلىشىپ، خىزمەت ئۈنۈمۈم ئاشتى، نەرسە ـ كېرەكلەرنى رەتلەشكە، ئىزدەشكە كېتىدىغان نۇرغۇن ۋاقتىم تېجىلىپ قالدى.

كۆڭۈلمۇ، كەيپىياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ئوي ـ پىكرىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان كەيپىيات ۋە خىياللارنى ۋاقتىدا، كەسكىن بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك، قانچە ئۇزاق ئىككىلىنىسىڭىز، ھاياتىڭىزدىن شۇنچە كۆپ نۇر ئۆچىدۇ، رەڭ قاچىدۇ. تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك ۋاقتىڭىز بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ۋاقىت ئۆمۈردۇر، ئۆمرىڭىزنى يەيدىغان غەلىتە مەخلۇقلاردىن چوقۇم يىراق تۇرۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاتامدىن قالغان تەۋەررۇكلەرنى رەتلەشكە باشلىدىم. ئاتامنىڭ كېتىپ قالغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ باقمىغانىدىم، خۇددى بىرەر مەنزىرىنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك قورقاتتىم. مەن ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن يىغلاپ باقمىغان، ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆزۈمدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزۇپ باقمىدىم. لېكىن، ئاتامنى ئەسلەپ تۇردۇم.

ئاتامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېچىپ، ئوقۇشقا باشلىدىم:

*«2009 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، بۈگۈندىن باشلاپ تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى خاتىرىلەپ ماڭىمەن. ئەپسۇس، ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى خاتىرىلىمەپتىمەن».*

*«2 ـ يانۋار، بۈگۈن ئۆيدىكىلەرنى سىرتقا تاماققا ئېلىپ چىقتىم، ئاندىن بازار ئايلاندۇق»*

.....

*6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، كۈندىلىك خاتىرە يازمىغىلى يېرىم يىل بوپتۇ، خىزمىتىم ھەققىدە ئويلىنىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ھېس قىلدىم...»*

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر بوش قاپتۇ.

چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتام بىلەن ناھايىتى ئاز

پاراكەندىشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ كەتمەيتتىم. ئاتامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلدىم. ئويلاپ قالدىم، ئەگەر خاتىرىلەپ ماڭمىسىڭىز، ئۆتكەن كۈنلەر يۇز بەرمىگەن ئۆتمۈشكە ئوخشاپ قالىدىكەن. گەرچە ھەر كۈنى ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن ئىشلار بولسىمۇ، خاتىرىلەپ قويمىسىڭىز، ھېچقانچە ئىز قالمايدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كۈنلۈك ئىشلىرىمنى خاتىرىلەپ مېڭىش قارارىغا كەلدىم. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ۋاقىت باشقۇرۇش ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلەرنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى، تۇرمۇشنى خاتىرىلەپ ماڭىدىغان بەزى ئۇسۇللارنى ئۆگىنىۋالدىم ھەمدە «34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى» ئارقىلىق تۇرمۇشۇمنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۈم.

ۋاقىت خاتىرىلەش جەريانىدا مۇنداق بىر ئاددىي سوئال ئالدىڭىزغا قويۇلىدۇ: ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا كۆڭلىڭىزگە پۈككەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇردىڭىزمۇ ۋە ياكى شۇ چاغدىكى نىشانىڭىز ھېلىھەم ئېسىڭىزدىمۇ؟

بۇنداق سوئال ئالدىمىزغا قويۇلغان چاغدا، كۆپ قىسىم كىشىلەر بۇ يىل ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشانى ئەمەلىيەتتە بۇلتۇر بېكىتكەن نىشان ئىكەنلىكىنى، بۇ نىشاننى ئۈچ يىل مۇقەددەم ئويلاپ، ئوزاقى يىلى پىلانلاپ قويغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي كەلگەن ئوخشاش بىر نىشان. ھەر يىلنىڭ بېشىدا بېكىتكەن نىشانىمىز شۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى يىللىق نىشانىنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۆزۈمدە شۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېغىرلىقىم 80 كىلوگىرام كېلىدىغان بىر بودەك ئىدىم، ئېغىزغا ئالغۇدەك تۈزۈك نەتىجىلىرىممۇ يوق ئىدى. ئەمما، 2013 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە 52 سان «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» پىروگراممىسىنى ئىشلەپ تارقاتتىم، ئومۇمىي چېكىلىش مىقدارى 50 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى؛ خەلقئارالىق ئىنگلىزچە نۇتۇق مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونىنى پىروگراممىغا تەكلىپ قىلدىم؛ بۇ پىروگراما ئۈچۈن مەخسۇس APP مۇ ياساتتىم؛ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەش دانە قورال كىتاب يازدىم؛ يىل ئاخىرىدا بەدەن ئېغىرلىقىم 72 كىلوگىرامغا چۈشتى، ئورۇقلاپلا قالماي، تېخى مۇسكۇلمۇ چىقاردىم. گەرچە بۇ جەھەتتە ئامېرىكا كىنو چولپانلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەن بولساممۇ، ئىشقىلىپ بولىدۇ، داۋاملىق تىرىشىۋاتىمەن.

نۇرغۇن ئادەملەر مېنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى قانداق قىلىپ روياپقا چىقىرالىغانلىقىمنى سورايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنچە مۇرەككەپ ئىشمۇ يوق، سىز پەقەت ھاياتىڭىزنى ياخشى ئۆتكۈزسىڭىزلا. چوڭ مەسىلە قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھايات بۇ بىر زور تېما، لېكىن ئۇنى نىسبەتەن كونكرېت بولغان بىر نەرسە ئۈستىگە جىپسىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق، ھايات ۋاقىت دېمەكتۇر. ئادەم بۇ دۇنيادا نەچچە ئون يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ياشايدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا بۇ دۇنيادا چەكسىز ۋاقتى باردەك تۇيۇلۇپ، ۋاقتىنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىدۇ، قېرىپ، كۆپ ۋاقتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدىلا ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن

كىچىككەن بولىدۇ.

بۈرۈنقى زامانىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت باشقۇرۇش ماھىرلىرى ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى يۈز ئامېرىكا دوللىرىغا سۈرىتى بېسىلغان بېنجامىن فرانكلىن. ئۇنىڭ ۋاقىت باشقۇرۇشى ھەممىنى قايىل قىلىدۇ. ئەمما، كۆپ قىسىم كىشىلەر سادىر قىلىدىغان بىر سەۋەنلىك بار: ۋاقىت باشقۇرۇش تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا تۈرلۈك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانلىرى كېلىدۇ، ھەر خىل بۆيۈك نىشانلارنى تىكلەيدۇ. بەلكىم سىز بۇ تەتىللىك پىلانىڭىزنى تۈزۈپ بولدىڭىز، سائەت 7 دە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، سائەت 9 غىچە ئىككى سائەت ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمەكچى؛ سائەت 9 دىن 12 گىچە تاپشۇرۇق ئىشلىمەكچى. پىلانىڭ ئۆزى ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئىجرا قىلىشقا كەلگەندە، بەلكىم سائەت 10 دا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ قېلىشىڭىز، ئاندىن كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا بىر كەلگەن بىلەن كۈننى كەچ قىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن.

بەزىدە بىر ئىشنى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ بولغاندا، تورغا چىققىڭىز ياكى ئۇندىدار ئوينىغىڭىز كېلىپ كەتكەنلىكتىن، نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي، قاتتىق ئازابلىنىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، پىلان تۈزۈش ۋاقىت باشقۇرۇشنىڭ بىر قىسمى، ئەمما ئەڭ مۇھىم قىسمى ئەمەس. بىۋاسىتە پىلان تۈزۈش ئارقىلىقلا ۋاقىتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇش دوختۇرخانىغا بېرىپ، كېسەلنى تەكشۈرتمەيلا، بىۋاسىتە رېتسېپ يازدۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ۋاقىتنى قانداق ئىسراپ قىلغىنىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى ۋاقتىڭىزنى ئۇنۇملۇك ئىشلىتەلىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟

باتۇرلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولسا ئۆزىدىكى پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا قوغلىشىشقا جۈرئەت قىلىشتۇر.





كۆپ ۋاقىتلاردا دۇنيانىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىمىز، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىققا بولغان موھتاجلىقىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ھەممە نەرسە مۇكەممەل بولىۋەرمەيدۇ، قۇياشمۇ كۈندە پارلاۋەرمەيدۇ، گەپ پەقەت بىزنىڭ مۇشۇ خىل مۇكەممەلسىزلىككە ماسلىششىمىزدۇر.



ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر ياكى ھايات ۋاقىت دېمەكتۇر. شۇڭا، چەكلىك
ۋاقتىمىزدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشىمىز كېرەك.





www.uyghurkitap.com



ئورۇقلاش دەرۋەقە ئازابلىق بىر جەريان، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، قانداقلىكى بولسۇن بەرداشلىق بېرىش كېرەك.

شۇڭا، ۋاقىت باشقۇرۇشقا قارىغاندا، ۋاقىت خاتىرىلەش تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولۇشى مۇمكىن.

ۋاقىت دېگەن بۇ نەرسە بەكلا ئابستراكت. «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن گەپ بار. مەن ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تەكىتلەش ئۈچۈن، ۋاقىتنى پۇل قاتارىدا خاتىرىلەپ ماڭىدىغان ئۇسۇلنى قوللاندىم.

مەن ئادەتتە كىرىم - چىقىم ئەھۋالىمنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ ماڭىمەن. ناشتىلىق، چۈشلۈك تاماق، كەچلىك تاماق، چاچ ياستىتىش... چىقىملىرىنى ھەتتا 50 تىيىنغا قەدەر ئىنچىكە ھېسابلاپ، ھەر ئايلىقنى Excel ھۆججىتىگە خاتىرىلەپ قويىمەن، ھەربىر چىقىمنى دىياگراممىغا كىرگۈزۈپ، چىقىم قانچىلىك ئېشىپ كەتتى، قايسى تۈردە ئېشىپ كەتتى، ھەممىسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىمەن. بۇ ھەرگىزمۇ بېخىللىقىمدىن ئەمەس، مەن پەقەت پۇلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرماقچى. بولمىسا ھېلىلا پارچىلانغان يۈز يۈەن پۇلىڭىز بىردەمدىلا تۈگەپ كەتكەندە، نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدىغان ئىش بولىدۇ.

34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا، ۋاقىتمۇ خۇددى پۇلغا ئوخشاش ئېنىق خاتىرىلىنىپ ماڭىدۇ.

بۇنىڭ پرىنسىپى ناھايىتى ئاددىي: ئەتىگەن سائەت 7 دە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، كەچ سائەت 12 دە ئۇخلىسىڭىز، ئارىلىقتىكى 17 سائەت ئويغاق تۇرغان بولىسىز، ھەر يېرىم سائەتنى بىر نومۇر دەپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي 34 نومۇر، يەنى 34 تىللا بولىدۇ.

ھەر كۈنى كەچتە بۇ 34 تىللانى قانداق خەجلىگەنلىكىڭىزنى ھېسابلاپ باقسىڭىزلا، بىر كۈن ئىچىدە

نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىز، بىر كۈنلۈك ۋاقتىڭىزنى نېمە ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقىڭىز، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندىڭىزمۇ - يوق، ھەممىسى مانا مەن دەپ چىقىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ بۇ بىر يىل ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بولالىغانلىقىمنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى.

بەزىلەر سورىشى مۇمكىن: نېمىشقا سائەت 7 دە قويىمىز، 8 دە قويساق بولمامدۇ؟ بولىدۇ، ئۇنداقتا 32 تىللا پۇلىڭىز بار دېگەن گەپ. 9 دا قويساقچۇ؟ ئۇنداقتا 30 تىللا.

يېرىم سائەتنى بىر بىرلىك قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، يېرىم سائەت ۋاقىت كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم خىزمەتلەرنى تاماملاپ بولۇشىغا يېتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەگەر سىز تۆت سائەتلىك بىر خىزمەتنى تۈگەتمەكچى بولسىڭىز، يېرىم سائەت ۋاقىت بۇ خىزمەتكە كىرىشىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈشىڭىزگە يېتىدۇ. يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆزىڭىزنى ئورۇندۇقتا رەسمىي جايلاشتۇرۇپ، يېزىشقا كىرىشىپ كەتسىڭىز، خېلى ئۇزاققىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ يازالايسىز. ناۋادا ئۇ ياققا بىر قاراپ، بۇ ياققا بىر قاراپ، بىردەم مىكرو بىلوگقا چىقىپ، بىردەم دوستلار چەمبىرىكىنى ئېچىپ يۈرسىڭىز، ئىشىنىمەنكى، ھەرگىز خىزمەت ھالىتىگە كىرىپ بولالمايسىز.

ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم توختاپ، خاتىرىلەپ مېڭىشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن 5 ~ 10 مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ خاتىرىلەيمەن. بەزىدە 2 ~ 3 كۈن، ھەتتا بىرەر ھەپتىگىچە ئۇنتۇپ قالساممۇ، يەنىلا يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، ئەستايىدىل ئويلاپ، تولۇقلاپ خاتىرىلەپ قويىمەن. ئەگەر كەچتە خاتىرىلەۋاتقان چاغدا، قىلغان ئىشىڭىزنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىسىڭىز قانداق

www.uyghurkitap.com

قىلىسىز؟ ئۇنداق بولسا كەسكىنلىك بىلەن ئىسراپ قىلىنغان ۋاقىت قاتارىغا خاتىرىلەڭ. ئەگەر سىز شۇ ۋاقىتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش، بېرىلىپ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتىڭىز. ئەگەر شۇ ۋاقىتنى خۇشال - خورام ئويناش، ساۋاقداشلار يىغىلىپ بىللە تاماق يېيىش دېگەندەك كۆڭۈللۈك ئىشلارغا سەرپ قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتىڭىز. قانداق ئىشلار ئېسىڭىزدە قالمايدۇ؟ قىلغان ئەھمىيەتسىز ئىشلىرىڭىز، مىكروبىلوگ ئويناپ، تورغا چىقىپ ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭىزغا كەسكىنلىك بىلەن قىزىل بەلگە ئۇرسىڭىز بولىدۇ.

خاتىرىلەپ بولغاندىن كېيىن، تەھلىل قىلىمەن. مەن ۋاقىتنى بەش تۈرگە ئايرىۋالدىم. بۇ بەش تۈر تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلەيدۇ. بىرىنچى تۈر ئېچىلىپ ئويىنىغان ۋاقىت، يەنى ئۈنۈملۈك ئويناش، خاتىرجەم، غەم - ئەندىشىنى ئۇنتۇغان ھالدا رازىمەنلىك بىلەن ئويناش. بۇنداق ۋاقىتقا كۆك رەڭلىك بەلگە قويىمەن. مەسىلەن، دوستلار بىلەن يىغىلىش، يار بىلەن ئۇچرىشىش، ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن خۇشاللىنارلىق ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتنى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ چېنىقىش ۋاقتىنىمۇ مۇشۇ تۈرگە تەۋە قىلىمەن. بەزىدە كىتاب ئوقۇش، كىنو كۆرۈشمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆڭۈل ئېچىشقا كىرىدۇ. بۇ تۈردىكى ۋاقىتنى خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى شۇكى، ھەر كۈنى خۇشال - خورام يۈرىدىغان ۋاقتىڭىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىسىز.

يەنە بىرى، ئارام ئالغان ۋاقىت. ئۇخلىغان ۋاقتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مەن ئۆزۈم يالغۇز تاماق يېگەن، ئىشتىن

چۈشكەندىن كېيىن، يولدا ئۆتكۈزگەن ۋاقىتنىمۇ ئارام ئالغان ۋاقىتقا تەۋە دەپ قارايمەن. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا يا يۈگۈرمەيمىز، يا ھېرىپ، تەرلەپ ئىلقىپ كەتمەيمىز، بەزىدە يولدا ماڭغاچ مۇزىكا ئاڭلاپمۇ قويىمىز. مەن بۇنداق ۋاقىتنى پىشىل رەڭدە بوياپ قويىمەن. بۇ پىشىل رەڭلەرگە قاراپلا، شۇ بىر كۈن ئىچىدە قانچىلىك ئېنېرگىيە توپلىغانلىقىمنى بىلىمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەجبۇرىي ئىشلىگەن ۋاقىتنى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە بويايمەن. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپتە بەزى دەرسلەرگە چىققىڭىز يوق، لېكىن چىقمىسىڭىز بولمايدۇ؛ خىزمەتتە بەزى يىغىنلارنى ئاچقۇڭىز يوق، لېكىن ئاچمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇلارنى مەجبۇرىي خىزمەت قىلغان ۋاقىت قاتارىغا خاتىرىلەشكە بولىدۇ. ۋاقىت بەكلا سۈيىپكتىپ ئۇقۇم، مەن ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە مەجبۇرىي خىزمەت قىلغان ۋاقىتنى ئەڭ قىسقا چەككە چۈشۈرۈشنى ئۈگىنىۋالدىم. بۇمۇ ناھايىتى ئاددىي، بىر خىزمەتنى قىلغۇڭىز يوق، لېكىن شۇ مەيداندا بولمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇنداق چاغلاردا، كاللامدا بەزى پىلان - لايىھەلەرنى تۈزۈپ، بەزى ئىشلارنى ئويلىنىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پاسسىپ ۋاقىتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت ۋاقتىغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت ۋاقتى، كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش، شۇنداقلا قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان ھەرقانداق بىر ۋاقىت مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتنى سېرىق رەڭدە بوياپ قويىمەن.

ئەڭ قورقۇنچلۇقى قىزىل رەڭ، بۇ كىچىكتۈرۈلگەن ۋاقىت، قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىشلارغا ئىسراپ قىلىنغان ۋاقىت.

مەسىلەن، دوستلار چەمبىرىكىگە چىقىپ، ئۆزى ئۆزىگە يۈرەك بېرىش، ئەتىگەندە ئويغىنىپ تۇرۇپمۇ ئورنىدىن قوپماي، يېرىم سائەت يوتقاندىن چىقماي يېتىش. مەن ئۇخلىمايمەن ئەمەس، ئۇخلايمەن، ئاخشىمى ئالتە سائەت، چۈشتە بىر سائەت ئۇخلايمەن، ئۇخلاش ۋاقتىم يېتەرلىك. لېكىن بەزى دوستلار ئەتىگەن سائەت 7 دە ئويغىنىدۇ، لېكىن، سائەت 10 غىچە كارىۋاتتىن چۈشمەيدۇ، ئاخىرى يانپاشلىرى تېلىپ، بېشى ئاغرىپ كەتكەندە، ئامالسىز قوپۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈلگەن ۋاقىت كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ھېچ ئىش قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتتىڭىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ سائەت ئويناپ دېيىشكەن تۇرۇپ، بىلىپ - بىلمەي ئالتە سائەت ئويناپ، ئۈچ سائەت ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز، بۇنىمۇ كەسكىنلىك بىلەن قىزىل رەڭدە بوياپ قويسىڭىز بولىدۇ. جۈملىدىن، ئەھمىيەتسىز ئۆتتى دەپ قارىغان ھەرقانداق ۋاقىت مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

جەدۋەلگە بىر قاراپلا بىر كۈنلۈك ۋاقتىڭىزنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىدۇ. ھەر خىل رەڭلىك كاتەكچىلەرنى ساناپ باقسىڭىز بولىدۇ. ياخشى يېرى، ئۆزىڭىز كاتەكچە سىزىپ ئولتۇرمايسىز، 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەپ ھۆججىتىنى چۈشۈرۈۋالسىڭىز، ئانالىز نەتىجىسىنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

بەزى ۋاقىتلار پۈتۈن ساندىن باشلانمايدۇ، مەسىلەن، 8 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندىن باشلاپ، 8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكىچە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشىڭىز مۇمكىن. مەن بۇنداق چاغدا تەخمىنلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سائەت 8 دىن باشلاپ 8:30 غىچە بۇ ئىشنى قىلدىم دەپ خاتىرىلەپ قويىمەن. ھېچقىسى يوق، تەخمىنەن خاتىرىلىسىڭىزلا

بولدى، مۇھىمى ئىزچىللىق، تەپسىلاتقا زىيادە ئەھمىيەت بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

Excel جەدۋىلىنىڭ بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، ھەربىر كاتەكچىگە نۇرغۇن خەت يازالايسىز. مەن بەزىدە مۇناسىپ كاتەكچىگە بىرەر پارچە ماقالىمۇ يېزىۋېتىمەن. مەسىلەن، يىغىن ئاچقان بولسام، يىغىندا ناھايىتى ياخشى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، تەسىراتىمنى يېزىپ قالدۇرىمەن. شۇڭا بۇ ئادەتتىكى ھالدىكى ۋاقىت خاتىرىسى بولماستىن، قىممەتلىك تەسىراتلىرىڭىزنى خاتىرىلەپ قويىدىغان خاتىرە دەپتەرمۇ بولالايدۇ.

ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم خاتىرىلىگەنلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىپ، يەكۈن چىقىرىمەن. بىر ھەپتە ئىچىدە قىلغان ئەھمىيەتلىك، ئەھمىيەتسىز ئىشلىرىمنى خاتىرىلەپ قويىمەن. مەسىلەن، بىر ھەپتە ئىچىدە قايسى كىتابلارنى ئوقۇدۇم، قايسى كىنونى كۆردۈم دېگەندەك. ئاندىن ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان، مەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان بەش ئىشنى ئايرىپ چىقىمەن. ئەمەلىيەتتە بۇ بەش ئىش مېنىڭ بىر ھەپتىلىك نەتىجەم بولۇپ قالىدۇ. شۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئەخمىقانە ئىشلارنى خاتىرىلەش تېخىمۇ مۇھىم. مەن ئىلگىرى نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلغان، تېلېفونۇم ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كەتكەن، قويمىچىغا قويۇلۇپ كەتكەن، پاسپورتۇمنى يىتتۈرۈپ قويغان ئىشلىرىممۇ بار. بۇلارنى خاتىرىلەپ قويغاندىن كېيىن، شۇنداق خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلمىسىڭىزلا بولىدى. لېكىن، قىزىق يېرى، كۆپ قىسىم ئادەملەر ئۆمرىدە ئوخشاش بىر خاتالىقنى تەكرارلايدۇ.

كۆڭزى مۇنداق دەيدۇ: «دانالار كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ، سەۋەنلىكلىرىنى بىلىپ، قايتا سادىر

www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.» بىر كۈن ئىچىدە نېمىلەرگە ئېرىشتىڭىز، نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز، بۇلارنى چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك. ۋاقىت خاتىرىسى بۇ جەھەتتە سىزگە ناھايىتى ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدۇ.

ھەر ھەپتىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان ۋاقىتنى تۆتكە، كىچىكتۈرگەن ۋاقىتنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاندىن ئالدىنقى بۆلۈنمىدىن كېيىنكى بۆلۈنمىنى ئېلىۋېتىمەن، چىققان سان مېنىڭ بىر ھەپتىلىك مۇكاپات ۋاقتىم بولىدۇ. يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت ۋاقتىنى توختىماي ئۇزارتىش، كېچىكتۈرگەن ۋاقىتنى داۋاملىق ئازايتىش ئارقىلىق، ئۆزۈمگە تېخىمۇ كۆپ مۇكاپات ۋاقىت چىقىرىۋالىمەن. ئاندىن بۇ ۋاقىتتا «ئالۋاستىلار شەھىرى»نى ئويناش دېگەندەك ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن.

ۋاقىت خاتىرىلەش ئارقىلىق ھاياتىمنى نازارەت قىلىپ تۇرالايمەن. سوقرات «نازارەت قىلىنمايدىغان ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەنىكەن. ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى كېرەك. بۇلارنى ۋاقىت خاتىرىلەشتىن باشلىساق بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بېرىش ئارقىلىق، ئۆزىنى تىزگىنلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدا. ھالبۇكى، ئۆزىنى تىزگىنلەش كۈچى دەل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىدىن كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بولسا تۇرمۇش ئوربىتىسىنى خاتىرىلەپ مېڭىشتىن كېلىدۇ. بىز «قالتىس مارىيو» ئويۇنىنى ئوينىغان چاغدا، ئۆزىمىزنى تۈتۈۋېلىش

كۆچمىز يۈكسەك دەرىجىگە يېتىدۇ، چۈنكى ئېكراننىڭ ئۈستۈنكى بۆلۈكىدا نومۇر خاتىرىلىنىپ ماڭىدۇ، ئېرىشكەن نومۇرغا قاراپ، بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر نومۇر خاتىرىلىمەيدىغان ئىش بولسا، بىر ئادەم ئۆزى بىلەن ئۆزى توختىماي يۈرگەندەك بىلىنىپ، بىردەمدىلا زېرىككەن بولاتتۇق. بۇ جەدۋەلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇڭىزنى كۈچەيتىشكە پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋاقىت خاتىرىلەش بىزنىڭ ياشىغانلىقىمىزغا ئىسپات بولالايدۇ. مېنىڭ ئۆتكەنكى بىر يىل ۋاقتىم ھەقىقەتەن قالتىس ئۆتتى، ھەربىر ئاي، ھەربىر ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزدۈم، نېمە ئىشلارنى قىلىشقا سەرپ قىلدىم ھەممىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خاتىرىسى بار. بەزىدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاقتىم كۆپرەك، ئارام ئالغان ۋاقتىم ئازراق بولۇپ قالغان بولسا، جەدۋەلگە قاراپ تەڭشىۋالدىم. مەن ئۆزۈمنى بىر شىركەت، ۋاقتىمنى بۇ شىركەتنىڭ مۈلكى دەپ بىلدىم. ھەر ھەپتىدە «شىركەتنىڭ تىجارەت ئەھۋالى» دىن يەكۈن چىقىرىپ تۇردۇم. سىزمۇ سىناپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزدىن ئىبارەت بۇ شىركەتنىڭ تىجارىتىنى باشقۇرۇپ بېقىڭ.

ئەلۋەتتە، بەزىلەر سورىشى مۇمكىن: نۇرئەلى، ئەگەر سەن بىر شىركەت بولساڭ، بىزگە يىللىق دوكلات بېرىپ باقمامسەن، 2014 ـ يىلىدا شىركەتنىڭ پۇلىنى نېمە ئىشلارغا خەجلىدىڭ؟ بىر يىل 365 كۈن، 52 ھەپتە 1 كۈن، 8760 سائەت، بىر كۈن 34 تىللا، جەمئىي 12410 تىللا: مەن بۇ «پۇل» لارنى نېمىلەرگە ئىشلەتكىنىمنى دەپ بېرەلەيمەن، مانا بۇ نۇرئەلى شىركىتىنىڭ يىللىق دوكلاتى. مەن جەمئىي 1428 سائەت ئوينىدىم، 3695.5 سائەت ئارام ئالدىم، مەجبۇرىي

ئىشلىگەن ۋاقتىم 24 سائەت. مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، قىلىۋاتقىنىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار، مەجبۇرىي خىزمەت قىلىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ باقمىدىم. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان ۋاقتىم 2837.5 سائەت، شۇنداق بولغاچقا بىر يىل ئىچىدە دەرس ئۆتۈشنىڭ سىرتىدا، كىتاب يېزىش، ئەپ ياساش، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بولالىدىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ، 775 سائەت ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن، بۇ 32.292 كۈن ۋاقىت مىكرو بىلوگ ئويناش، ھۇرۇنلۇق قىلىپ يېتىۋېلىش دېگەندەك ئىشلارغا بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كەتتى.

ئۆزىڭىزنىڭ بىر يىل ئىچىدە قانچىلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئۆتكەن بىر يىلدا سىزنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگەن 10 ئىش قايسى؟ سىز پەقەت ئۈچىنىلا دەپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر ئۆتكەن بىر يىلدىكى ئەڭ زور نەتىجىڭىز نېمە دەپ سورىسام، ئەڭ كۆپ بولغاندا بەشىنى دەپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

بىز ئىنسانلارنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا تايىنىپ، ھەربىر ئادەم تۇرمۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرەلەيدۇ. تارىخىي ئېڭى بولۇش لازىملىقى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى خاتىرىلەيدىغانلىقىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە تەۋە «ۋاقىت تارىخى» ڭىز بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ بار، مېنىڭ ۋاقىت تارىخىم دەل 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى.

سىزنىڭچۇ؟

ئەگەر تىرىشىش ئارقىلىق تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنى بىرلىكتە تىرىشىشقا تەكلىپ قىلىمەن.

ۋاقىتنى خاتىرىلەپ، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنى، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەتۈر يۆنىلىشلىك پىلانلاش ئۇسۇلى

نۇرغۇن ئادەملەر مېنىڭ 34 يىللىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلۇمنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۇسۇل ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ ئويلايدۇ. «ھەربىر كۈنلۈك ۋاقىتىڭنى يېرىم سائەتكىچە پىلانلىۋالساڭ، ئارزاقمۇ ئەركىنلىك بولمىسا، بۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن» دەپ سورىغانلارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم ۋاقىت پىلانلاش ئەمەس، بەلكى ۋاقىت خاتىرىلەش. «چىڭخۇا ئەلىيۇلئەلاسى» ما دوڭخەن ۋاقىتىنى ھەر يېرىم سائەتنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوتقان - كۆرپىسىنى قىلىپتا قويۇپ چىققاندەك قىر چىقىرىپ قاتلاپ، نەگىلا بارسا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىغان بىلەن، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنداق قىلالمايدۇ، مەنمۇ قىلالمايمەن. چۈنكى بەزى خىزمەتنىڭ ۋاقتى سەل ئۇزىراپ كېتىدىغان، دوستلاردىن بىرەرسى كېچىكىپ قېلىپ، تاماق ۋاقتى سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ۋاقىت پىلانى قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ.

بىر كۈن ئىچىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى، يىغىن ئاچىدىغان، دوكلات بېرىدىغان ئىشلارنى جەدۋەلگە تولدۇرسىڭىز، ئاخىردا كەچلىك ئۆگىنىش، چېنىقىش، ئۇچرىشىش ۋاقىتلىرىنى قوشسىڭىز، بۇنداق جەدۋەل ئادەمگە

لىق توشۇپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ، قارايلا ھېرىپ كېتىدۇ. خىزمەتكە يېڭى چىققان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق پىلان تۈزۈۋالىدۇ. ھەر سەھەر ئۇنى ئويغىتىدىغىنى غايە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز قولىدىكى قامچا. مەن بۇنداق پىلاننى «خىيالدىكى پىلان» دەپ ئاتايمەن. ئارمانغا تولۇشلۇق دەرمان بولۇشى، غايە ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولۇشى كېرەك.

ئەسلەپ باقساق، بىزمۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىمىزدىكى ھەر تەتىلدە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، ئەتىگەندە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن، چۈشتىن كېيىن ماتېماتىكا تەكرارلايمەن، ئارىلىقتا تېكىست يادلايمەن دېگەندەك پىلانلارنى تۈزۈۋالاتتۇق. لېكىن، تۇنجى كۈنىلا سائەت 12 گىچە ئۇخلاپ، بۈگۈنكى پىلانغا ئۈلگۈرەلمىدىم، ئەتىدىن باشلاي دەپ ئويلايمىز ـ دە، كومپيۇتېرنى ئېچىپ، «قەھرىمانلار ئىتتىپاقى» غا بىر كىرىپ كەتسەك، كەچلىك تاماق پىشقۇچە ئويناپ كېتىمىز. كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرىمىز. شۇنداق قىلىپ، تەتىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە كۈنىدە باشنى چۆكۈرۈپ تاپشۇرۇق كۆچۈرىمىز. پۈتۈن بىر تەتىل كىنو كۆرۈپ، ئويۇن ئوينىغاندىن باشقا، ھېچ ئىش قىلمايلا توشۇپ كېتىدۇ.

ئىنگلىزچىدا مۇنداق بىر كىنايە بار:

«I need time to make a list, so that I can make a list» (مېنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەم بىر پىلان تۈزۈش، پىلانىمدىكى بىرىنچى ۋەزىپە دەل شۇ پىلاننى پۈتكۈزۈش).

ئىلگىرى مەنمۇ شۇنداق ئىدىم، «لىق» پىلان تۈزۈۋالاتتىم. لېكىن، 972 ـ قېتىم پىلانىمنى ئىجرا قىلالمىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئالداشنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك، ئەمدى ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئالداپ ئۆتۈۋەرمەي دېگەن يەرگە

www.uyghurkitap.com

كەلدىم.

مۇنداق بىر گەپ بار، «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى»نى پىششىق يادلاپ بولغاندا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ دېيىشىدۇ. «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى» دىكى مەلۇم بىر دەرسنىڭ ماۋزۇسى دەل «New year resolutions»، يېڭى يىل تىلەك تىلەيدىغان ياخشى پۇرسەت. ئەمما شۇ چاغدا بايقايسىزكى، سىز 2015 ـ يىلىدا قىلىشنى پىلانلاۋاتقان بۇ ئىش ئەسلى 2014 ـ يىللىق پىلانىڭىز ئىدى، 2013 ـ يىلى قىلماقچى بولغانىدىڭىز، 2012 ـ يىلى باشلاش نىيىتىگە كەلگەن، 2011 ـ يىل پىلانغا كىرگۈزگەنىدىڭىز. خۇددى نۇرغۇن ئادەملەر نەچچە يىل يادلاپ، يەنىلا «New year resolutions»غا كېلىپ توختاپ قالغاندەك بىر ئىش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پايدىسى يوق پىلان جەدۋىلى بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان، ئەمما بىرەر قېتىممۇ ۋاراقلاپ قويماي، توپا بېسىپ كەتكەن كىتابقا ئوخشايدۇ. قارىماققا شۇنداق ياخشى، لېكىن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ھېچقانداق رېئال مەنە بېرىپ باقمىغان. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر پىلان تۈزۈشتىن ۋاز كېچىپ، بولۇشىغا ياشايدىغان، كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىقنىلا بىرىلىپ كەلگۈسىدىكى راھەتنى ئويلىمايدىغان يولغا مېڭىپ كېتىدۇ.

پىلان يەنىلا بولۇشى كېرەك، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بويۇنتۇرۇقى بولماستىن بەلكى ياردەمچىسى بولۇشى كېرەك.

مەن كېيىن ۋاقىت پىلانلاشتا نىل فىيول ئەپەندى «ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ»ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەتۈر يۆنىلىشلىك ۋاقىت پىلانلاش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

## بىرىنچى قەدەم، چوقۇم قاتنىشىشقا تېگىشلىك پائالىيەت، يىغىن ۋە دەرسلەرنى خاتىرىلەش

| | دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە | پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە | يەكشەنبە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7_8 | | | | | | | |
| 8_9 | شىركەت يىغىنى | | بۆلۈم يىغىنى | | چەت ئەللىكنىڭ... | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى |
| _10 | | | | | | | |
| 0_11 | | | | | | | |
| 1_12 | | | | | | | |
| 2_13 | | | | | | | |
| 3_14 | | | | | | | |
| 4_15 | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | | غەلىتە گەپلەر پروگراممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش | | |
| 5_16 | | | | بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكسىيە | | | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى |
| 6_17 | | | | | | | |
| 7_18 | | | | | | | |
| 8_19 | | | | تور دەرسخانىسى | | | |
| 9_20 | | | | | | | |
| 0_21 | | | | | | | |
| 1_22 | | | | | | | |
| 2_23 | | | | | | | |
| 3_24 | | | | | | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى قەدەم، خىزمەتلەرنى پىلانلاشتىن بۇرۇن، ئوينايدىغان، زىياپەتكە بارىدىغان ۋاقىتنى خاتىرىلەش

| | دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە | پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە | يەكشەنبە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7-8 | | | | | | | |
| 8-9 | شىركەت يىغىنى | | بۆلۈم يىغىنى | | چەت ئەللىكسىنىڭ... | توفېل ئېغىز تىلى سىنىقى | توفېل ئېغىز تىلى سىنىقى |
| 9-10 | | | | | | | |
| 10-11 | | | | | | | |
| 11-12 | | | | | | | |
| 12-13 | XXنى مېهمان قىلىش | XXنى مېهمان قىلىش | باھالىغۇچىلار تاماقتا | | ماھىرلار زىياپىتى | | |
| 13-14 | | | | | | | |
| 14-15 | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | | غەلىتە گەپلەر پىروگراممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش | | توفېل ئېغىز تىلى سىنىقى |
| 15-16 | | | | بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكسىيە | | پۇتبول تېپىش | |
| 16-17 | | | | | | | |
| 17-18 | | | | | | | |
| 18-19 | | | | تور دەرسخانىسى | | | بۆلۈمدىكىلەر كىنو كۆرۈش |
| 19-20 | | | | | | ساۋاقداشلار يىغىلىشى | |
| 20-21 | | | | | | | |
| 21-22 | | تور ئويۇنى | | تور ئويۇنى | | | |
| 22-23 | | | | | | | تور ئويۇنى |
| 23-24 | | | | | | | |

## ئۈچىنچى قەدەم، كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| | دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە | پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە | يەكشەنبە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7-8 | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | ئىسپانچە ئۆگىنىش | ئىسپانچە ئۆگىنىش |
| 8-9 | شىركەت يىغىنى | | بۆلۈم يىغىنى | | چەت ئەللىكلەر... | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى |
| 9-10 | | | | | | | |
| 10-11 | | | | | | | |
| 11-12 | | | | | | | |
| 12-13 | XXنى مېھمان قىلىش | XXنى مېھمان قىلىش | باھالىغۇچىلار تاماقتا | | ماھىرلار زىياپىتى | | |
| 13-14 | | | | | | | |
| 14-15 | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | | | | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى |
| 15-16 | | | | بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكسىيە | غەلىتە گەپلەر پىروگراممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش | پۇتبول تېپىش | |
| 16-17 | | | | | | | |
| 17-18 | | | | | | | |
| 18-19 | | | | تور دەرسخانىسى | | ساۋاقداشلار يىغىلىشى | بۆلۈمدىكىلەر كىنو كۆرۈش |
| 19-20 | | | | | | | |
| 20-21 | | | | | | | |
| 21-22 | | تور ئويۇنى | | تور ئويۇنى | | | |
| 22-23 | | | | | | | تور ئويۇنى |
| 23-24 | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | ئىسپانچە ئۆگىنىش | ئىسپانچە ئۆگىنىش |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## تۆتىنچى قەدەم، ۋاقىتنى ئىختىيارىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغان خىزمەتلەرنى ئېشىپ قالغان بوش ۋاقىتلارغا توغرىلاش

| | دۈشەنبە | سەيشەنبە | چارشەنبە | پەيشەنبە | جۈمە | شەنبە | ...شەنبە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7-8 | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | ئىسپانچە ئۆگىنىش | ...سپان ...چە ...گـ ...مش |
| 8-9 | شىركەت يىغىنى | كىتاب يېزىش | بۆلۈم يىغىنى | كىتاب يېزىش | چەت ئەللىكنىڭ... | توفېل ئېغىز تىلى سىنىپى | ...ېل ...غىز ...لى ...نىپى |
| 9-10 | | | | | | | |
| 10-11 | | | | | | | |
| 11-12 | | | | | | | |
| 12-13 | XXنى مېھمان قىلىش | XXنى مېھمان قىلىش | باھالىغۇچىلار تاماقتا | تاماق | ماھىرلار زىياپىتى | دەرس تەييارلاش | ...رس ...يارلا ...ش |
| 13-14 | | | | دەرس تەييارلاش | | تاماق | ...اق |
| 14-15 | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باھالىغۇچى | | غەلىتە گەپلەر پروگراممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش | | ...ېل ...غىز ...لى ...سپى |
| 15-16 | | | | بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكسىيە | | پۇتبول تېپىش | |
| 16-17 | | | | | | | |
| 17-18 | | | | | | | |
| 18-19 | | | | تور دەرسخانىسى | | | ...ۇمـ ...كىلەر ...نو ...ۇش |
| 19-20 | | | | | | ساۋاقداشلار يىغىلىشى | |
| 20-21 | چېنىقىش | | چېنىقىش | كىتاب يېزىش | | | |
| 21-22 | | تور ئويۇنى | | تور ئويۇنى | | كىتاب يېزىش | ...ور ...ۇنى |
| 22-23 | | | | | دەرس تەييارلاش | | |
| 23-24 | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | خەت مەشقى | كىتاب ئوقۇش | ئىسپانچە ئۆگىنىش | ...سپان ...چە ...گـ ...ىش |

بۇنىڭغا ئوخشاش ۋاقىت جەدۋىلىگە قارىسىڭىز، بۇ بىر ھەپتىدە ئوينايدىغان، تاماشا قىلىدىغان يېتەرلىك ۋاقتىڭىز بارلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھەپتىنىڭ تېززەك باشلىنىشىغا تەقەززا بولىسىز. بۇ چاغدا سىزنى ئويغىتىدىغىنى مەسئۇلىيەت ئەمەس، بەلكى غايە بولىدۇ.

يېتەرلىك بوش، ئەركىن ۋاقىتقا ئىگە بولۇش ئۇچۇن ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئۇنۇملۈك، سۈپەتلىك ئىشلەش ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەرنى سۈپەت ۋە مىقدارغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تۈگىتىش كېرەك. ئۆزىڭىزگە تەۋە، ئىختىيارىي، ئەركىن، بوش ۋاقىتنىڭ قىزىقتۇرۇشىلا بولىدىكەن، يۇقىرى ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلىش نىشانىغا يەتمەك تەس ئەمەس. بۇ ئۇسۇلغا تايانغاندا، يا ئۇبدانراق ئۆگەنگىلى بولمايدىغان ياكى تۈزۈك ئوينىغىلى بولمايدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆگىنىشنىمۇ، ئويۇننىمۇ جايىدا ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ.

تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار 8:2 نىسبەت پىرىنسىپىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ھالقىلىق 20%نى تېپىش كېرەك. 80% مەھسۇلات 20% سېلىنمىدىن كېلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار مۇنداق قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلىگەن. ئىككى گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاش مەزمۇندا ماقالە يېزىشقا بۇيرۇپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر ھەپتە، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت 10 سائەتلا ۋاقىت بەرگەن. نەتىجىدە، ئىككى گۇرۇپپا يېزىپ تاپشۇرغان ماقالىنىڭ سۈپىتىدە ئانچە چوڭ پەرق بولمىغان. ئەمما، بىر ھەپتە ۋاقىت بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋاقىت يېتەرلىك بولغانلىقتىن، بەك ئالدىراپ كەتمەي، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى ئۇشىشاق نۇقتىلارغا سەرپ قىلغان، ھەتتا ۋاقىتنى تېخىمۇ كەينىگە

www.uyghurkitap.com

سۇرۇش خاھىشىدا بولغان. پەقەت 10 سائەتلا ۋاقىت بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋاقىت جىددىي بولغانلىقتىن، ئاۋۋال مۇھىم نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق، ۋەزىپىنى ۋاقتىدا تاماملىغان.

«يېڭى شەرق»تىكى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ دەرسى بەك كۆپ بولغانلىقتىن، ئۆگىنىش قىلغۇدەك، ئارام ئالغۇدەكمۇ ۋاقتىم يوق دەپ، ئىچى سىقىلىپ، ئىستىپا بەرمەكچى، كۆزىنى يۇمۇپلا شىنجاڭغا ساياھەتكە كەتمەكچى ياكى بولمىسا لىجاڭغا بېرىپ چايخانا ئاچماقچى بولغانىدى. ئۇ ماڭا ھەر كۈنى دەرس تەييارلايمەن، دەرس ئۆتىمەن، يەنە دەرس تەييارلايمەن، يەنە دەرس ئۆتىمەن، نېمىدېگەن زېرىكىشلىك دەپ دەرد تۆكتى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئاۋۋال بولارنى ئويلىماي تۇرايلى، تۇرمۇشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز. ئەگەر ھەقىقەتەن ئاز - تولا بوش ۋاقتىڭ بولسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، - دېدىم ھەم ئۇنىڭغا تەتۈر يۆنىلىشلىك ۋاقىت پىلانى تۈزۈپ بەردىم. ئۇ دەسلەپتە بۇنىڭ پايدىسى بولۇشىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى.

- ئاۋۋال مۇشۇ بىر ھەپتە سىناپ باق. باشقىنى ئويلىما، مۇشۇ ۋاقىتلاردا چوقۇم ئويناپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىل. بىر كۈندە ئون سائەت دەرس ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، كەچ سائەت 8دىن كېيىن، يەنە تۆت سائەت ئەركىن ۋاقتىڭ بار، - دېدىم.

ئوك يۆنىلىشلىك ۋاقىت پىلانى كۆپىنچە ئادەمدە جاپا تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، كۈندە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمىسا بولمايدىغاندەك، بېسىم ناھايىتى ئېغىردەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. تەتۈر يۆنىلىشلىك ۋاقىت جەدۋىلى بولسا تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلانغۇچىلارنىڭ پىلانى. تەپەككۇر ئۇسۇلىدا

ئۆزگىرىش بولسا، ھەرىكەتتىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ.
بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدا 180 گرادۇس ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، «نۇرئەلى، ۋاقىتنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، تۇرمۇش ئادەمگە تولىمۇ گۈزەل تۇيۇلىدىكەن، قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنىمۇ تۈگەتكىلى بولىدىكەن» دېدى.
چوڭ كارخانا غوجايىنلىرىنىڭ دۇنيانى ساياھەت قىلىپ، ساھىللاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدۇ، ئۇلار ئويناپ يۈرۈپ پۇل تېپىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەن بىلەن مەكتەپداش بىر قىز بار ئىدى، كېيىن ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا كەسپىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇدى. خارۋارد ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس بېسىمىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېدىتسىنا كەسپىنىڭ تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن، ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە پۈتۈن ئامېرىكىنى ساياھەت قىلىپ بولدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەرقېتىم ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدىكەن. مەن ئۇلارمۇ چوقۇم تەتۈر يۆنىلىشلىك ۋاقىت پىلانلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ دېيەلمەيمەن. ئەمما، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇلارمۇ چوقۇم ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.
كىشىلەر دائىم «Work hard, play hard» (تىرىشىپ ئىشلە، كۆڭۈللۈك ئوينا) دەيدۇ. مېنىڭچە تۇرمۇش مۇنداق بولۇشى كېرەك: «Work hard, play harder, so that you can work even harder» (ياخشى ئىشلە، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوينا، چۈنكى شۇندىلا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيسەن ــ تەرجىماندىن). خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش، ئويۇننى بېرىلىپ ئويناش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالدىن تاللاش ئۇسۇلى

2015 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئادەمنى ھالسىرىتىپ، يىقىتىپ قويىدىغان ئالدىراشچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالدىم، ئۇدا بىر ئاي ھەر كۈنى 10 سائەت دەرس ئۆتكەننى ئاز دەپ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بەزىدە بىر ھەپتە ئىچىدە 4 ~ 5 شەھەر ئارىلىقىدا ئۇچۇپ يۈردۈم.

باشتا مەلۇم بىر تىبىرە ئاسراش بۇيۇمىنىڭ ئېلانىنى ئىشلەش ئۈچۈن، بېيجىڭدىن گۇاڭجۇۋغا باردىم. ئاندىن بېيجىڭغا قايتىپ، بىر كۈن دەرس ئۆتكەندىن كېيىن، تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى ئىشلەش ئۈچۈن شىئەنگە باردىم. ئارقىدىن مەلۇم بىر كىيىم - كېچەك شىركىتى ۋە ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئېلانىنى ئىشلەش ئۈچۈن شاڭخەيگە باردىم. كۈندۈزى دەرسىم بولغاچقا، دەرس ئۆتۈپ بولۇپ، كەچ سائەت 11 نىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئايروپىلان دائىم كېچىكىپ ئۇچىدىغان بولغاچقا، مەنزىل شەھەرگە يەتكەن چاغدا كېچە سائەت 1 بولۇپ كېتەتتى. ئايرودۇرۇمدىن ھەمكارلاشقۇچى تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانسارايغا بارغۇچە سائەت 2 دىن ئېشىپ كېتەتتى. ئاندىن سەھەر سائەت 4 تە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سۈرەتكە ئېلىشقا تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇدا بىرقانچە كۈن ئاران ئىككى سائەتتىن ئۇخلىدىم. ھەر كۈنى سەھەردە مىكرو بىلوگقا يوللايدىغان مەزمۇننى گىرىمچىلىك ماڭا

گىرىم قىلىۋاتقان ۋاقىتتا يوللىدىم.

ئېلان ئىشلەشمۇ مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان، بىردەمدىلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىرقانچە سېكۇنتلۇق بىر كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن، سوغۇق شامالدا كالتا ئىشتان كىيىپ ساق 15 كىلومېتىر يۈگۈردۈم. ئاخىردا رېشاتكىدىن ئاتلايدىغان كۆرۈنۈشنى ئالىدىغان چاغدا، تۇزۇك ئارام ئالماي، زېھنىم ئاجىزلاپ، كۈچۈم قالمىغانلىقتىن، بىلىكىمنى يارا قىلىۋالدىم.

بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپلا ئاغرىپ قالدىم، قىزىتمام 40 گىرادۇسقا چىقىپ كەتكەچكە دوختۇرغا كۆرۈنمەي بولمىدى. دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا خۇدۇمنى بىلمەي يېرىم كۈن ئۇخلاپتىمەن.

بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئىشنى قىلسا، يەنە كېلىپ ھەممىسىنى ياخشى قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىغان گەپ ئىكەن.

ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمدا، يېقىنقى بىر مەزگىللىك تۇرمۇشۇم ھەققىدە ئويلىنىپ، ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى ئايرىماي، ھەممىسىگە ئوخشاش زېھىن سەرپ قىلغانلىقىمدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئادەمنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى چەكلىك بولىدۇ، بىرقانچە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسىگە ئوخشاش زېھىن بېرىمەن دېسە، ئاخىردا ھېچقايسى ئىشقا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالماي، ھەممىسىنى ياخشى قىلالمايدىغان، ھەتتا ئاغرىپ يېتىپ قالىدىغان ئىش چىقىدىكەن. ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرىمەن دەيدىكەنمىز، قايسى ئىشلارنىڭ ھەققىي

www.uyghurkitap.com

مۇھىملىقىنى ئېنىق ئايرىپ، مۇھىملىرىنى باشتا قىلىش، ئانچە مۇھىم بولمىغانلىرىنى ئاخىردا قىلىش كېرەك. مۇھىملىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئانچە مۇھىم ئەمەسلىرىنى قىلىشقا ئۇلگۈرمىگەن تەقدىردىمۇ تۇرمۇشىڭىزغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ.

تۆۋەندىكى گىرافىكتا سىتفېن كاۋېنىڭ ھەر خىل ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئاددىي پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى كۆرسىتىپ بېرىلگەن:




رەسىمدىكى تىك سىزىق مۇھىملىق دەرىجىسىگە، توغرا سىزىق تەخىرسىزلىك دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇھىم دېگەندە، ئۇنىۋېرسال يۈكسىلىشىڭىزگە، ئۆمۈرلۈك غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ تەخىرسىز دېگەندە، ھازىرلا قىلمىسىڭىز بولمايدىغان، بولمىسا كېيىنكى خىزمەتلىرىڭىزگە تەسىر يېتىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارنى مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: ھەم

مۇھىم، ھەم تەخىرسىز؛ مۇھىم ئەمما تەخىرسىز ئەمەس؛ مۇھىممۇ ئەمەس، تەخىرسىزمۇ ئەمەس؛ تەخىرسىز، ئەمما مۇھىم ئەمەس.

مەسىلەن، ئۇخلاشنى ئېلىپ ئېيتساق، كەچ سائەت 11 دە بەك ئۇيقۇڭىز كېلىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇخلاش ھەم مۇھىم، ھەم تەخىرسىز ئىش ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا مۇھىم دېگەندە، چۈنكى سالامەتلىكىڭىزگە پايدىلىق؛ نېمىشقا تەخىرسىز دېگەندە، چۈنكى ئۇيقۇڭىز كېلىپ چىدىيالماي قالدىڭىز. ئۇنداقتا، قانداق ئىشلار مۇھىم، ئەمما تەخىرسىز ئەمەس ھېسابلىنىدۇ؟ چۈشتە ئۇخلاش. چۈشتە ئۇخلىۋالسىڭىز، چۈشتىن كېيىن روھلۇق خىزمەت قىلالايسىز، ئۇخلىمىسىڭىز خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، مۇھىم، تەخىرسىز ئەمەس بولۇشىدىكى سەۋەب، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ چۈشتە ئۇيقۇسى كېلىپ كەتمەيدۇ. ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئويغاندىڭىز، ئەمما يەنە بىردەم يېتىۋالغۇڭىز بار؛ بۇ مۇھىممۇ ئەمەس، تەخىرسىزمۇ ئەمەس ئىش. چۈنكى بۇنداق چاغدا ئۇخلىغانلىق سالامەتلىككە پايدىسىمۇ يوق، ئۇيقۇڭىزمۇ قاندى. بۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىممۇ ئەمەس، تەخىرسىزمۇ ئەمەس ئىشلىرىمىز ئادەتتە خېلى كۆپ، بۇنداق ئىشلار ھەم ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ، ھەم ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئەڭ چاتاق، شۇنداقلا ئادەمنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى تەخىرسىز، ئەمما مۇھىم بولمىغان ئىشلار. يەنى ھازىرلا قىلمىسىڭىز بولمايدىغان، لېكىن تەرەققىياتىڭىزغا قىلچە پايدىسى يوق ئىشلار. مەسىلەن، دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاش، مۇھىم ئەمەس بولۇشىدىكى سەۋەب، ئولتۇرۇپ ئۇخلاش يۈرەككە زىيانلىق، يەنە كېلىپ، ئۇخلىغاندەكمۇ بولمايدۇ؛ ئەمما بۇ

ئىش بەكلا تەخىرسىز، چۈنكى ئۇيقۇڭىز كېلىپ، كۆزلىرىڭىز يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئەزەلدىن دەرسخانىدا ئۇخلىمايتتىم. ئەگەر بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتسە، سىنىپتا ئۇخلاشتىن مۇئەللىمگە دەپ ياتاققا قايتىپ ئۇخلاشنى ئەۋزەل كۆرەتتىم. مۇئەللىم ھەيران بولۇپ، قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇيقۇم كېلىپ، دەرس ئاڭلىغۇدەك ھالىم قالمىدى، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغاندىن، بېرىپ ئارام ئېلىۋالاي دەپ چۈشەندۈرەتتىم. مۇئەللىممۇ توغرا چۈشىنەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلگە بولغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، يەنىلا ئۇخلايدىغان چاغدا ئۇخلاپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ياخشى.

ئەگەر تۇرمۇشىمىزدا، تەخىرسىز، ئەمما مۇھىم ئەمەس ئىشلار بەك كۆپ بولسا، بۇ ئۆزىمىزنى تەكشۈرىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھىم، ئەمما تەخىرسىز بولمىغان ئىشلارنى ياخشى قىلالمىغانلىقتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ ھەل قىلىشنىڭ چارىسىمۇ بەكلا ئاددىي، بۇنىڭغا سەۋەب بولۇۋاتقان، مۇھىم ئەمما تەخىرسىز بولغان ئىشنى تېپىپ، جايىدا قىلىپ ماڭسىڭىزلا، تەخىرسىز، ئەمما مۇھىم ئەمەس ئىشلار بارغانچە ئازلايدۇ. مەسىلەن، دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاشقا سەۋەب بولۇۋاتقان مۇھىم ئەمما تەخىرسىز بىر ئىش كەچتە ئوبدان ئۇخلىماسلىق.

ئالدىن تاللاش، يەنى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش دېگىنىمىز، يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك ئىشنى ئېنىق ئايرىپ، مۇھىم، ئەمما تەخىرسىز بولمىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چېنىقىش، ناشتا قىلىش قاتارلىقلار شۇ تۈردىكى ئىشلارغا كىرىدۇ. ناشتىمۇ، چېنىقىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ناشتا قىلماسلىق،

چېنىقماسلىقىنىڭ زىيىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىلىنمىگەن بىلەن، كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە بەدىنىڭىز ئاجىزلاپ، ئاسانلا ئاغرىپ قالىدىغان، خىزمەتتىمۇ تۈزۈك ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن ناشتا قىلمىسىڭىز، چېنىقىپ تۇرمىسىڭىز مانا مۇشۇنداق بولىدۇ دېگەن ئاچچىق گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئاندىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىسىز.

خىزمەتتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم بولسىمۇ، تەخىرسىز بولمىغانلىقتىن ئاسانلا سەل قارىلىدىغان ئىشلار خېلى كۆپ. نۇرغۇن ئادەملەر باشلىق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، كەچلىرىمۇ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلارغا سەل قارايدۇ ـ دە، بىر مەزگىلدىن كېيىن، باشقىلاردىن كېيىن قالغانلىقىنى، ئىشلەش بىلەن بىرگە ئۆزىگە ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا سەل قارىغانلىقتىن، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىشكە ئاز قالغان چاغلاردا، تاپشۇرۇقلىرىم دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ھەممە پەنلەرنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى مۇھىم ھەم تەخىرسىز دەپ قارايدىغان بولسام، ئەتىسىمۇ ئىشلەپ بولالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن تاپشۇرۇقلارنى تۆرگە ئايرىپ چىقتىم. ئەدەبىيات، خىمىيە پەنلىرىدە ئاجىزراق، ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا پەنلىرىگە ئۇستا ئىدىم. شۇڭا، ئەدەبىيات بىلەن خىمىيە تاپشۇرۇقى مەن ئۈچۈن مۇھىم ھەم تەخىرسىز ھېسابلىناتتى. چۈنكى بۇ تاپشۇرۇقلار نەتىجەمنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇئەللىم ئەتىسىلا تەكشۈرەتتى. ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئەتىسى تەكشۈرىدىغان بولۇپ، تەخىرسىز

ھېسابلانسىمۇ، مەن ئۇچۇن مۇھىم دەپ كەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۆگىنىش نەتىجەمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئانچە چوڭ ياردىمى بولمايتتى.

شۇڭا، ئاۋۋال ئەدەبىيات، خىمىيە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، ئاندىن يەنە بىر ئاز تەكرار قىلىپ، ماتېماتىكا، ئىنگلىز تىلى تاپشۇرۇقلىرىنى ئاخىردا ئىشلەيدىغان، ئويۇن ئويناش، قورۇق پارالىش سېلىش دېگەندەك مۇھىممۇ ئەمەس، تەخىرسىزمۇ ئەمەس ئىشلارنى ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان بولدۇم.

مەن ئاددىي ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى ئالدىدىكى ۋاقتىمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاخىردا ئارزۇيۇمدىكى نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشلۇق ئۆتتۈم.

قايسى ئىشنىڭ مۇھىم، قايسى ئىشنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى نېمىگە ئاساسەن ئايرىيمىز؟ ئۆمۈرلۈك نىشانىڭىزنى توغرا قىلىپ، شۇ نىشانغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇھىم ئىشلار قاتارىغا تىزىسىز. ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز دوستلىرىڭىزنىڭ دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇش بولسا، پاراڭلىشىش سىز ئۈچۈن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ماڭا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان ئادەم بولۇشنى نىشان قىلغان بولسىڭىز، پاراڭلىشىش جەريانىدا مەسىلە ھەل قىلىش سىز ئۈچۈن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بىر ئىش بەزىلەر ئۈچۈن مۇھىم، بەزىلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس بولۇشى مۇمكىن.

بۇلتۇر 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ خادىم قوبۇل قىلىش يۈز تۇرانە ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق سوئال سورالغان: «ئەتىگەندە شىركەتكە كېلىپ، خەت ساندۇقىنى ئاچتىڭىز -

دە، 2000 پارچە خەت كەلگەنلىكىنى كۆردىڭىز. ئەمما، سىز پەقەت 30 پارچە خەتكىلا جاۋاب قايتۇرۇشىڭىز كېرەك. بۇ 30 پارچە خەتنى قانداق تاللايسىز؟» بۇ سوئالنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى يوق، مەقسەت سىزنىڭ مۇھىم ئىشنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭىزنى سىناماقچى.

بىز ھەمىشە ئۆزىمىزچە تەخىرسىز دەپ قارىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىمىز، چۈنكى دەرھال بىر تەرەپ قىلمىساق، پاجىئەلىك ئاقىۋەت يۈز بېرىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىمىز. ھەتتا تېلېفوننى دەرھال ئالمىساق، ئۈندىداردا دەرھال خەت قايتۇرمىساق، چوڭ چاتاق چىقىدىغاندەك ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار، ئۇ مەلۇم بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىرىنچى بولۇپ ئىشقا كېلىدۇ، قېنىق قەھۋەنى دەملەپ قويۇپ، ئېلخەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلايدۇ. باشقىلار ناشتىلىقىنى كۆتۈرۈپ شىركەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ چۈشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئېلخەتلەرنى ئاللىبۇرۇن بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

خىزمەتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەشنىڭ بىر ئۇسۇلى شۇكى، خەت كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھامان دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مەلۇم بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىتتا ئىچىدە مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك: تېلېفون قوبۇل قىلغاندا، ئامال بار قىسقا، ئىخچام جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ياكى خىزمەتكە دەخلى يەتمىگەن ئاساستا ئازراق كېچىكتۈرسەكمۇ بولىدۇ. بۇ بىزدىن ۋاقىتنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت جەريانىنى كونترول قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمەتچىلەر بۇنداق قىلىپ كېتەلمەسلىكى

مۇمكىن، ئەمما پىشقان خىزمەتچىلەر بۇنداق ئەپچىل چارىلەرنى قوللىنىشنى، بىر كۈن ئىچىدىكى كاللىنىڭ ئەڭ ئوچۇق، سەگەك ۋاقتىدا شۇ بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى تاللاپ قىلىشنى بىلمىسە بولمايدۇ.

ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ئادەملەر مۇھىم، ئەمما تەخىرسىز بولمىغان، قارىماققا ھازىرلا قىلمىسىمۇ بولىدىغاندەك، ئەمما ئۇزاقنى ئويلىغاندا تەسىرى زور بولغان ئىشلارنى قىلىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئورنىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغىنىمۇ دەل شۇنداق ئىشلاردۇر.

# كىنو كۆرۈش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇللىرى

رۇسسىيەلىك بىرەيلەننىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم «sibaxiba» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇ مېنى ئىككى خىل تىلدا تىللاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالغانىدىم. «siba» خەنزۇچىدا «ئۆل» (死吧) دېگەن مەنىنى، «xiba» كورېيە تىلىدا «ئۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن «سەن زادى نېمە دېمەكچى» دەپ سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدە «رەھمەت» دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

تىل ئۆگىنىش ئادەمگە ئۆگەنگەنچە قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئىتالىيەن تىلى ئۆگىنىۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى «٢٢» نىڭ تەلەپپۇزىنى توغرا چىقىرىش ئۈچۈن سۇ ئىچىپ تۇرۇپ مەشىق قىلغانىدىم. تازا قېقىلىپ كەتكەندە ئاندىن ئاران ئۆزلەشتۈردۈم. نېمىسچە كىتابلارنى ۋاراقلىسىڭىز، بارلىق ئىسىملارنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ، بىر قاراپلا ئىسىملارنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى، بۇ ئارقىلىق ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى پەرەز قىلىۋالغىلى بولىدۇ. دانە - دانە باش ھەرپلەرنى ئۆلىغاندا ئۇنۇملۇك، ئېھتىياتچان گېرمانلارنىڭ سىماسى نامايان بولىدۇ. فىرانسۇز تىلى ئەڭ رومانتىك، ئادەمنىڭ ئادەتتىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ باشقا تىللارغا قارىغاندا نەچچە

www.uyghurkitap.com

ھەسسە كۆپ.

تىل ئۆگىنىش كۆڭۈللۈك، شۇنداقلا پايدىسى كۆپ بىر ئىش.

دۇنيادا 90% ئادەم پەقەت بىرلا تىلنى بىلىدۇ، ئەگەر چەت ئەل تىلىدىن بىرنى بىلسىڭىز، ئاز ساندىكى 10% ئادەمنىڭ قاتارىغا ئۆتىسىز، ئەگەر چەت ئەل تىلىدىن ئىككىنى بىلسىڭىز، ئاز تېپىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالىسىز.

نۇرغۇن ئادەملەر چەت ئەل تىلى، بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلى جەھەتتە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر مەخسۇس تەربىيەلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرمەكچى بولىدۇ؛ يەنە بەزى ئادەملەر تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بىر خىل ئۇسۇلنى، يەنى كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاللايدۇ. ئەمما، شۇنچە كۆپ كىنو كۆرۈپمۇ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بولمىغاندىن كېيىن، بۇ ئۇسۇلدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسى بولامدۇ؟

مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، بولىدۇ، ئەمما كۆرۈنەرلىك ئەمەس.

ھەرقانداق بىر تىلنى ئۆگىنىشتە، كۆپ كۆرۈپ، كۆپ ئاڭلىغانىنىڭ ھامان پايدىسى بولىدۇ. لېكىن، ۋاقىت شۇنچە قىس، ئۆگىنىشكە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار شۇنچە كۆپ. ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆگىنىش ياكى خىزمەت بولسۇن، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋاقىت نۇقتىسىدىن ئويلاشماي بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، چەكلىك ئۆمۈردە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى تاماملىغىلى بولىدۇ.

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە چوقۇم توختىماي ئۆگىنىش، يادلاش ئارقىلىق پىششىقلاپ تۇرۇش كېرەك. كىنو كۆرۈشمۇ

ياخشى ئۇسۇل، ئەمما ۋاقىت سېلىنمىسىنى ئويلاشقاندا، كۆڭۈلدىكىدەك ئۇسۇل دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ خۇددى كۆكتات سالات يەپ ئورۇقلىماقچى بولغاندەكلا بىر ئىش. كۆكتات سالات ئەلۋەتتە ياخشى تاماق، ئەمما كۆپ يېسە يەنىلا بولمايدۇ. چۈنكى سالات قىيامىنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى، كۆپ يېگەندە ئورۇقلاتمايلا قالماي، سەمرىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشتە، ئۇسۇل توغرا بولمىغاندا، ئۆگىنىش ئەمەس، كۆڭۈل ئېچىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇنداق دېگىنىم بۇ ئۇسۇلدىن چوقۇم ۋاز كېچىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرى بار. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاتقاندىن باشقا، شۇ تىلدا سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تەپەككۇر ئادىتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشكىمۇ پايدىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئۇسۇلغا ئىقتىسادىي سېلىنما كەتمەيدۇ.

كىنو - فىلىم كۆرۈپ تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ سېلىنما - ھاسىلات مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىپ باقساق بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نەتىجە ئەمەس. بىز ۋاقىت سېلىنمىسىنى ئازايتىپ، كىنو - فىلىم كۆرۈشنى تىل ئۆگىنىشتىكى قوشۇمچە ئۇسۇل قىلىۋالساقمۇ ياكى بولمىسا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، فىلىم كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشنىڭ ھاسىلات قىممىتىنى ئاشۇرساقمۇ بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىككى ئۇسۇل ئىچىدە، كېيىنكىسى كۆپرەك ئادەملەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن.

كىنو - فىلىم كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشتە ھاسىلات قىممىتىنى، يەنى ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن

ئۆزىڭىزنىڭ تىل سەۋىيەسىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ھەممە ئادەم ماس كېلىۋەرمەيدۇ. قانائەتلىنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن سۆزلۈك مىقدارى چوقۇم 2700 گە يەتكەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئامېرىكا تىل - ماتېرىيال ئامبىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك دىيالوگىدا ئۇچراش نىسبىتى 90% تىن ئاشىدىغان سۆزلەرنىڭ سانى 2700 ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم 2700 سۆزلۈك بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر سۆزلۈك مىقدارى يېتىشمىسە، كىنو - فىلىم كۆرۈش ۋاقىت ئىسراپ قىلغانغا باراۋەر. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىش ئۈچۈن، ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكى 3500 گە يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، ئەگەر سىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن بولسىڭىز، سەۋىيىڭىز ئاساسەن يېتىدۇ. ناۋادا تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز، كىنو - فىلىم كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشنى ئويلاشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى قەدەم، مۇۋاپىق كېلىدىغان فىلىم تاللاش. ئامېرىكا فىلىملىرىلا بولسا، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلارغا ماس كېلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مەن تىل سەۋىيەسىنى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئامېرىكا فىلىملىرىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاپ چىقتىم.

ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەنلەرگە «دوستلار» ۋەكىللىكىدىكى كومېدىيەلىك فىلىملەرنى كۆرۈش

www.uyghurkitap.com

تەكلىپىنى بېرىمەن. كومېدىيە تۈرىدىكى فىلىملەردە دىيالوگ بەك تېز بولمايدۇ، ھەربىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۈلۈپ بولۇشىنى ساقلايدۇ.

«دوستلار» ئامېرىكا فىلىملىرى ئىچىدە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۆرۈشىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان فىلىم دېيىشكە بولىدۇ. سۆز ئۆزۈشىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئەڭ ئاۋۋال پاقىچىلاپ ئۆزۈشنى ئۆگىنىدۇ، پاقىچىلاپ ئۆزۈشنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ، ئەركىن ئۆزۈشنى ئۆگىنىمەن دېسە، تۇنجۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش، «دوستلار» ناملىق فىلىمنى كۆرۈپ چۈشىنىدىغان سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا فىلىملەرنى كۆرسە ئانچە قىينىلىپ كەتمەيدۇ. «دوستلار» نىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ، باشقا فىلىملەرنى كۆرۈش ئۆز - ئۆزىنى قىيناشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا بۇ فىلىمنى باشتىن - ئاخىر تۆت قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈپ چىققان، ھەربىر قىسمىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېسىمدە. بۇنداق دېسەم سەل مۇبالىغە قىلىۋەتكەندەك ئاڭلىنىشى مۇمكىن، ئەمما قىلچە مۇبالىغە قىلمىدىم. شۇڭا، ئامېرىكا فىلىملىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىنى ياخشىلىماقچى بولغان دوستلارغا «دوستلار» ناملىق فىلىمدىن باشلاش تەكلىپىنى بېرىمەن.

بەزىلەر بۇ كىنو بەك كونا، ۋاقتى ئۆتتى دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىزمۇ شۇنداق ئويلىسىڭىز، «دادام بىلەن ئانامنىڭ رومانتىك كۈنلىرى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇ تۆۋەن سەۋىيەدىكىلەرگە بېرىلگەن تەكلىپ.

ئوتتۇراھال سەۋىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارغا كەلسەك، بىۋاسىتە

كۆرسىتىش تورىدىكى رېئال پىروگراممىلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ توردىكى پىروگراممىلاردا ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، جۈملە شەكىللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. «ئامېرىكا چولپىنى» ناملىق پىروگرامما تىل ئۆگىنىشكە ماس كېلىپلا قالماي، يەنە ئادەمگە ئىلهام بېغىشلىيالايدۇ. خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلارغا «كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» ناملىق كىنو بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇن يۇزتۇرانە ئىمتىهانلار، خىزمەت مۇھىتىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار بولغاندىن باشقا، خىزمەت جەريانىدا بىلىشكە تېگىشلىك قائىدىلەر سۆزلىنىدىغان بولۇپ، «دولاناك ئۆسۈش خاتىرىسى» نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنە كېلىپ، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى ياخشى، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققاندەك، قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىنگلىز تىلى ئاساسى نىسبەتەن ياخشى، لېكىن ئېغىز تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئېهتىياجى بار ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن، «كۈندە بىر پاراگ» نى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ گەرچە سۆھبەت تورىدىكى پىروگرامما بولسىمۇ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا ئوخشاش داڭلىق ئەربابلارمۇ بۇ پىروگراممىغا مېهمان سۈپىتىدە قاتنىشىپ تۇرىدۇ، ئامېرىكىدا بۇ پىروگراممىنى بىلمەيدىغانلار ئاساسەن يوق. بۇ پىروگراممىنى ئاڭلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى ئىقتىم مەسىلىلىرىنى بىلىش ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۇمۇرلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇش، ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە كىرىپ تۇرۇپ كۆرۈش كېرەك. باشتا ئازراق قىيىنىلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بىر مەزگىل كۆرگەندىن كېيىن، ياقتۇرۇپ قالىسىز.

يەنە بەزىلەر ئىلمىي مۇھاكىمە تورىدىكى پىروگراممىلارغا،

ھۆججەتلىك فىلىملارغا ئامراق. بۇ تۈردىكى ماتېرىياللار ئىنگلىز تىلى سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت ساپايىڭىزنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ بەزى فىلىملىرىنى گەرچە كۆرىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، تىل ئۆگىنىشكە ئانچە ماس كەلمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چوڭ پارتلاش نەزەرىيەسى» جۇڭگودا خېلىلا قارشى ئېلىنغان، ئەمما بۇ فىلىم ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ماس كەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، سۆزلۈكلىرى بەك قىيىن، تۇرمۇش ئىنگلىز تىلىنى مەشىق قىلىشقا پايدىسى تەگمەيدۇ.

بەزىلەر ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ئەلۋەتتە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمەن، لېكىن ئاشۇ قىيىن سۆزلۈكلەر دەل GRE نىڭ سۆزلۈكلىرى ئەمەسمۇ دەيدۇ. مېنىڭچە يەنىلا ماس كەلمەيدۇ. GRE غا تەييارلىق قىلماقچى بولسىڭىز، مەخسۇس شۇ ئىمتىھاننىڭ سۆزلۈك كىتابىدىن بىرنى ئېلىپ، يادلىغىنىڭىز ياخشى. كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشنىڭ سىپىنىما ـ ھاسىلات قىممىتى بەكلا تۆۋەن، كۆڭۈل ئېچىشنى كۆزلىسەك بولىدۇ، ئۆگىنىشنى كۆزلىگەن بولسىڭىز، ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

يەنە، «تۇرمىدىن قېچىش» مۇ ماس كەلمەيدۇ، ۋەقەلىكلىرى بەك جىددىي، نېرۋىلىرىڭىزنى جىددىيلەشتۈرۈپلا تۇرىدۇ، ئاۋۇ ئادەم قاچان ئۆلۈپ كېتەر، ماۋۇ ئادەمگە بىرەر ئىش بولۇپ قالارمۇ دەپ، زېھنىڭىزنى تىل ئۆگىنىشكە قارىتالمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تۈردىكى كىنولارنى بىر قېتىم كۆرگەندىن كېيىنلا، ۋەقەلىكلىرى ئېسىڭىزدە قالىدۇ ـ دە، ئىككىنچى قېتىم كۆرگۈڭىز كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، تەلەپپۇزى تەبىئىي ئەمەس، كىنودىكى پېرسوناژلارنى

دوراپ ئۆگەنسىڭىز، ئېغىز تىلىڭىز ياسالما بولۇپ قالىدۇ.
مەن بەك ئامراق، ئەمما تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن كۆرۈشكە ماس كەلمەيدىغان يەنە بىر كىنو: «ۋەيران بولغان ئاچا - سىڭىللار». گەرچە كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان مەزمۇنلار بولسىمۇ، قىزىقارلىق نۇقتىلاردىكى گەپ - سۆزلەر تولا ھاللاردا چاكىنا. ئەگەر بۇنداق گەپلەرنى تولا قىلىپ ئۆگىنىپ قالسىڭىز، ئامېرىكىدىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغماي قالىسىز. بولۇپمۇ، فىلىمدىكى ئاشپەزنىڭ شەرقىي ياۋروپا شېۋىسى ئېغىر، تەلەپپۇزىمۇ توغرا ئەمەس.
بەزىلەر كىنو كۆرگەندە خېتىگە قارىماسلىقنى تەكىتلەيدۇ، بولمىسا ئاڭلاش مەشىقى قىلىشقا پايدىسىز دەپ قارايدۇ. ئەمما، كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىشنىڭ توغرا تەرتىپى مۇنداق: ئاڭلاش، چۈشىنىش، ئەستە ساقلاش، تەكرارلاش. خېتىگە قارىمىسىڭىز، ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيسىز. بىزنىڭ ئىنگلىزچە كىنولارنى كۆرۈشىمىز تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۇرسا، ئەگەر كىنونى كۆرۈپمۇ چۈشىنەلمىسەك، قىزغىنلىقنى كۈچەيتكىلى بولاتتىمۇ؟
مېنىڭچە، خېتىگە قارىماسلىق ئىرادىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان 15% ئۆگەنگۈچىلەرگىلا ماس كېلىدۇ، 85% ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئۇسۇلغا دىققەت قىلىسىڭىزلا، خېتىغا قارىسىمۇ بولىدۇ.
كىنونى چوقۇم ئۈچ قېتىم كۆرۈش كېرەك. بىرىنچى قېتىم كىنو كۆرۈش ئۈچۈنلا كۆرسەك، كىنودىكى ۋەقەلىكلەرنى چۈشىنىپ چىقساقلا بولىدى. ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە، قەغەز، قەلەم تەييارلاپ، ئەسقاتىدۇ دەپ قارىغان، سىزگە بەك ياراپ كەتكەن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە سۆز - ئىبارىلەرنى

يېزىۋالىمىز. مەسىلەن، مەن «دوستلار»ناملىق فىلىمنى كۆرۈۋاتقان چاغدا شۇنداق قىلغان، ئۇ كىنودا «سەن قالتىسكەنسەن» دېگەن گەپ تولا چىقىدۇ. ئەگەر بىرى ماڭا بۇ گەپنى ئىنگلىزچە دەپ باق دېسە، «You are so good» دېيىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، كىنودا «way to go» دەپ ئىپادىلەيدىكەن. قارىسام بۇ ئامېرىكىلىقلار كۆپ قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دەرھال يېزىۋالدىم. يەنە مىسال ئالساق، «ماڭايلى» دېگەن بىر گەپ بار، ئادەتتە «let's go» دەپ ئىپادىلەيمىز، لېكىن كىنودا دائىم «let's bounce» دەيتتى، مەنىسى «ئاتلىنايلى» دېگەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ھەربىر قېتىمدا خاتىرىلىۋېلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن سۆز - جۈملىلەر ئۇچرايدۇ، ئەگەر 20 مىنۇتلۇق فىلىم بولسا، ئاز دېگەندە ئون نەچچە جۈملە، 15 ~ 20 سۆزلۈك ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى قېتىمدا، ئاڭلاش بىلەن سۆزلەشنى بىرلەشتۈرىمىز. دىيالوگلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېسىمىزدە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، بەزى كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ باقسىڭىز بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، كىنودىن ئۆگەنگەن سۆز - جۈملىلەرنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ھەرگىز كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم كۆرمەڭ، بولمىسا سىقىلىپ ئۆلۈپ قالىسىز. ئەگەر «دوستلار» نىڭ 1 - بۆلۈمنى كۆرۈپ بولسىڭىز، 2 - بۆلۈمگە ئۆتسىڭىز بولىدۇ، ئەمما چوقۇم بىر ھەپتە ئىچىدە 1 - بۆلۈمنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشنى باشلىشىڭىز كېرەك. چوقۇم شۇنداق قىلىڭ، بولمىسا ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، بىھۇدە كۆرگەن بولىسىز.

داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىدىغان ئۆگەنگۈچىلەر ناۋادا ئىنگلىز

www.uyghurkitap.com

تىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش قاتارلىق تۆت تۈرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاڭلاش. ئاڭلاش ئىككى خىل بولىدۇ: زەن سېلىپ ئاڭلاش، يۈزەكى ئاڭلاش. زەن سېلىپ ئاڭلاش دېگەندە، ھەربىر سۆزنى ئاڭلاش ۋە چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ؛ يۈزەكى ئاڭلاش دېگەندە، ئاساسىي مەزمۇننى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. زەن سېلىش ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل، لېكىن زور ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە ئون مىنۇت ئارىلىقنى زەن سېلىپ ئاڭلاش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن 60 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئەگەر تېزرەك گەپ قىلغان بولسا، 60 مىنۇتمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. مېنىڭ تەكلىپىم، ئىككى كۈندە بىر قېتىم بىر سائەت زەن سېلىپ ئاڭلاڭ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن.

ئەگەر ۋاقتىڭىز قىس بولسا، زەن سېلىپ ئاڭلاشنى قويۇپ، يۈزەكى ئاڭلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. يۈزەكى ئاڭلاشتا «بەش مىنۇت، بىر قېتىم، ئۈچ جۈملە» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك، بەش مىنۇت ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قېتىم توختاپ، ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن خۇلاسە چىقىرىش. ئىمكانقەدەر ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بىلەن يەكۈنلەڭ.

ئەگەر قابىلىيىتىڭىز، جۈرئىتىڭىز بولسا، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىۋاسىتە ئاڭلاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىغا قېتىلىڭ.

سۆزلەش. ئېغىز تىلىنى قانداق مەشىق قىلىش كېرەك؟ بىرىنچى، كىنو كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ تىل ئامبىرىنى تولۇقلايسىز. قازاندا بولغاندا، چۆمۈچكە چىقىدۇ. بولمىسا نېمە چىقىدۇ؟ ئىككىنچى، دوراش. خەنزۇ تىلى بىلەن

ئىنگلىز تىلىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ئىنتوناتسىيەنىڭ ئاساسىي بىرلىكىدە؛ خەنزۇچىدا ئىنتوناتسىيەنىڭ ئاساسىي بىرلىكى خەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئىنگلىز تىلىدا جۈملىنى ئاساس قىلىدۇ. «hang» نى خەنزۇچىدا بىرقانچە خىل ئاھاڭدا ئوقۇغىلى بولىدۇ، ئاھاڭ (تون) ئوخشىمىسا، مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ ئىنگلىزچىدا «ئېسىش» دېگەن مەنىسىلا بار، بىرىنچى تون، ئىككىنچى تون دەپ ئايرىلمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، چەت ئەللىكلەر خەنزۇچە ئۆگەنگەندە، ئۇلار تەلەپپۇز بىلەن ئاھاڭنى توغرا چىقىرالماي قىينىلىپ كېتىدۇ، بىز ئاڭلاپ بىئارام بولۇپ كېتىمىز.

ئىنگلىزچىدا، تون بولمىسىمۇ، جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بار. ئالاھىدە سوئال جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى تۆۋەنلەيدۇ؛ ئادەتتىكى سوئال جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى كۆتۈرۈلىدۇ. كۆپىنچە تىل ئۆگىنىۋاتقان جۇڭگولۇقلار ھەربىر سۆزنىڭ ئاھاڭىنى ئەمەس، بەلكى جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى ياخشى ئىگىلىيەلمەيدۇ. كىنو كۆرۈپ ئىنگلىزچە ئۆگەنگەندە جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى كۆپرەك دوراپ بېرىش كېرەك. ئامېرىكا كىنوسىدىكى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر پېرسوناژنى تاللاپ ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى دوراش، قانداق ۋاقىتتا چۈشۈپ، قانداق ۋاقىتتا چىقىدىغانلىقىنى ئىگىلەش كېرەك.

ئوقۇش. ئېسىل جۈملىلەرنى تەكرار - تەكرار ئوقۇش، ئەڭ ياخشىسى يادلىۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، فىلىمنىڭ كىتابى بار بولسا، ئوقۇپ چىقساق، مەيلى توفىل، ئايلتىس ئىمتىھانلىرىنى بېرەيلى، مەيلى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيلى، ئوخشاشلا كۆپ پايدىسى بولىدۇ.

يېزىش. فىلىمغا باھا يېزىش. كىنونى كۆرۈپ بولغاندىن

كېيىن، ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئىپادىلەپ باققۇڭىز كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا، قورقۇپ ئولتۇرماڭ، 100 ~ 150 خەتلىك باھا سۆزى يېزىپ چىقىڭ. بۇ تەخمىنەن 8 ~ 10 جۈملىلىك بىر ئابزاس بولۇپ چىقىدۇ. بېشىدىكى بەش جۈملىدە فىلىمنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ. ئاخىرىدىكى بەش جۈملىدە ئەگەر سىز باش پېرسوناژ بولۇپ قالسىڭىز، قايسى ئەھۋاللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى يېزىڭ. ئەگەر كۆپ قىسىملىق بىر تېلېۋىزيە تىياتىرىنى كۆرۈپ بولغۇچە 20 پارچە باھا يېزىپ چىقىدىغان بولسىڭىز، يېزىقچىلىق سەۋىيىڭىزدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولىدۇ.

دېمەك، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرنىڭ ھەممىسىنى كىنو كۆرۈش بىلەن تەڭ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ تۆت تۈرنىڭ ھەممىسىدە تەڭ ئىلگىرىلەش مەقسىتىگە يېتەلىسىڭىز، كىنو كۆرۈپ تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ سېلىنما - ھاسىلات قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولىسىز.

ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى قىلىش - قىلماسلىق ئۈستىدە ئىككىلىنىپ قالغان ۋاقتىڭىزدا، ۋاقىت سېلىنمىسى بىلەن ھاسىلات نىسبىتىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، بۇ ئىش قىلىشقا ئەرزىمدۇ - يوق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بارمۇ - يوق دېگەنلەرگە ئاساسەن قارار چىقارسىڭىزمۇ بولىدۇ.

# كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ ئازابلىشىغا خاتىمە بېرىڭ

بىر چاغلاردا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىراغ يېقىپ قويۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى بىر سۈرەت توردا خېلى كەڭ تارقىلىپ يۈرگەنىدى. سۈرەت تارتىلغان ۋاقىت سەھەر سائەت 4:00 بولۇپ، كۈتۈپخانىدا بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىغان... سۈرەتنىڭ ئاستىغا مۇنداق يېزىلغان: خارۋاردقا كەلگەندىن كېيىن، ھەقىقىي سەرخىللار ئەسلىدە تالانت ئىگىلىرى بولماستىن، باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تىرىشقان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. شۇنىڭدىن كېيىن «خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سەھەر سائەت تۆت يېرىم» ناملىق بىر كىتابمۇ يېزىلدى. بۇ كىتاب خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ياشلارغا بەرگەن سوۋغات بولۇش سۈپىتى بىلەن نەچچە مىليون جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. ئەلۋەتتە، خارۋاردقا بېرىپ باققانلار ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

كېيىن، تورداشلاردىن بىرى جاپالىق ئىزدىنىش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ سۈرەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارتىلغانلىقى، يەنە كېلىپ، سۈرەتتىكى ۋاقىت ئادەتتىكى چاغلاردىكى سەھەر ۋاقتى سائەت تۆت بولماستىن، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان باشلىنىشتىن بىر

كۈن بۇرۇن كېچە سائەت 10 بولغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. كۆپچىلىككە ئايان، بۇنداق چاغدا كۇتۇپخانا توشۇپ كەتمىسە، مانا بۇنى بىنورماللىق دېسەك بولىدۇ. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىمۇ ئىمتىھان ھەپتىسىدە كۇتۇپخانىدىن بوش ئورۇن تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئەتە ئىمتىھان دېگەن كۈنى كېچىچە ئۇخلىماي ئۆگىنىش قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

بۇ ئەلۋەتتە دەرس سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلە. ئەمما، ئىمتىھان ئالدىدا بېسىپ ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى «كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ھەر مەۋسۇملۇق دەرس تۈگىگەندىن كېيىن، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكرار قىلىشىغا ئۈچۈن ئىككى ھەپتە ۋاقىت بېرىدۇ. دەسلەپتە ئىككى ھەپتە بەك ئۇزۇندەك بىلىنىپ، ئىككى كۈن ئوينىۋېلىپ، ئاندىن ئۆگىنىش قىلاي دەپ ئويلايمىز. ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىلىپ ـ بىلمەيلا ئىمتىھان ھەپتىسى كېلىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارغا ئايلىنىدۇ. ئىككى ھەپتىگە سوزۇلغان ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندا، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ھارغىنلىقتىن چىرايىدا نۇر دېگەن نەرسە قالمايدۇ.

كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئازابلايدۇ: بىر ئىشنى قىلغۇڭىز بار، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن داۋاملىق كەينىگە سۈرىسىز، ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، جان تىكىش روھى بىلەن، قانداقلا بولمىسۇن قىلىپ تۈگىتىسىز.

نۇرغۇن ئادەملەر نېمە ئۈچۈن كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى دېگەن، ھەممىسى ھۇرۇنلۇقتىن ئەمەسمۇ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھۇرۇنلۇق بىلەن كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى ئوخشىمايدۇ. ھۇرۇن ئادەمگە ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايدۇ، ھېچقانداق ئىشنى قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بىكار تاماق يېگىنىدىن خىجىلمۇ بولمايدۇ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا پاتمايدۇ. كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشى بار، ئۆزىنىڭمۇ قىلغۇسى بار، لېكىن ھەمىشە كەينىگە سۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى زادى قىلمىسا بولمايدىغان ۋاقىتتا جان تىكىپ قىلىدۇ، ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغىنىدىن ئازابلىنىدۇ، بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتكۈسى بار. ھۇرۇن ئادەم داۋالىنىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم؛ كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم داۋالىنىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقان ئادەم. ئۇلار ساقايغۇسى بار تۇرۇپمۇ ساقىيالمايۋاتقىنىدىن بىئارام بولىدۇ.

مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلايلى: يەردە ئۇزۇن ھەم كەڭ بىر شال بار، كەڭلىكى 2 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، قېلىنلىقى 0.5 مېتىر. ئۇنىڭ ئۈستىدە ماڭ دېسەك، ئىككىلەنمەي ماڭسىز، ھەتتا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، بۇ ياغاچنى بەش قەۋەتلىك ئىككى بىنانىڭ ئۆگزىسىگە قويايلى، شالنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ، بىر بىنادىن يەنە بىر بىناغا ئۆتۈشىڭىز كېرەك. ھازىر يىقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار، يىقىلىپ كەتسىڭىز، بەدىنىڭىز چۇل - چۇل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ۋەزىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، ئەمما مەغلۇبىيەت ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل ھەسسىلەندى.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا كەينىڭگە سۈرۈشكە باشلايسىز، ماڭالمايمۇ، ماڭمايمۇ، قانداق ماڭسام بولار دەپ، خېلى ئۇزاق ئويلىنىسىز.

بىر بىناغا تۇيۇقسىز ئوت كەتتى، ئەمدى ئۆتمىسىڭىز كۆيۈپ ئۆلىسىز. بۇ چاغدا ئويلىنىپ، ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايسىز، دەرھال شالغا قاراپ يۈگۈرەيسىز. ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەس ئىشمۇ ئەمەسكەنتۇق، نېمىشقا بالدۇرراق ماڭمىغاندىمەن دەپ ئويلايسىز. مانا بۇ كۆپ قىسىم ئادەملەردە ئىشنى كەينىگە سۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە بولىدىغان پىسخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانى. ئەمەلىيەتتە ئانچە قىيىن بولمىغان بىر ئىش، لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر بەك تەس، قىلالماي قالسام ئاقىۋىتى بەك ئېغىر بولىدۇ دەپ ئويلىۋالغانلىقتىن، قورقۇشقا باشلايدۇ، كەينىگە سۈرىدۇ، قىلمىسا زادى بولمايدىغان يەرگە يەتكەن چاغدا، جېنىنى تىكىپ ئىشنى قىلىپ تۈگىتىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمىزدا كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى دېگەن نەرسىنى بىلمەيمىز، ئوينىغىمىز كەلسە ئوينايمىز، كەپسىزلىك قىلغۇمىز كەلسە كەپسىزلىك قىلىمىز. نېمىشقا چوڭ بولغاندا بۇ كېسەل بىزگە يېپىشىۋالىدۇ؟ نۇرغۇن ئادەملەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيدۇ.

چوڭ بولۇشىمىزغا ئەگىشىپ، ئادەممۇ كىچىك ۋاقتىدىكىدەك ساددا بولماي قالىدۇ، ئىشلارمۇ بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق بىر تەڭلىمە پەيدا بولىدۇ:

سىز = نەتىجىڭىز/قابىلىيىتىڭىز/ئىپادىڭىز = XX ئىش

بىز مەلۇم بىر ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا، قىممىتىگە باراۋەر قىلىۋالىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە

ئۆزىمىز بېسىم پەيدا قىلمىۋالىمىز. ئۆزىمىزنى ماددىيلاشتۇرۇپ، ماركا چاپلىۋالىمىز. ئىچىمىزدىكى «مەن» دەيدۇ: مەن چوقۇم ئىقتىدارىمنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشىم، نەتىجەم ئالاھىدە ياخشى چىقىشى، خىزمەتنى چوقۇم قالتىس ئىشلىشىم كېرەك. ئىچىمىزدىكى يەنە بىر «مەن» مۇ دەيدۇ: مەن قىلالماسلىقىم مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى تاكاللىشىدۇ، يۈكسەكلىكتە تۇرغان «مەن» پەستە تۇرغان «مەن» نى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى قانچە يىراقلاشسا، كەيىنكىگە سۈرۈش كېسەللىكى شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ.

كەيىنكىگە سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ پىرىنسىپىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟

ئالدى بىلەن ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلىشىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. كەيىنكىگە سۈرۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى دائىم «قىلماي نېمە چارە»، «مەن چوقۇم مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك»، «تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگۈدەكمۇ ۋاقىت يوق، نېمىدېگەن مەنىسىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇنداق دىيالوگ ئۇسۇلى ئىچىمىزدىكى ئىككى «مەن» نى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. بىرى دەرھال بېرىپ، پالانى ئىشنى قىل دېسە، يەنە بىر «مەن» مېنىڭ ئۇ ئىشنى قىلغۇم يوق دەيدۇ. ئەڭ ئاخىردا «قىلماي نېمە چارە» گە ئۆزگىرىدۇ. بۇنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ بۈگۈندىن ئېتىبارەن، ھەر قېتىم مەن چوقۇم قىلىشىم كېرەك دېگۈڭىز كەلگەندە، ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، مېنىڭ قىلغۇم بار. مەن قىلىشنى تاللىدىم دەڭ. مۇشۇنداق كىچىككىنە ئۆزگىرىشمۇ قەلبىڭىزدىكى يەنە بىر «مەن» گە تېخىمۇ كۆپ

www.uyghurkitap.com

غوجايىنلىق ھوقۇقى بېرەلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىشنىڭ بېشىدىلا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەڭ ئېغىر ئاقىۋەتكە تەييارلىق قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ئەگەر ياغاچ كۆۋرۈك تاش كۆۋرۈكتەك مۇستەھكەم بولمايدۇ دەپ ئويلىغان بولساق، يېنىغا بىخەتەرلىك تورى تارتىپ قويساقمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىر بىنادىن يەنە بىر بىناغا ئۆتۈشتە ئانچە قورقۇپ كەتمەيمىز. چۈنكى ياغاچتىن يىقىلىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، تور بار. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، ئىشنى پۈتكۈزەلمەي قالغاندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا، ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئاقىۋەتنى كۆپتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قورقاق سېلىپ، بېسىم ئارتتۇرۇۋالىمىز. مەنمۇ بەزىدە «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» پىروگراممىسىنى سىنىغا ئېلىۋېتىپ، ياخشى چىقماي قالسا قانداق قىلارمەن، سەمرىپ كەتسەم قانداق قىلارمەن، كىشىلەر پىروگراممامنى تۇيۇقسىز ياقتۇرماي قالسا قانداق قىلارمەن دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىمەن. ئەمما، ئارقىدىن يەنە، ئازراق سەمرىپ كەتسەممۇ، ياخشى سۆزلىيەلمەي قالساممۇ، ھامان بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەنلەرنى ئويلايمەن. شۇنداق ئويلىسام، خېلى خۇش بولۇپ قالىمەن، خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن. ھېچكىم قوللىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز - ئۆزۈم بىلەن پاراڭلاشقىنىم بولۇپ قالسىمۇ، مەيلى ئەمەسمۇ. ياخشى قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا باشلىۋالدىم. شۇڭا، سىزمۇ ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: بۇ ئىشنى ياخشى قىلالماي قالغان تەقدىردىمۇ، نېمە بولاتتى؟

چوقۇم غەلىبە قىلىشىڭىز شەرت ئەمەس، پەقەت ئۇرۇنۇپ باقسىڭىزلا بولدى. ئەگەر ھەممە ئادەم بىر قېتىمدىلا غەلىبە قىلماقچى بولسا، ھەممە ئادەم بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، بۇ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىممىتى قالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئېدىسون لامپۇچكىنى بىر قېتىمدىلا ياساپ چىقىشىم كېرەك دەپ ئويلىغان بولسا، ئەسلا ياساپ چىقالمىغان بولاتتى. ئەگەر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى ئەسىرىنىلا دۇنياۋى داڭلىق ئەسەر سەۋىيەسىگە يەتكۈزىمەن دەيدىغان بولسا، بۇنچە كۆپ نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. ھەرقانداق بىر تەرەققىيات خاتالىقلارنى توختىماي تۈزىتىش داۋامىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ھەرقانداق بىر نەتىجە توختىماي ئۇرۇنۇش داۋامىدا قولغا كېلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ قايغۇسى — ۋەزىپىنى تۈگىتەلمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان تەشۋىشتىن، شۇنداقلا ۋەزىپىنى ئەڭ ئاخىردا تۈگەتكەن بولسىمۇ ياخشى ئورۇنلىيالمىغاندەك ھېس قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن كېلىدۇ.

سىزنىڭ قىممىتىڭىز خىزمىتىڭىزگە تەڭ ئەمەس. كەينىگە سۈرۈشنى يېڭىپ، تىرىشسىڭىزلا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىزىقىشىڭىز پۇشايمانىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالمىسۇن

سورايسىز: نېمە قىلىۋاتىسەن؟
جاۋاب: DOTA.
ئۇچۇر: نېمە قىلىۋاتىسەن؟
جاۋاب: DOTA.
تېلېفون: نېمە قىلىۋاتىسەن؟
جاۋاب: DOTA.

نۇرغۇن قىزلار ئوغۇل دوستۇم ئەتىگەندىن كەچكىچە DOTA ئوينايدۇ، ماڭا ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئايرىلىپ كېتەيمىكىن دەپ دەرد تۆكىدۇ. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئويۇن ئوينىمىدى دەپلا ئايرىلىپ كەتسە، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ.

يەنە نۇرغۇن ئوغۇللار ئىلگىرى DOTA ئويناشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىز دوستىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئەگەر ياراتقۇچى شۇنداق بىر پۇرسەت بېرىپ، ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسا، قىز دوستىغا ئەمدى ھەرگىز DOTA ئوينىمايمەن دەپ قەسەم قىلىپ بولسىمۇ، تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەسرەت چېكىشىدۇ.

يەنە بەزىلەر، ئەگەر بىر ئوغۇل بالا DOTA ئويناۋاتقان چاغدىمۇ سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزغا جاۋاب قايتۇرسا، ئىككىلەنمەي

ئۈنىڭغا تەگىسىڭىز بولىدۇ دەيدۇ.

بۇ ئويۇن ياۋروپادىن جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئوغۇللارنى مەھلىيا قىلىۋالدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھەر خىل يېڭى تور ئويۇنلىرى چىققان بولسىمۇ، پەقەت DOTA لا تەخمىنەن 10 يىل دەۋر سۈرەلىدى.

پەقەت DOTA ئويناپ باققانلارلا ئۇنىڭ تاماقنى، ئۇيقۇنى ئۇنتۇلدۇرغۇدەك، ھەتتا قىز دوستىدىن ۋاز كەچكۈزگۈدەك سېھرىي كۈچىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدۇ.

بىر مەھەل تور ئويۇنلىرىغا خۇمار بولغان ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنداق ھېسسىياتنى خېلى چۈشىنىمەن.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مۇئەللىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، «قىزنىقىشنىڭ ساڭا زىيان سالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن» دېگەنىدى. ئەينى چاغدا مۇئەللىمنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر ھېكمەتنى چۈشەنمىگەنىكەنمەن.

شۇ چاغلاردا، ئۇدا بىر ھەپتە كېچە سائەت ئۈچكىچە توختىماي ئويۇن ئويناپ چىققان ۋاقىتلىرىم بولغان. تېخى ئاتا ـ ئانام ئويۇن ئويناۋاتقىنىمنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىنى كىيىم ـ كېچەكلىرىم بىلەن ئېتىپ قويغانىدىم.

مەن بىر مەھەل «باتۇرنىڭ دىۋە بىلەن ئېلىشىشى» تۈردىكى ئويۇنلارغا ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. لېكىن، ئۇ چاغلاردىكى DVD ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچى بولمىغاچقا، ئويۇننى ساقلاپ قويغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئاپپاراتنى ئېتىۋەتسەم، يەنە باشتىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئەتىمەي ئوچۇق قويۇپ قوياتتىم. دەل قىشلىق تەتىل

www.uyghurkitap.com

مەزگىللى ئىدى، دەرسىمۇ يوق، كۈندە ئويۇن ئوينايتتىم. كاللامنى ئىشلىتىپ، DVD ئاپپاراتىنىڭ ئېتىلمىگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان قىزىل چىرىغىنى ئاق پىلاستىر بىلەن توسۇپ قويىدۇم. بۇنداق بولغاندا ئانام مېنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقىنىمنى ئۇقۇپ قالمايتتى.

ئەمما، سىڭلىم ئەقىللىق بولغاچقا بىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كەمپۈت دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئانچە - مۇنچە پارچە پۇل بېرىپ گوللاپ قوياتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇدا بىر ھەپتىگىچە DVD ئاپپاراتىنى ئەتمىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇتۇپ باقسام، قولنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كېتىپتۇ.

ئويۇن ئويناش ئۈچۈن دائىم ئانام بىلەن تاكاللىشاتتىم. ئۇ مېنى يېقىن ئەتراپتىكى مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلمەكچى بولاتتى، لېكىن مەن ئويۇن ئويناش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمايتتىم. ئانام ھەتتا كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئويۇن دىسكىسىنى سۇندۇرۇۋېتەتتى.

تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، شەنبىلىك كومپيۇتېر سىنىپىغا تەربىيەلىنىشكە تىزىملاتتىم. دەرس چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دىن 12 گىچە داۋاملىشاتتى. مەن ئۆيدىكىلەرگە دەرسنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 گىچە ئۆتىدىكەن دەپ قويىدۇم. بۇنداق بولغاندا كەچ سائەت 7 ~ 8 لەردە ئۆيگە كىرسەم بولۇۋېرەتتى. سىز چوقۇم بىلىپ بولدىڭىز، چۈشتىن كېيىن تورخانىغا بېرىپ، «ئويۇن» ئۆگىنەتتىم.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن، ماڭا ئوخشاش ئويۇنغا خۇمار بولغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى بايقىدىم،

يىنچۇەندىن كەلگەن بىر ياتاقداشىم بار ئىدى، ئۇمۇ تور ئويۇنلىرىغا، بولۇپمۇ «ئالۋاستى شەھىرى» گە بەك ئامراق ئىكەن.

ھېلىمۇ ياخشى، تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپ، ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرىغا ئويۇن قاچىلىمايدىغان بىر ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدىم. بۇ ئادەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويۇن خۇمارىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەگەر قاچىلاپلا قويسام، ئۆزۈمنى تارتالماي قالىمەن. ياتاقداشىم مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاڭلىماي، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالايمەن دېدى. باشتا ھەقىقەتەن ئۆزىنى خېلى كونترول قىلىۋالدى. لېكىن، بارغانچە ئۆزىنى ئويۇندىن تارتالمايدىغان، كېچە - كېچىلەپ ئويۇن ئويناپ چىقىدىغان بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا سەككىز پەن ئىچىدە ئۈچ پەندىن ئۆتەلمەپتۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنداق بىر پەرقى بار: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىدا كومپيۇتېر بار - يوقلۇقى بىلەن كارى يوق. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 1 - يىللىقنىڭ 1 - مەۋسۇمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېر ئېلىشىغا يول قويمايدىكەن، 2 - مەۋسۇمدىن باشلاپ كومپيۇتېر ئالسا بولىدىكەن، ئەمما تور ئەكىرگىلى قويمايدىكەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەركىنلىك تەكىتلىنىدۇ، يا ئەركىن پەرۋاز قىلىسەن، يا ئەركىنلىك ئىچىدە تۈگىشىسەن. ئەمما، ئادەتتە مەيلىڭىزگە قويۇپ بەرگەن بىلەن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېلىۋەرسىڭىز، ئۆيىڭىزگە يولغا سېلىپ قويىدۇ.

كېيىن ئۇ ياتاقداشىم ئۆزىنىڭ ئويۇنغا خۇمار بولۇپ

قالغىنىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، كومپيۇتېرنى ئىشقا چىقىرىۋېتىپ يوقىتىپ تاشلاش كويىغا چۈشۈپ قالىمەن. ئۆزىمنى قۇيمۇ-قۇيماي بىلەن تاقاپ، ئاچقۇچنى

سىلىپ، ئىككى دانە يوغان قۇلۇپ بىلەن تاقاپ، ئاچقۇچنى ئۆزىمىز تاپالمايدىغان يەرگە تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىرادىسىگە، ئوغۇل بالىدەك قىلغان ئىشىغا بەك قايىل بولۇپ كەتتىم. لېكىن، تېخى بىر ھەپتىمۇ بولماي، تۆمۈر كېسىدىغان يوغان بىر قايچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باھانىسى كومپيۇتېردا ماقالە يازماقچى ئىكەن. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، يەنە ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى.

كېيىن شۇنى بايقىدىمكى، ئادەم ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى مەجبۇرلايدىغان بۇنداق ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ، تور خۇمارىنى تاشلىيالمايدىكەن. ئۇنى تاشلاش ئۇچۇن چوقۇم باشقا بىرەر ئىشتا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئېرىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدۇ.

ياتاقداشلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولساممۇ، 1 - يىللىقتىكى چاغدا مەنمۇ بىر مەھەل كومپيۇتېرغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالدىم. ئۆگىنىش بېسىمى ئېغىر بولغاچقا، ئويۇن ئويناپ بېسىمدىن قۇتۇلماقچى بولاتتىم. مەن گەرچە ياتاقتا ئويناشمىساممۇ، تورخانىغا چىقاتتىم. ئاشۇ چاغلاردا ۋاقتىم بولسىلا تورخانىغا چاپاتتىم، يا كېچىچە ئويۇن ئوينايتتىم، يا ئىنگلىزچە كىنو كۆرۈپ چىقاتتىم. بىيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسى ئالدىدا نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ قالغان بىر تورخانا بار. مەكتەپ ئەتراپىدىكى كىيىم - كېچەك دۇكىنىنىڭ قىزلارغا نىسبەتەن

قانچە جەلپ قىلىش كۈچى بار بولغىنىدەك، مەكتەپكە يېقىن جايدىكى تورخانا ئوغۇللارغا نىسبەتەن شۇ قەدەر جەلپكار جاي ھېسابلىنىدۇ. ھازىر مېنى «قۇياشتەك نۇرلۇق يىگىت»دەپ ماختايدىغانلار شۇ چاغلاردىكى كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان، پۈتۈن بەدىنىدىن ئىسسىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھالىتىمنى كۆرسە، كۆزلىرىنى ئويۇۋالغۇدەك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

كېيىن، تورخانىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدىم.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنى كېيىنكى كۈنلەردىكى پۇشايمانغا سەۋەبچى قىلىپ قويماڭ، ياخشى كۆرۈش قارىغۇلارچە بولماسلىقى كېرەك. تور ئويۇنىغا ھەقىقەتەن مۇھەببىتىم بار، ئەمما بۇ مۇھەببەتنىڭ ھاياتىمدىكى پۇشايمانغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

«سۈرەتچى بولساڭ ئۈچ ئەۋلاد نامراتلىقتا ئۆتىسەن، تاق لىنزا ئۆمرۈڭنى يەيدۇ». ««كانون›نى ئالما، ئىختىيارىڭ قولدىن كېتەر». بۇ تاق لىنزىلىق فوتو ئاپپارات سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەنە قىلىپ ئېيتقانلىرى. مېنىڭ بىر دوستۇم باشتا تاق لىنزىلىق فوتو ئاپپاراتتىن بىرنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، توختىماي ئەينەك ئالماشتۇرىدىغان كۈنلىرى باشلاندى. بىرىنچى قېتىم «كانون» 450 D تىپلىق تۆۋەن دەرىجىلىكىنى سېتىۋالغان چاغدا، خۇشاللىقىدا يېنىمغا كېلىپ، بىر تالاي كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، يېڭى تارتقان سۈرەتلىرىنى بىر – بىردىن كۆرسىتىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، «بېلىق كۆز»، «LOMO» توغرىسىدا ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەڭ، يېڭى تېپتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كامېرا لىنزىسى ۋە يېڭى تېپتىكى ئۇسكۇنىلەرنى توختىماي سېتىۋېلىپ، بىر نەچچە ئايدىلا 70 ~ 80 مىڭ يۈەن خەجلىۋەتتى، بۇنە مەندىن 20 مىڭ يۈەن قەرزمۇ ئالدى. قولى قىسقا بولغاچقا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقتى ۋە قۇربى يەتمىدى، سۈرەتچىلىك ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر قىزىقىشىغا ئايلاندى.

ياخشى بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىشتىياقنى تاشلىماق تەس. مېنىڭ ئويۇن خۇمارىمنى تاشلىشىمغىمۇ ئاشۇ قېتىم تورخانىدا ماڭا يېقىنلاپ كەلگەن ئۆلۈم ۋەھىمىسى سەۋەب بولغان. ئەگەر راستتىنلا تاشلاش نىيىتىڭىز بولسا، بەزى ياخشى ئاماللارمۇ بار. مەسىلەن، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىش، ئوخشاش كەچۈرمىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلار بىلەن جەم بولۇپ، ئوي ـ خىياللىرىنى ئېيتىش، ئۆزئارا مەددەت بېرىش قاتارلىقلار.

«قەغەز ئۆي» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا فىلىملىرىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بار. «ھاراقكەشلەرنىڭ نامسىز ئۇچرىشىشى» ئامېرىكىدا نۇرغۇن ئادەملەر بىلىدىغان ھاراق تاشلاش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىرى.

ھەر قېتىملىق يىغىلىشتا ئارىدىن بىر ئادەم تەشكىللىگۈچى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك بىرەر تېمىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خۇمار بولۇپ قېلىش جەريانى ياكى بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللارنى سەمىمىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۆپچىلىك ئاكتىپلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە مەددەت ۋە ئىلھام بېرىشىدۇ. بىر مەزگىللىك ئۆزئارا

چۈشىنىشتىن كېيىن، قاتناشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەت شەكىللىنىدۇ.

ھايات ئۆزى تاللاپ يېگەن تاماققا ئوخشايدۇ. ئەگەر باشتا بولكىنى كۆپ يەۋالسىڭىز، قورسىقىڭىز تويۇپ قېلىپ، ئاخىرى كاۋاپ دېگەندەك ئېسىل نېمەتلەرنى كۆپ يېيەلمەيسىز. ئەگەر ئۆمرىڭىزنىڭ كۆرەشچان يىللىرىدا ئويۇنغا مەھلىيا بولۇپ، مەۋھۇم دۇنيادىكى نيۇيورك كوچىلىرىدا ماشىنىڭىزنى ئۇچۇرۇپ يۈرسىڭىز، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقىي نيۇيوركنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي كۈچ توپلايدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىسىز.

قىزىقىش ھاياتلىقنىڭ تېتىتقۇسى، تامىقى ئەمەس. تاماقتىن بۇرۇنقى سالات ھەرقانچە يېيىشلىك بولسىمۇ، ئاشقازىنىڭىزدىن ئاساسلىق تاماققا ئورۇن ئېلىپ قويۇشىڭىز كېرەك.

CHAPTER 5

بەشىنچى باب

# تېخىمۇ يىراقلارغا يېتەي دېسىڭىز، بىللە مېڭىڭ

*سېنىڭ بايلىقىڭ ئىسفاھاندا، بېرىپ ئالغىن.*

# كەم بولسا بولمايدىغان «باشقىلار»

قاھىرەدە بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ بېغىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئاغزىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ، «سېنىڭ بايلىقىڭ ئىسفاھاندا، بېرىپ ئالغىن» دەپتۇ. ئۇ چۈشىدىكى بېشارەتكە ئاساسەن خۇرجۇنىنى ئېسىپ، قاھىرەگە يول ئاپتۇ. يولدا بىر مەسچىتكە كىرىپ تۈنىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، شۇ يەرلىك ساقچى باشلىقى ئادەملىرىنى باشلاپ، بىر ئوغرىنى تۇتقىلى كەلگەنىكەن. ئوغرى قېچىپ كېتىپتۇ، ساقچى بۇ ئادەمنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، سوراق قىپتۇ. سەن نېمە ئادەم، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ساقچى باشلىقىغا كۆرگەن چۈشىنى ۋە شۇ چۈش سەۋەبلىك بۇ سەپەرگە چىققانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. ساقچى باشلىقى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، سەن بەك ئەخمەق ئىكەنسەن، مەنمۇ بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە قاھىرەدىكى باغ - باراڭلىق بىر ئۆينى كۆردۈم، باغدا بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بار ئىكەن، شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن بايلىق كۆمۈلگەنمىش دەپتۇ. قاھىرەدىن كەلگەن ئادەم ساقچى باشلىقى دېگەن ئۆي دەل ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ - دە، دەرھال يۇرتىغا قايتىپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىنى كولىسا، راستتىنلا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىپتۇ.

يازغۇچى گې فېي بۇ ھېكايىنى دائىم تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم پەقەت باشقىلار ئارقىلىقلا ئۆزىنى بايقايدۇ، ئۆزىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بارلىقىنى بىلىدۇ، بۇ ئارتۇقچىلىقلار دەل بىزنىڭ بايلىقىمىز. بۇ خۇددى بىر ئايال كىشىنىڭ بىر ئەر كىشىنى ئۇچراتقان چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىگە ئوخشايدۇ.

بىزگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان ئادەم دەل بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى «باشقا ئادەم»دۇر. ئۇلار ھەم بىزنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكىمىزنى بايقىشىمىزغا ياردەم قىلسا، ھەم باشقىلارنىڭ قارىشى جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزىدە كىشىلىك قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنى كۆرەلمەيمىز، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ كۈشەندىسى، توسالغۇسى ھېسابلىۋالىمىز. بىر قىز بالىنىڭ تۇرمۇش سۆپىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا، بىر ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ رەقىبىگە قاراش كېرەك. قەدىمكى جەڭ مەيدانلىرىدىكى قابىل سەركەردىلەر قارشى تەرەپ بىلەن ھايات - ماماتلىق جېڭىگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىچىدىكى ھەقىقىي ئەزىمەتلەر رەقىبىگە ھۆرمەت كۆرسىتەلەيدۇ. دەرۋەقە، ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆزىگە رەقىب بولالايدىغان يەنە بىر ئەزىمەتكە يولۇقمىقى ئۇنچە ئاسانمۇ ئەمەس. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، شۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى ئۇزۇن يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، گۇەنيۇ جەڭدە يېڭىلىپ قالغان چاغدا، ساۋساۋ ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

مەن ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكا فىلىمى «مودا ئالىلە»دە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «ئادەم چوڭ بولغاندا، رەقىبى

بولماسلىقى كېرەك». ئادەم چوڭ بولۇپ قالغان چاغدىمۇ كىچىك باللاردەك ھۇرپىيىشىپ، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىشىپ يۈرسە ياراشمايدۇ. بۇ قائىدىنى ھەممىمىز بىلسەكمۇ، كۆپ قىسىم ئادەملەر مىجەزىدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

مەن ئىلگىرى خىزمەتتە مۇنداق بىر «رەقىب» كە يولۇققان. بوي ئېگىزلىكىم 1.75 مېتىر، ئېغىرلىقىم 72 كىلوگىرام كېلىدىغان مەن يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقتىمدا بويى ئېگىزلىكى 1.90 مېتىر، ئېغىرلىقى 150 كىلوگىرام كېلىدىغان لاسۇىگاسلىق بىرىگە «رەقىب» بولۇپ قالدىم. ئۇ چاغدا مەن بېيجىڭ «يېڭى شەرق» مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم. ئۇ مەندىن 20 ياشقا يېقىن چوڭ ئىدى، ئىككىمىز بىرلىكتە يازلىق لاگېر ئېغىز تىلى سىنىپىغا مەسئۇل بولدۇق.

لاسۇىگاسلىق بۇ يولداش بىلەن دەسلەپتە بەكلا چىقىشىپ كېتىپ، ئاخىر تاس قالدۇق ئېتىشىپ كەتكىلى. مەن گەرچە «يالغان چەت ئەللىك» بولساممۇ، مىجەز ـ خاراكتېرىمدە غەربلىكلەرنىڭ قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش، ئەركىن پىكىر قىلىش دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. تىل جەھەتتىمۇ توسالغۇ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پىكىر ئالماشتۇردۇق. كېيىن بايقىسام، مەن ھەرقانچە چەت ئەللىككە ئوخشاپ كەتسەممۇ، يەنىلا بىر جۇڭگولۇق بولغاچقا، كۆز قاراش، ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش جەھەتلەردە ئارىمىزدا يەنىلا خېلى چوڭ پەرق بار ئىكەن.

يازلىق لاگېردا، جۇڭگولۇق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئىنتايىن تەپسىلىي دەرس پىلانى يېزىشى كېرەك ئىدى. چەت ئەللىك دەرس پىلانىنى بەكلا

ئاددىي يازاتتى. چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار ئاز بولغاچقا، ئۇلارغا زىيادە قاتتىق تەلەپ قويغىلى بولمايتتى. لاسۇنگاسلىق ئەپەندى ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ دەرس پىلانىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنىڭكىنى ياراتمىدۇق. مەن ئۇنى بەك ھورۇن ئىكەن دەپ ئويلىدىم، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىمىشقا ئۇنچە قىيىن نەرسىلەرنى ئۆگەتمەكچى بولىسەن دەپ قايىل بولمىدى.

ئوقۇتۇش ئىدىيەسىدىكى پەرق تۇپەيلى ئارىمىزدا ئازراق سۈركىلىش ۋە تالاش - تارتىشلار بولدى. كېيىن كىشىلەر بۇ ئىككىمىزنىڭ ھەمىشە چۈجە - خورازلاردەك ھۈرپەيگىلى ئارانلا تۇرىدىغانلىقىمىزنى، ھەممە ئىشتا قارشىلىشىپلا تۇرىدىغانلىقىمىزنى بايقاپتۇ. ئادەمنى بوزەك قىلىمەنلا دەپ تۇرىدىغان لاسۇنگاسلىق بۇ يولداشنىڭ ئالدىدا مېنىڭمۇ قىلچە بوي بەرگۈم كەلمىدى، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش روھىمنى نامايان قىلىپ تۇردۇم. چەت ئەللىك بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ، نېمىشقا بوي بەرگۈدەكمەن، نېمىشقا زىيان تارتقۇدەكمەن دەپ ئويلىدىم. ئىنگلىزچە ئېغىز تىلى سەۋىيەممۇ ياخشى بولغاچقا، ھەر قېتىم تاكاللىشىپ قالغاندا ئىنگلىزچە گەپ تالاشتىم.

بىز دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرساقمۇ، بۇ سەۋەبلىك خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمايتتۇق. شۇڭا، ھەر قېتىم سوقۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرلىكتە قەھۋە ئىچىپ، قىزىقارلىق ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشاتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئارىمىزدىكى خاپىلىق تۈگەيتتى. ئەمما، بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا يەنە گەپ تالىشىپ قالاتتۇق.

«بىر ئادەمنىڭ قانداق ئىشقا ئاچچىقلانغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭ - تارلىقىغا باھا بەرگىلى

بولىدۇ. كىچىككىنە ئىشلارغا خاپا بولۇپ كېتىدىغان ئادەم چوقۇم ئىچى تار ئادەم. ئەگەر چوڭ ئىشلار ئۈچۈنلا خاپا بولسا، بۇنداق ئادەمنى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئادەم دەيمىز». مەن لاسۇنگاسلىق ئەپەندىنى خاپا بولماسلىققا ئۈندىگەن ۋاقتىمدا، ھەمىشە شۇنداق دەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ خاپا بولۇپ، «ھەي، سويما، تېخى ماڭا ئەقىل ئۆگەتكۈدەك بولدۇڭما، بۇ گەپنى ساڭا مەن دەپ بەرگەن بولغىيتتىم» دەيتتى.

بىر قېتىم ئىككىمىز سۇلھى قىلىشقا كېلىشكەندىن كېيىن، بىللە تاماق يېگىلى باردۇق. يەپ بولاي دېگەندە ئىككىمىز يەنە زىددىيەتلىشىپ قېلىپ ھەتتا ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئەتراپتىكىلەر ئىنگلىز تىلىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمىگەچكە، بۇ ئىككى چەت ئەللىك نېمىگە ئۇرۇشىدىغاندۇ دەپ ئىچى پۇشقان بولۇشى مۇمكىن. كۈندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقاچقا كەيپىياتىممۇ چوڭ تەسىرگە ئۇچرايتتى. يېڭىۋالسام خۇش بولاتتىم. يېڭىلىپ قالسام بېشىم چۈشۈپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بارلىق رەقىبلەر يولۇقىدىغان ئەھۋال. سىز ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئادەم ھاياتىڭىزنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سىز دائىم ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى تۇرىسىز، ئەمما ئۇ بىلىپ بىلمەي تەپەككۇرىڭىزنىڭ «باشقۇرغۇچىسى» غا ئايلىنىدۇ.

بىردەم سوقۇشۇپ، بىردەم يارىشىپ يۈرۈش جەريانىدا ئادەم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشنى ئۆگىنىۋالىدىكەن، كۆپ نەرسىنى بىلىۋالىدىكەن. لاسۇنگاسلىق ئەپەندى بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ مەزگىلدە، مەن ئۆزۈمنىڭ مەيلى لوگىكىلىق مۇنازىرە قىلىش جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى ئىنگلىز تىلىدا ئىپادىلەش سەۋىيەسى جەھەتتە بولسۇن، كۆپ

ئىلگىرىلەپ كەتكىنىمنى بايقىدىم. ئىلگىرى ئىشلارنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ پىكىر يولى بويىچە، لوگىكىسى ئېنىق ئىنگلىز تىلى بىلەنلا چۈشەندۈرەتتىم. كېيىن كەيپىياتىم ياخشى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، ئويلىغانلىرىمنى ئىنگلىزچە ئىپادىلەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى تېزلىكتە ئويلاپ تاپالايدىغان، 150 كىلوگرام كېلىدىغان قاۋۇل چەت ئەللىكنىمۇ قىلچە قورقۇپ قالماستىن، يۈزمۇيۈز سوراققا تارتالايدىغان بولدۇم.

ھازىر ئويلىسام، لاسۇگاسلىق ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. گەرچە دائىم تاكاللىشىپ قالساقمۇ، ئۇ ھەممە گەپنى ئالدىمدا دەيتتى، مەن بىلەن ئاشكارا قارشىلىشاتتى. جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، مەسىلىنى ئالدىڭدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئادەملەرنىڭ بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە، ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىدىغان، ھەتتا ئورا كولايدىغان ئادەملەرنىڭ بارغانچە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

لاسۇگاسلىق ئەپەندىدىن خىزمەت سورۇنىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئۇ بىر قابىل باشقۇرغۇچى ئىدى. ئاسانلىقچە بولدى قىلمايتتى، ئىنچىكە ھالقىلارنىمۇ چىڭ تۇتاتتى، باشقىلار دىققەت قىلمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايقىيالايتتى. جۇڭگودا ئېغىزدا بەرگەن ۋەدىگە ئىشىنىپ، نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى قەغەزگە يازمايمىز. مۇشۇ سەۋەبتىن، نىشانغا يېتەلمىگەن چاغدا، كىمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشنى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ ھەممە ئىشنى قەغەزگە خۇددى قانۇن ماددىلىرىنى يازغاندەك ئېنىق، رەتلىك يېزىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنداق بولغاندا، كېيىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، تېنىۋالغىلى،

باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغىلى بولمايتتى. ئارىمىزدىكى جىددىلىكى سەۋەب بولغان ئوقۇتۇش ئىدىيەسى مەسىلىسىدىمۇ لاسۇنگاسلىق ئەپەندىنىڭ پىكرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئوقۇغۇچىلارغا بىراقلا قىيىن نۇقتىلارنى بىلدۈرمەي دەپ تۇرۇۋالساق، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى سۇسلاپ، ئۆگىنىشتىن، مەكتەپتىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. دېمىسىمۇ، جۇڭگو مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىمۇ دەل شۇ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئۆگىنىشنى مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە قىلىپ قويۇش، نەتىجىدە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىك.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئادەم بولۇپ چىقىشىمغا، پىششىپ يېتىلىشىمگە پايدىلىق بولدى. لاسۇنگاسلىق ئەپەندى، مەيلى سىز ھازىر قەيەردىلا بولۇڭ، مېنىڭ سىزگە بىر ئېغىز «رەھمەت» دەۋالغۇم بار.

# سىزنى يىقىتالمىغىنى سىزنى كۈچەيتىدۇ

«نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى» پىروگراممىسىنىڭ مىننەتدارلىق بايرىمىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سانىدا مۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدىم: «باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇلار سىزگە ھەۋەس، ھەسەت قىلىدۇ، غەزەپمۇ قىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغان چېغىڭىزدا، ئۇلار سىزنى مازاق قىلىدۇ؛ باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئاق ـ كۆك دېيىشىدۇ».

ئادەملەر شۇنداقمۇ بولامدۇ دەپ گۇمان قىلماڭ، ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇنداق، مانا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق. دۇنيا مۇكەممەل ئەمەس، بىز مۇكەممەل بولمىغان مۇشۇنداق دۇنياغا كۆنۈشىمىز كېرەك. بىزگە ھەر كۈنى ھەر خىل خىش ـ كېسەكلەر ئېتىلىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرغاندىن كۆرە، بىر كېچىدىلا خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ ئۇلارنى بىتچىت قىلىش خام خىيالىغا چۆمۈشنىڭ ئورنىغا، ئاشۇ خىش ـ كېسەكلەرنى بىردىن ـ بىردىن تىزىپ، ئۆزىمىزنىڭ قەلئەسىنى قۇپۇرغىنىمىز تۈزۈك.

يېقىندا خىزمەتكە چۈشكەن بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىم ھەمىشە ماڭا دەرد تۆكىدۇ: ئۇلار نېمىشقا ماڭا ئۆچلۈك قىلىدۇ، كەينىمدىن يىڭنە سانجىيدۇ، پۇتۇمغا ھۆل كېسەك قويىدۇ... ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ دەپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ، قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قاتىدۇ.

ھېچكىم ھەممە ئادەمنى رازى قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئىچىدە تۇرغان ئەھۋالدا. خىزمەت سورۇنى بەزىدە جەڭگاھقا ئوخشايدۇ، «سەن ياشىساڭ، مەن ئۆلىمەن». ئۆز دادىڭىز ياكى ئۆگەي دادىڭىز پالانچى ياكى پوكۇنچى بولسا قانداقكىن، بولمىسا يېڭى ئىشقا چۈشكەن «سويما» لار كونا خىزمەتچىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا، باشلىقنىڭ ئېتىبارسىز قارىشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئۆزۈپ چىقىپ، ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، كۆپ قىسمى خالىغاندا ئالماشتۇرۇۋەتسە بولىدىغان ئۇششاق ۋىنتىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغانلىرى ئىشتىن ھەيدىلىدۇ.

مېنىڭ بىر مۇخبىر دوستۇم شىياۋيا ئادەم ئويلاپ يېتەلەيدىغان بارلىق «خىش - كېسەك» لەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ باققان.

تولۇق كۇرس، ئاسپىرانتلىقنى داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان تەرجىمىھالىنى كۆتۈرۈپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن خىزمەتكە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ گۈزەل تۇيۇلغانىدى. ئەمما، ئىدارىگە بارغان بىرىنچى كۈنىلا ئويلىمىغان يەردىن ئۇچۇپ كېلىپ، پېشانىسىگە تەگكەن بىرقانچە پارچە «خىش» ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى.

ئۇ ئەسلىي خىزمەتداشلىرى بىلەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە چىقىشىپ كېتىشنى، ئۇلارنىڭ كۆپرەك يول كۆرسىتىشى بىلەن خىزمەتتە بالدۇرراق تۆھپە كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. باشلىقى ئۇنى بىرقانچە يىللىق كونا خىزمەتچى A غا ئەگىشىپ، كۆپرەك بىر نەرسە ئۆگىنىشكە بۇيرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

شياۋيا خىزمەتدىشى A بىلەن تۇنجى قېتىم زىيارەتكە چىقىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەتدىشىغا كۆپرەك ياردەم قىلىش ئۈچۈن، كېچىچە ئۇخلىماي دېگۈدەك ماقالە رەتلەپ چىقىپتۇ. A ئۇنىڭغا ماقالىنىڭ تېمىسى ۋە يۆنىلىشىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، خېلىدىن بېرى كۆرۈۋاتقان قىسىملىق كىنونىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرەر سائەتمۇ ئۆتمەي تۇرۇپلا، A تۇيۇقسىز باشلىقنى چاقىرىپ كېلىپ شياۋيا يېزىۋاتقان ئارگىنالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «مانا قاراڭ باشلىق، داڭلىق مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئاسپىرانتنىڭ سەۋىيەسى شۇمۇ، بىر پارچە ماقالە يېزىشقا بۇيرۇغىلى نەۋاق، كاللا دېسە پاقالچاق دەپ يازغىنىنى ئاز دەپ، مۇشۇنداقمۇ ئاستا يازامدۇ» دەپتۇ.

شياۋيانىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ، خىزمەتدىشى ئۇنى ھەقىقەتەن شۇ تېمىدا يېزىشقا بۇيرۇغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلا ئىشقا چۈشكەن بىر ئادەم 4000 خەتلىك ماقالىنى بىر سائەت ئىچىدە يېزىپ بولالمايدۇ ـ دە! شياۋيا ئەمدىلا چۈشەندۈرەي دەپ تۇرۇشىغا، باشلىقى ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، «كۆپرەك ئۆگىنىڭ» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شياۋيا خىزمەتدىشىدىن ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋالىدىغان بوپتۇ. تاۋۇز چاغىنى ئاخشىمى ئارام ئالماسلىق، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئەتىسى گېزىتكە چىقمايدىغان بىر پارچە ماقالىنى يېزىش؛ كېچە سائەت 12 دە رادىيو ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلىپ، خەۋەردە ئەسلا يېزىلمايدىغان تەپسىلاتلارنى سۈرۈشتە قىلىش دېگەندەك. كۆڭۈل قويۇپ، باش قاتۇرۇپ يازغان ماقالىلىرى ئۇنىڭ ـ تەتۈر قىلىنىپ، مۇھىم يەرلىرى قىسقارتىلىپ، ھېچنەرسىگە

ئوخشىمايدىغان، 200 خەتكىمۇ يەتمەيدىغان قۇرۇق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلىدىكەن. مەيلى نېمە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەزىپىمنى ئورۇنداشنى رەت قىلسىلا، كىمدۇر بىرلىرى باشلىققا بۇ يېڭى كەلدىئاخۇن بەك ھۇرۇن ئىكەن، گەپ ئاڭلىمايدىكەن دەپ ئەرز قىلىدىكەن.

بىر قېتىم يىرىم كېچىدە، دەرھال شەھەر چېتىدىكى بىر يەرگە بېرىپ، مەلۇم بىر داڭلىق ئەربابنى زىيارەت قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئەرباب مەلۇم بىر ئىش بىلەن بۇ شەھەرگە كەلگەن بولۇپ، بىر سائەتتىن كېيىن كېتىپ قالىدىكەن. شياۋيا ئالدىراپ ـ تېنەپ، زىيارەت قىلىدىغان يەرگە يېتىپ بارغان چاغدا، زىيارەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. پىراكتىكانت مۇخبىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايدا ئاران 900 يۈەن مائاش ئالىدىغان شياۋيا 80 يۈەنگە تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ھېرىپ ئاچچىقلانغۇدەكمۇ ھالى قالماي، ئۈن ـ تىنسىز ئۆيىگە قايتىپتۇ.

كۆپ قىسىم ئاخبارات ساھەلىرىگە مەسئۇل ئادەملەر بېكىتىلىپ بولغاچقا، شياۋيا خەۋەر مەنبەسىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلمەپتۇ. ئۇ كۈندە يېڭى تېمىلارنى ئىزدەپ، باشقىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن شياۋيا خىزمەتداشلىرىنىڭ نېمىشقا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى پەقەتلا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ، ئۆزىدىن زادى نېمە خاتالىق ئۆتكەنلىكىنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تاپالماپتۇ. تېخىمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغىنى، ئىككى يىللىق خىزمەت جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ ھەپتە ئاخىرىدا ئارام ئېلىپ باقماي، كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلىگەن

بولـــسىمۇ، مائاشــى يەنــىلا تــۆۋەن. خىزمەتنــى تــۈزۈك ئىــشلىمەيدىغان، زىيــارەتتە ئەســتايىدىل ئەمەس، تېلېگرامما ئـــارقىلىق يوللانغـــان ماقالىنىـــڭ كوپىيەســىنىلا ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئايلىق كىرىمى ئون مىڭدىن ئاشىدۇ.

ـ ئاسپىرانت بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەگەر ئۇ بۇ يەردە قالسا، كېيىن بىزنىڭ ئىشىمىزغا توپا سالامدۇ؟ نوچى بولسا تايىنى يوق نەرسىلەرنى يازماي، ياڭلەن، بەي يەنسۇندەك داڭلىقلارنى زىيارەت قىلمىسۇنمۇ؟ تېخى رادىيو ئىستانسىسىدا پىراكتىكا قىپتىكەنمىش، ئۆزى بىرەر پىروگراما ئاچسۇن، بۇ يەرگە بىرى چىللاپ كەپتىمۇ!

بىر قېتىم سۇخانىدا خىزمەتدىشى A نىڭ بىرىگە شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشىگە سەۋەب بولۇپ قاپتۇ.

باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، باشقىلارغا ئۆزىڭىزنى ئېتىراپ قىلغۇزماقچى بولسىڭىز، تەرەپتىن كېلىۋاتقان «خىش» پارچىلىرى ئىچىدىن بۆسۈپ چىقماقچى بولسىڭىز، باشقىلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق نەتىجە يارىتىپ، ئۆزىڭىزگە يول ئېچىشىڭىز كېرەك. ئارقا تېرىكىڭىز، قولىڭىزدا كوزىرىڭىز بولمىغان ئەھۋالدا بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، باشقىلاردىن تۆت ھەسسە ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

باشلىق شىياۋىياغا ئاساسەن مۇمكىن بولمايدىغان بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ئەينى چاغدا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان، نۇرغۇن تەجرىبىلىك مۇخبىرلارمۇ ئاسانلىقچە زىيارەت قىلالمايدىغان داڭلىق كولدۇرگە چولپىنىنى زىيارەت قىلىش ئىدى.

شياۋيا ئىلگىرى ئۆزى زىيارەت قىلغان، داڭلىق چولپان

بىلەن تونۇشىدىغان بىر سەنئەتكارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ سەنئەتكار شياۋياغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، «مېنى زىيارەت قىلغانلار ئىچىدە، ھېچكىم سىزدەك ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ كەلمىگەن. سىز مېنى زىيارەت قىلغان چاغدا، مەن ئانچە نام چىقارمىغان بولسامۇ، لېكىن سىز مەن بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مىكرو بىلوگدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمدىن تارتىپ، پىششىق ئوقۇپ چىقىپسىز» دېدى.

شياۋيا بۇ سەنئەتكار دوستىنىڭ ياردىمى ۋە تەۋسىيەسى ئارقىلىق داڭلىق چولپاننىڭ دوستى ۋە ۋاستىچىسى بىلەن ئالاقىلەشتى. داڭلىق چولپاننى زىيارەت قىلىش كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنچە قىيىنغا توختىمىدى. داڭلىق چولپان ئاكتىپ ماسلىشىپ، نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇرلارنى دەپ بەردى. ئەمەلىيەتتە شياۋيا بۇ قېتىملىق زىيارەتكە تەييارلىق قىلىشنى بىر ئاي بۇرۇنلا باشلىغان بولۇپ، توردىن تاپقىلى بولىدىغان زىيارەت ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ چىققان، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە پۇختا تەييارلىق قىلغانىدى.

خىزمەتدىشى ئۇيۇن قويغۇچى تەرەپ تەمىنلىگەن خەۋەرنىڭ تېكىستىنى رەتلەپ ئولتۇرغان چاغدا، شياۋيانىڭ زىيارىتى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

سىز بىر «سويما» چېغىڭىزدا، ھېچكىم ئېتىراپ قىلمىغان، مەدەتمۇ بەرمىگەن چاغدا، ھەتتا قاتمۇقات توسالغۇلار ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئىمتىھان قەغىزىڭىزنى تاپشۇرغان ۋاقتىڭىزدا، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىڭىزدىكى تۇنجى قەدەمنى باسقان بولىسىز.

كىتاب ۋە كىنولاردىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات قائىدىسى

بويىچە بولغاندا، شىياۋيا شۇنىڭدىن كېيىن باشلىقلىرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىرادىسىگە قايىل بولغان رەھبەرلەر ئۇنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللاش قارارىغا كەلگەن، ئۇمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولسا توغرا بولاتتى.

ئەمما تۇرمۇش گۈزەل چۆچەك ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى خىزمەتداشلىرىنىڭ قەھر بىلەن ئاتقان «خىش - كېسەكلىرى» بولىدۇ، خىزمەت ئورنىدىن ئىبارەت جەڭ مەيدانى ھازىرلىمىسىڭىز بولمايدىغان ئىقتىدارىڭىزنى تاۋلايدۇ: باشلىقىڭىزنىڭ «خىش - كېسەكلىرى» ئاغزى - بۇرنىڭىزغا تېگىدۇ، ئىشلارنى ئەتراپلىق بىر تەرەپ قىلىدىغان مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىڭىزگە پايدىسى بولىدۇ. مەيلى قانچىلىك «خىش - كېسەكلەر» ئۇچۇپ كەلسۇن، پەقەت يىقىلىپلا قالمىسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭىزنى تاۋلايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ.

بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شىياۋيا زىيارەت قىلغان ئەربابلارنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىياۋيانىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەخسۇس زىيارەت پىروگراممىسىمۇ بار بولدى. شىياۋيا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنىمۇ تەشكىللىدى: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆي، ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى، ئەلەم - قايغۇلىرى ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىدىكى قىزىقارلىق پاراڭ تېمىلىرىغا ئايلاندى. بەزىدە شۇ كۈنلەردە ئۇچرىغان ئۇۋالچىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىپ قالسا، بىلمىگەنلەر باشقىلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ

هازىر خىزمەتدىشى A غا پەرۋا قىلغۇدەك ۋاقتى يوق، چۈنكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ئورنىنى ئالالمايدىغان ئادەمگە ئايلاندى، لېكىن A يەنىلا بۇرۇنقى A ، خالىغاندا ئالماشتۇرۇلىدىغان، ھەتتا بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان بىر ۋىنتا.

— بىلەمسىز؟ ئالىي مەكتەپتە لېكسىيە سۆزلىگەن ۋاقتىمدا، بىر ئوقۇغۇچى مەندىن خىزمەتتە ئەڭ جاپا چەككەن ۋاقتىڭىز قايسى، قانداق ئۆتكۈزدىڭىز دەپ سورىدى. مەن پەقەت بىرقانچە كىچىك ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، ئەڭ ئېغىر كەلگەن ئىشلارنى تېخى تىلغا ئالماي تۇرۇپلا، بىر قانچىسى يىغلاپ كەتتى. ئۇلار دۇنيانىڭ شۇقەدەر شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيدۇ. لېكىن ئاشۇ قىيىنچىلىقلار مېنىڭ پىشىپ يېتىلىشىمگە سەۋەبچى بولدى، ئۆزۈمنىڭ ئۇنچە غەيرەتلىك ئىكەنلىكىمنى، ئۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ھامان تېپىلىدۇ، ئەگەر قىلالمايۋاتقان بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ توغرا ئۇسۇلنى تېخى تاپالمىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. مەن ياشاپ ھازىرغا كەلگۈچە، مانا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم.

بىر قېتىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، شياۋيا ماڭا بۇلارنى سۆزلەپ بەردى. قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ قاپتۇ.

تۇرمۇشتا، خىزمەتتە ھەر خىل ھەرتۈرلۈك «خىش – كېسەكلەر» ھەرتەرەپتىن بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىدۇ، بىقىنلىرىمىزغا، باش – كۆزلىرىمىزگە تېگىپ، قاتتىق ئاغرىتىدۇ.

مەيلى ۋارقىراپ – جارقىراڭ ۋە ياكى يىغلىنىپ –

يالۋۇرۇڭ، ئۇ «خىش - كېسەكلەر» نى توختىتالمايسىز. پەقەت بىرلا چارە بار، ئۇلارنى بىردىن - بىردىن تېرىپ، پەشتاق ياساپ، ئۈستىگە چىقىڭ، ئېگىزدە تۇرۇپ، باشقىلار تەلپۈنىدىغان مەنزىرىگە ئايلىنىڭ.

# رەھىمسىز دۇنيادا بىر پارچە ھارارەت بولۇپ ياشاڭ

«بۇ ئەڭ ياخشى دەۋر، ئەمما ئەڭ ئەسكى زامان؛ بۇ ئاقىللارنىڭ زامانى، ئەمما نادانلارنىڭ دەۋرى؛ بۇ ئېتىقاد قىلىش ۋاقتى ھەم شۈبھىلەرگە تولغان ۋاقىت؛ بۇ نۇر پەسلى، ئەمما زۇلمەت مەزگىلى؛ بۇ ئۈمىدنىڭ باھارى، ئۈمىدسىزلىكنىڭ قەھرىتان پەسلى؛ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھەر تۈرلۈك شەيئىي، ئەمما ھېچ نەرسە يوق...»

دىكىنسنىڭ «قوش شەھەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان بۇ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرگەنلەر خېلى كۆپ. ئەمما، مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى، ھېكايىدىكى باش قەھرىمان كاردىن. ئۇ باشتا چۈشكۈن ھەم مېھىر - مۇھەببەتسىز بىر ئادەم ئىدى: «مەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئادەمگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن، ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھېچقانداق ئادەممۇ يوق». لۇسى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدا گويا بىر قۇياش پارلاپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ لۇسىنى ياخشى كۆرگۈدەك سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى، لېكىن يەنىلا لۇسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە رازى بولدى. ئۇ لۇسى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. ئەڭ ئاخىرى، مۇھەببەت رەقىبىنىڭ ئورنىدا كاللا كېسىش مەيدانىغا چىقىپ، ھاياتى بەدىلىگە ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى بەختكە ئېرىشتۈردى.

كاردىن گەرچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇربانلىق بېرىش ئالدىدىكى ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۆزىنى مېھىر - مۇھەببەتسىز ياشىغان چاغلىرىدىكىدىن بەختلىك ھېس قىلدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ھاياتىغا يورۇقلۇق بېغىشلىغانىدى. كۆپ ھاللاردا، كىشىلەرنىڭ دۇنيا رەھىمسىز دەپ زارلانغىنى قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىققا بولغان ئىنتىزارلىقنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دۇنيا رەھىمسىز دەپ قاقشاۋاتقان چاغدىكى بىز دۇنيادا ھېچكىم ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دەپ قېيداۋاتقان چاغدىكى كاردىنغا ئوخشايمىز. لۇسى ئۇنى ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، دوستانىلىقى شەپقەتسىز دۇنيانى ئېرىتتى، كاردىنىنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتتى.

بىز ھەممىمىز ساقلاۋاتىمىز، «لۇسى» نىڭ دۇنيايىمىزغا بۆسۈپ كىرىشىنى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەلبىمىزنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە تولۇشىنى ساقلاۋاتىمىز. ساقلا، ساقلا، شۇنداق بىر ئادەم ھېچ پەيدا بولاي دېمىدى. ئەمما نېمىشقا ئۆزىمىز «لۇسى» بولالمايمىز؟ بىز ئۆزىمىز لۇسىغا ئايلانغان چاغدا، دۇنيايىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىققا تولغانلىقىنى بايقىغان بولاتتۇق.

2014 - يىلى 8 - ئايدا، بىر خانىم فىلورىدا ئىشتاتىدىكى ستارباكس قەھۋەخانىسىنىڭ بىر بوتكىسىغا كەلدى. ئۇ بىر ئىستاكان قەھۋە بۇيرۇتقاندىن كېيىن، بوتكىچىغا يەنە بىر ئىستاكان قەھۋەنىڭ پۇلىنىمۇ بېرىپ، مەندىن كېيىن قەھۋە ئالغىلى كەلگەن ئادەمگە بىر ئىستاكان قەھۋە سوۋغا قىلىمەن دەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن خېرىدار بۇ تۇيۇقسىز سوۋغىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇمۇ

كەينىدىن كېلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قەھۋە پۇلىنى تۆلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ئىستاكان قەھۋە بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ مۇھەببەت 300 نەچچىنچى ئادەمگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئۆزىمىز سېتىۋېلىپ كەلگەن بىر ئىستاكان قەھۋەنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمىزگە بەرگەن چاغدا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق كۆلكىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. يەنە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، خىزمەتدىشىمىزنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان قەھۋە قويغان چېغىمىزدا، ئۇ قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر.

بىر ئىستاكان قەھۋە ئىككى ئادەمتى خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

ئەگەر ھەممە ئادەم شۇنداق قىلسا، بۇ دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە تولماسمۇ؟

مېنىڭمۇ دوستلىرىمدىن رەنجىگەن، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، دۇنيادىن نارازى ۋە دەرگۇمان بولغان چاغلىرىم بولغان.

ئەمما، ئاتامنىڭ نامىزىدا، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى ۋە ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئاتامغا بولغان ھۆرمەتنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك قايغۇرۇش ئىپادىلىرىنى كۆردۈم. ئاتامنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. كېيىن، ئاتامدىن قالغان تەۋررۇكلەرنى رەتلەش جەريانىدا، ئاتامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ھەر قېتىم باشقىلارغا ياردەم قىلغان چاغدا ئۆزىنى نەقەدەر بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇ چاغدا مەنمۇ ئاتامدەك ئادەم بولۇشۇم كېرەكلىكىنى،

باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى تېپىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندىم. ئىشقا كەلگىنىمدە خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھارغىنلىق ئىچىدە ۋۇجۇدىغا كۆچ تۇپلىشىۋېلىشى، ھارغىنلىقىنى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن بىرەر قۇتا قېتىق ياكى بىرەر تال ئالما ئالغاچ كېلىدىغان بولدۇم. شۇ سەۋەبتىن «يېڭى شەرق»تە «قېتىقچى» دېگەن نامغىمۇ ئېرىشتىم. دوستلارنى يوقلاپ بارغاندا، ھەتتا ئانچە پىششىق تونۇشمايدىغانلار بولغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئاددىي سوۋغىلارنى ئېلىۋالىدىغان بولدۇم. گەپ سوۋغاتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدە ئەمەس، مۇھىمى سوۋغات تاپشۇرۇۋالغۇچىغا ئېلىپ كېلىدىغان خۇشاللىق ۋە ئىللىقلىق تۇيغۇسى. رەھىمسىز، مېھىر - مۇھەببەتسىز دۇنيادا بىر پارچە ھارارەت بولسام دەيمەن. ئەتراپىمدىكى ئادەملەرگە كىچىككىنە بولسىمۇ خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلىسەم، ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرالىسام، مەن قىلىۋاتقان ئىشلاردا مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاز - تولا ياخشىلىنىش بولسا، ماڭا شۇ كۇپايە.

2013 - يىلى 8 - ئايدا، مىكرو بىلوگدا «نۇرئەلى ئىنگلىز تىلى سەھەرچىلەر ئەترىتى» نى قۇردۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنگلىزچە بىر جۈملە تەرجىمە قىلىشنى 21 كۈن داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە سوۋغات بېرىپ كەلدىم. 2014 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن كىتاب ئوقۇش ئەترىتى، چېنىقىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدىم. بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە نەچچە مىڭ پارچە سوۋغات يوللىدىم، بۇلار ئۈچۈن كىراسىنى قوشۇپ

ھېسابلىغاندا يۈز نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلدىم.

مەن بۇلارنى ھېچقانداق سودا - تىجارەت مەقسىتىدە ۋە ياكى بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ قىلمىدىم، چىقىمنى پۈتۈنلەي كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمدىن چىقاردىم. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر گۇمانىي نەزەردە قاراشتى.

بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر سوغۇق مۇئامىلىلەرگە كۆنۈپ قالدى، شۇڭا بىر ئادەم «ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىش»قا باشلىغاندا، نۇرغۇن ئادەملەر تۈرلۈك پەرەزلەرنى قىلىشىدۇ، گۇمانلىنىدۇ: بۇ ئادەمنىڭ مەقسىتى نېمىدۇ؟ كاللىسى چاتاقمىدۇ؟

يەنە بىر تۈرلۈك ئادەملەرمۇ بار، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىدۇ.

2014 - يىلىدىن باشلاپ، ئۈندىداردا ئاڭلاش دەرسى، سۆزلۈك دەرسى، ئىبغىز تىلى دەرسى ئاچتىم، سىناق ئاڭلاش دەرسلىكىنى مىگىبىر جاپادا تەييارلاپ، 49 كۈن داۋاملاشتۇرۇپ، پەقەت 200 يۈەنلا ھەق ئالدىم. ئۆزۈمنىڭ سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەگەر ئوقۇغۇچىلار دەرستىن رازى بولمىسا، خالىغان چاغدا ئوقۇش پۇلىنى قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ دەپ ۋەدە بەردىم. ئويلىمىغان ئىش شۇ بولدىكى، نۇرغۇن ئادەملەر دەرسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى پۇلىنى قايتۇرۇۋالدى.

مۇشۇنداق سەممىيەتسىز ئادەملەرگە يولۇققان چاغلىرىمدا، مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كەلدى، دۇنيادا نېمىشقا بۇنداق ئادەملەر باردۇ دەپمۇ ئويلىدىم.

ياخشىلىق ئاق كۆڭۈللۈككە سەۋەب بولىدۇ. ياخشىلىققا يامانلىق قىلىنغان چاغدا، ئاق كۆڭۈللۈك ھەقىقىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ. بىرقانچە سائەتلىك دەرستە «قويمىچى» غا ئۇچراپ كەتكىنىم تەبىئىي ھالدا مېنى ئەپسۇسلاندۇردى.

ئەمما، مېنىڭ ياخشىلىقىمغا يامانلىق قايتقان بولسا، بۇ تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ دەرسىمدىن ھەقىقىي نەپكە ئېرىشەلىگەن بولسا، مېنىڭ دەرسلىك تۈزۈشتىكى مۇرادىممۇ ھاسىل بولغان بولىدۇ. ھەر قېتىم كۆڭلۈم يېرىم بولغان چاغدا، ئاق كۆڭۈللۈكىمگە بېرىلگەن ياخشى باھالارغا، مېنىڭ سەۋەبىمدىن باشقىلاردا يۈز بەرگەن ياخشى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ خۇش بولىمەن.

مەن ئويلايمەن، باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ساقلاپ قويۇڭ، كۆڭلىڭىز كىملەردىندۇر ئازار يېگەن چاغدا، ئەسلىمىلەر قاتلىرىنى ئاچسىڭىز، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىپ قويمايسىز، قەلبىڭىزدىكى ھارارەتنى ئۆچۈرۈپ قويمايسىز. مانا بۇ سوغۇق، رەھىمسىز دۇنيادا بىر پارچە ھارارەت بولۇپ ياشاشنىڭ يولى.

ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ھەمىشە زىيان تارتىدۇ دېيىشىدىكەن. ئەمما، بىر ئادەم لۇسى بولۇشنى تاللىغان چاغدا، قەلبىدە ھېچكىم ئوغرىلاپ كېتەلمەيدىغان بىر پارچە ھارارەت پەيدا بولىدۇ.

ئەمما، مېنىڭ ياخشىلىقىمغا يامانلىق قايتقان بولسا، بۇ تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ دەرسىمدىن ھەقىقىي نەپكە ئېرىشەلىگەن بولسا، مېنىڭ دەرسلىك تۈزۈشتىكى مۇرادىممۇ ھاسىل بولغان بولىدۇ. ھەر قېتىم كۆڭلۈم يېرىم بولغان چاغدا، ئاق كۆڭۈللۈكىمگە بېرىلگەن ياخشى باھالارغا، مېنىڭ سەۋەبىمدىن باشقىلاردا يۈز بەرگەن ياخشى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ خۇش بولىمەن.

مەن ئويلايمەن، باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ساقلاپ قويۇڭ، كۆڭلىڭىز كىملەردىندۇر ئازار يېگەن چاغدا، ئەسلىمىلەر قاتلىرىنى ئاچسىڭىز، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىپ قويمايسىز، قەلبىڭىزدىكى ھارارەتنى ئۆچۈرۈپ قويمايسىز. مانا بۇ سوغۇق، رەھىمسىز دۇنيادا بىر پارچە ھارارەت بولۇپ ياشاشنىڭ يولى.

ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ھەمىشە زىيان تارتىدۇ دېيىشىدىكەن. ئەمما، بىر ئادەم لۇسى بولۇشنى تاللىغان چاغدا، قەلبىدە ھېچكىم ئوغرىلاپ كېتەلمەيدىغان بىر پارچە ھارارەت پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاش

قاچاندىن باشلاندى بىلمىدىم، «بەختلىك» كۆپچىلىك ئىنتىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر ئىبارىگە ئايلىنىپ قالدى. «پۇلۇڭ بولسا بەختلىك يارىتىمدۇ»، «ھوقۇقىڭ بولسا بەختلىك يارىتىمدۇ»، «چىرايىڭ بولسا بەختلىك يارىتىمدۇ»، «ئىناۋىتىڭ بولسا بەختلىك يارىتىمدۇ»... يىغىپ ئېيتقاندا، بىز «بەختلىك» جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز.

ئەمەلىيەتتە، بەختلىك ئۇنچە يارىتىپمۇ كەتمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بەختلىك ياراشمايدۇ. بەختلىك باللارغا يارىشىدۇ. كىچىكىمىزدە ھەر خىل بەختلىكلارنى قىلساق، قەغەزلىك قىلساق، نېمە ئويلىساق قىلچە يوشۇرماي دەۋرىسەك بولىدۇ، ئىشقىلىپ، قانچىكى ساددا بولساق، چوڭلارغا شۇنچە ئوماق كۆرۈنىمىز، كەمپۈت يېيەلەيمىز. ئەمما، چوڭ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم تۇز، ئاغزىم ئىتتىك دېگەننى باھانە قىلىپ، خىيالىمىزغا كەلگەننى دەۋرسەك، «كەمپۈت» نىڭ قاتتىقىنى يەپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

مەن ئىلگىرى بىر بەختلىك «بالا» ئىدىم. ئەمدىلا خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقتىمدا، پەقەت خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمىسىملا، باشلىقلارغا يارايمەن، مائاشىم ئۆسىدۇ، ئېگىز چوققىلارغا چىقىمەن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، خىزمەت قىلىش ئۇنچە ئاددىي ئىش

ئەمەسكەن، ئىشنى ياخشى قىلىش بىلەن تەڭ ئادەم بولۇشىنى، خىزمەتداشلار بىلەن، يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى بىلىش كېرەك ئىكەن. نۇرغۇن ئىشلار «ماقۇل» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا پۈتۈپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا، مەن بەڭباشلىقىم، گۆدەك ھەم ئەقىلسىزلىقىم تۈپەيلى بىلىپ بىلمەي باشقىلارنى رەنجىتىپ قويغانىكەنمەن.

«يېڭى شەرق» گۇرۇھىغا يېڭىدىن ئىشقا چۈشۈپ تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان چاغلىرىمدا، خىزمەتداشلىرىم بىلەن بالدۇرراق ئىچەكىشىپ كېتىشنى ئويلايتتىم. بىر كۈنى خىزمەتداشلار بىلەن چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. يېنىمدا قارىماققا ماڭا ئوخشاشلا يېڭى ئىشقا چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان، بويى پاكارراق، سەل سېمىزرەك، ساقال - بۇرۇتلۇق بىر چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ لوندونچە تەلەپپۇزى ماڭا قىزىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغۇم كەلدى. باشتا خېلى نورمال پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، كەلگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى، نېمىشقا «يېڭى شەرق»نى تاللاپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئەمما، بىرقانچە ئېغىز پاراڭدىن كېيىنلا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى پاراڭ ئەندىزىسىگە چۈشۈپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭمۇ قىز دوست تاپالمىغانلىقىمغا باقماي، ئۇنىڭدىن سوراپتىمەن: «يېشىڭ 40 قا بېرىپتۇ، توي قىلدىڭمۇ؟ بالاڭ باردۇ؟»ئۇ «ياق» دەپلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئازراق خاپا بولۇپ قالغىنى ئېنىق تۇرسىمۇ، ھېس قىلماپتىمەن. «ئالدىرىماسەن، ئاتا - ئاناڭ ئالدىراتمامدۇ؟» ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، قاپىقىنى تۈرۈپلا، «سېنىڭ نېمە كارىڭ» دېدى. ئىككىمىز بىر -

بىرىمىزگە چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدۇق. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

ئىچىمدە بۇ چەت ئەللىكنىڭ مىجەزى نېمانچە ئوسال دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى پەقەتلا ھېس قىلماپتىمەن.

بۇ خىل «ئاڭسىزلىق» ئەمەلىيەتتە «ھېسسىي بۆلۈنمىسى» نىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولىدۇ. مەن بۇ خىل ساپاسىزلىقىمنىڭ بەدىلىنىمۇ تۆلىدىم. ئەينى چاغدا مېنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجەم خېلى ياخشى بولسىمۇ، ئاخىردا يەنىلا ئىشتىن بوشىتىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈن - تىنسىز ھالدا نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدە مەن كەسىپنى خاتا تاللاپ قالدىممۇ نېمە، باشقا بىرەر خىزمەتنى سىناپ بېقىشىم كېرەكمۇ - قانداق دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئادەم دەل مۇشۇنداق زەربىگە ئۇچرىغان چاغلاردىلا ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە تونۇپ يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئادەم مەغلۇبىيەتكە يولۇققان چاغدا تەبىئىي ھالدا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ، بۇنداق چاغدىكى ئويلىنىش گەرچە ئازابلىق بولسىمۇ، ئادەم دەل مۇشۇنداق ئازاب ئىچىدە ئويغىنىدۇ، ئەقلىنى تاپىدۇ. ئادەم ھەربىر سەۋەنلىكىنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدۇ. ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتسە، تۇرمۇش ھەر ۋاقىت تىنچ، خاتىرجەم، ئىناق - ئىجىللىق ئىچىدە ئۆتىدىغان ئىش بولسا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئۇنچە چوڭقۇر ۋە توغرا بولمىغان بولاتتى.

ئادەمنىڭ ھېسسىي بۆلۈنمىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى مۇنداق تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ: بىلمەسلىك،

ئىشتىن كېيىن بىلىش، شۇ ۋاقىتتا بىلىش ۋە ئالدىن بىلىش.

باشتا گەپ ـ سۆزىمىزگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز، بىلىپ ـ بىلمەي باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇپ ئۆزىمىزمۇ گاڭگىراپ قالىمىز. باشقىلار بىزدىن خاپا بولغان چاغدا، ئۇۋۋال بولۇۋاتقاندەك، باشقىلار ئىچى تارلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس تۇرسام دەپ ئويلايمىز.

ئارقىدىن، ئىشتىن كېيىن بىلىش باسقۇچىغا كەلگەندە، بىر ئىشنى قىلىپ بولغاندا، بىر گەپنى دەپ بولغاندا، ئەسلىي بۇنداق قىلىشنىڭ، بۇنداق دېيىشنىڭ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە ئۆزىمىزگە ۋەدە بېرىمىز.

يېڭى شەرقتە ئاڭلاش، سۆزلەش دەرسى بېرەتتىم. ئۆزۈمچە بۇنى ئىمتىھان تۈرىدىكى دەرسلەردىن كۆپ ئۇستۇن تۇرىدۇ دەپ ئويلىساممۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن بۇ خىيالىمنى ئالدىراپ ئاشكارىلاپ قويمايتتىم. بىر قېتىم باشقا بىر مۇئەللىمنىڭ تور دەرسىدە مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم: «ئىمتىھان تۈرىدىكى دەرسلەرنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئۆزى بىرقانچە قېتىم ئىمتىھان بېرىپ باققان، باشتا نەتىجىسى تۆۋەن چىقىپ، تىرىشىش ئارقىلىق نەتىجىسىنى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرگەن مۇئەللىم بولغىنى ياخشى. نەتىجىسى ئەزەلدىن ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىمتىھان توغرىسىدىكى تەتقىقاتى يېتەرلىك بولمايدۇ». بۇ گەپلەر ماڭا بەكلا توغرا ئېيتىلغاندەك بىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى مەن تونۇيدىغان ئىمتىھان تۈرىدىكى دەرس بېرىدىغان يەنە بىر مۇئەللىم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كېلىپ

كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا دېدىم: «قارا، مەن بۇ تۈردىكى دەرسلەرنى ئۆتۈشكە پەقەتلا ماس كەلمەيمەن. نېمىشقا دېسەڭ، مەن ئىمتىھاندا ئەزەلدىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ باقمىغان، ئادەتتە. باشتا نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا باشلىغان ئوقۇغۇچىلارلا بۇ تۈردىكى دەرسلەرنى ئۆتۈشكە ماس كېلىدۇ».

ئەينى چاغدا ئۇمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئەمما كېيىنچە ماڭا تېخىمۇ تەكەللۇپ قىلىدىغان، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغىنىمنى، بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈن پەيدا قىلىپ قويغانلىقىمنى ساق يېرىم يىلدىن كېيىن تونۇپ يەتتىم.

«شۇ ۋاقىتتا بىلىش» كە كەلسەك، بەزىدە بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ، ئەمدى دەي دەپ تۇرغاندا، بۇنداق دېسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. مەسىلەن، تۇرمۇشتا مۇنداق بىر مەنزىرە كۆپ ئۇچرايدۇ: دوستىڭىزنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىز، مەيلى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ۋە ياكى ساغلاملىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇنىڭ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىڭىز. بۇنداق چاغدا ئۇدۇللا، يەنى بىلىپ - بىلمەيلا «سەمرىپ كېتىپسەن» دېسىڭىز، گەپنى دەپ بولۇپ، ئۇنىڭ سەل خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايسىز - دە، خاتا قىلغىنىڭىزنى بىلىپ، دەرھال تەسەللى بېرىشكە ئۆتىسىز. مانا بۇ ئىشتىن كېيىن بىلىش. ئەگەر ئۇنىڭ سەمرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسىڭىز، ئۇنىڭ بەدىنىگە باھا بېرىشتىن ساقلانسىڭىز، بۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىلگىنىڭىز

بولىدۇ.

ھېسسىي بۆلۈنمىسى يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن ئادەم ئاندىن ئالدىن بىلىدۇ. بۇ دەرىجىگە يەتكەن چاغدا، سىز ئۇنىڭ توختىماي يەۋاتقانلىقىغا قاراپ، چوقۇم سەمرىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەيسىز. ئەمما ئۇنىڭغا بىلىپ - بىلمەي ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «يېقىندىن بېرى قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن. ھەپتە ئاخىرىدا ساياھەتكە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن، ۋاقتىڭ بولسا بىللە بارايلى» دەيسىز. قارشى تەرەپ ئۇنىڭ سەمرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقىنىڭىزنى ھېس قىلالمايدۇ، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ. ئادەم بۇ دەرىجىگە يەتكەن چاغدا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە پىشقان، مۇناسىۋەتنى بىمالال ھەم لايىقىدا ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولىدۇ.

مەن ئېغىزىمدىكى گەپكە تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم بولسامۇ، بەزى سورۇنلاردا پاراڭ تېمىسى تاپالمايدىغان چاغلىرىم بولىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا سورۇندىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى بۇزۇش ئۈچۈن توختىماي گەپ قىلاتتىم. ئەمما گەپنى تولا قىلغانچە، سەۋەنلىكمۇ كۆپ يۈز بېرىدىكەن. كېيىن بىلدىمكى، نېمە دېيىشنى بىلمىگەن چاغدا، ئېغىزنى يۇمغۇلۇقكەن، گەپ قىلىش تەقەززاسى ئۈچۈنلا گەپ قىلىسىز، كۆپىنچە ھاللاردا دېگۈڭىز يوق گەپلەرنى دەپ سالىسىز. بۇنداق چاغدا نېيىتىڭىز ياخشى بولسىمۇ، ئاڭسىز ھالدا باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشىڭىز، باشقىلارنى بىئارام قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن ئاڭلىغۇچىنىڭ رەپتارىغا باقماق، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتمەك لازىم. بۇ، پىششىپ يېتىلگەنلىكنىڭ بەلگىسى. گەپ قىلىشتىن بۇرۇن،

www.uyghurkitap.com

سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى بىلىپ، گەپنى مۇۋاپىق نۇقتىدىن باشلىغاندا، تەدرىجىي ئالدىن بىلىش دەرىجىسىگە يەتكىلى، سۆھبەتتىن باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنى مەنپەئەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئەقىللىك ئادەملەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كۆزىتىشكە، باشقىلارنى چۈشىنىشكە، باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مەقسەتلىك خۇشامەت قىلغانلىق ئەمەس، بۇ ئۆزئارا خۇش قىلىشنى، مۇناسىۋەتنى ئېجىل - ئىناقلىق ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىق. ھەرقانداق بىر كەسىپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەشتە، كەسپىي ئىقتىدار 20%، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارى 80% رول ئوينىشى مۇمكىن.

شىركەتتىمۇ، مەكتەپتىمۇ شۇنداق، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىللىك تەتقىقاتچى بولۇشنى، تەركىي دۇنيا بولۇپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە قىلچە پەرۋا قىلماسلىقنى تاللىغان بولسىڭىز، ئۇ باشقا گەپ. ئەمما، تەتقىقاتچىلارمۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن تەتقىقات فوندىغا ئېرىشەلەيدۇ.

# بىز يالغۇز جەڭچى ئەمەس

ئوغۇللارنىڭ كۆپىنچىسىدە قەھرىمانلىق ئىدىيەسى بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. تور ئويۇنىغا كىرىشىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، بەش ئۆتكەلدىن ئۆتكۈچە ئالتىنچى دەرىجىگە يېتىشنى، بارلىق «دۈشمەن» لەرنى قىرىپ تاشلاشنى ئويلايتتىم. تور ئويۇنىدا «يامان رەقىبكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقمايمەن، دۆت سەپداشقا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقىمەن» دەيدىغان بىر گەپ بار. شۇڭا، مۇۋاپىق سەپداش تاپالمىغان چاغلاردا يەنىلا يالغۇز ئوينىغان ياخشىكەن دەپ ئويلايتتىم. بەلكىم شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، تۇرمۇشتىمۇ يالغۇزلۇقنى بەكرەك خالايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

يالغۇز يۈرگەن ۋاقىتلىرىمنىڭ ئۇزاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يالغۇز ئادەمنى غېرىبلىق باسىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قايغۇرغاندا دەردىڭنى تۆكۈدىغان، يىغلىغاندا يېشىڭنى سۈرتۈدىغان ئادىمىڭ بولمىسا، ئادەم بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالىدىكەن. شۇنداق چاغلاردا يالغۇز ماڭسا تېزرەك ماڭغىلى بولىدۇ دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. ئەمما، ھەرقانچە تېز ماڭغان بىلەنمۇ خۇشلىقىڭ ۋە خاپىلىقىڭغا شېرىك بولىدىغان ئادەم بولمىسا، بۇنداق سەپەردە نە مەنە بولسۇن؟

بىز مۇستەقىللىق زىيادە تەكىتلىنىدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز، مۇستەقىللىق ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلىشى مۇمكىن، ئەمما يالغۇزلۇق دەيدىغان بىر نەرسىمۇ

ئەگىشىپ كېلىدۇ. دەرۋەقە، يالغۇزلۇق ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ يېزىلغان ماقالىلەرمۇ، يالغۇزلۇقتىن قورقماسلىق ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرمۇ كۆپ. ھالبۇكى، تۇرمۇشتا مۇشەققەت بولمىغان بولسا، مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئادەممۇ چىقمىغان بولاتتى. يالغۇز يولغا چىقسىڭىز راستتىنلا تېزراق مېڭىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ھارغىنلىق ھېس قىلغان، ئۆزىڭىزنى ئاجىز ھېس قىلغان چاغلىرىڭىزدا، ۋۇجۇدىڭىزغا كۈچ بەرگۈدەك بىرىنى تاپالمايسىز. ھەتتا بەزى ئادەملەر ئۇزاققا سوزۇلغان يالغۇزلۇق ئىچىدە قالايمىقان خىياللارغا غەرق بولىدۇ، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچى ۋە ئىخلاسىنى يوقىتىدۇ. «ئۆسمۈر بالا ۋايىتنىڭ قايغۇرۇشى» نى ئوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنغانىدىم، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن غېرىبلىق دۇنياسىغا بېكىنىۋېلىپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنىدىم. بىزنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىمىز بولىدۇ، ھۇجرىمىزغا سولىنىپ، كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ ئويلىنىمىز، كاللىمىزدىن ئۆتكۈزمەكچى بولىمىز. ئەمما بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلىشقا، ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا كېرەكسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قېلىشقا باشلايمىز.

ھەرقانچە كۈچلۈك ئەزىمەتلەرنىڭمۇ يېنىدا دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئادىمى بولىدۇ، شەپەرەڭ پالۋاننىڭ روبىنخۇدى ھولمسىنىڭ ۋاتسونى، شىياۋخۇڭنىڭ دابەيسى بار. بەلكىم يېنىڭىزدا ھەمراھ بولۇپ مېڭىۋاتقىنى مۇقىم بىر ئادەم بولماسلىقى مۇمكىن، ھاياتىڭىزنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا پەيدا بولغانلار يەنە بىر باسقۇچىدا غايىب بولىدۇ، ھامان بىر ياكى بىرقانچە ئادەم سىز بىلەن بىللە سەپەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ماڭىدۇ، دۇنيانىڭ كۈلپەتلىرىگە بىرلىكتە تاقابىل

تۇرىدۇ. مېنىڭچە بۇنداق ھايات جاپالىق بولسىمۇ، يەنىلا بەختلىك.

ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلىدا، كومپيۇتېر ئىنستىتۇتىنىڭ پۇتبول كوماندىسىغا كىردىم. كوماندىغا كىرىش ئىمتىھانى بەرگىلى بارغان چېغىمدا، مېنىڭچە كوماندا باشلىقى مېنى ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇ چاغدىكى تۇرقۇمغا قاراپ، 90 مىنۇت توشقۇچە مەيداندا ئۇيياقتىن - بۇياققا توختىماي يۈگۈرەلەيدىغانلىقىمغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

كېيىن ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدا قورسىقى تويتەك چىقىپ تۇرىدىغان بىر بودەك مەيداندا خۇددى تانكىدەك ئۇيياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگەنمىش. تېخنىكام قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچبولمىغاندا رەقىبىمنى بىر سوقۇپلا نەچچە مېتىر نېرىغا دومىلىتىۋېتەلەيتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ شۇ تەرىپىمنى دەپلا كوماندىغا ئېلىپ قالغانىكەن. پۇتبول كوماندىمىزدىكى زاپاس بىيك سۇپىتىدە رەسمىي مەشىقنى باشلىۋەتتىم. مەن ئەسلىي بۇ كوماندىغا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز يۈرىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈنلا قاتناشقانىدىم، ئەمما بۇ بىر باشلىنىشنىڭ ھاياتىمدا شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن. پۇتبول كوماندىسىغا كىرگەندىن كېيىن، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان بىر تۈركۈم دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، يەنە كېلىپ، بەدەن ھالىتىمدىمۇ، ئىرادەمدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى ئوقۇغۇچىلار لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم، سەيشەنبە، پەيشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى كەچتە

www.uyghurkitap.com

مەيدانغا يىغىلىپ بەدەن مەشقى قىلاتتۇق. تۇرلۇك مەشىقلەر ئىچىدە سۈرئەت ئۆزگەرتىپ يۈگۈرۈش ئەڭ تەس بولۇپ، 22 ئادەم 400 مېتىرلىق مەيداننى 17 ~ 18 قېتىم يۈگۈرەيتتۇق. بۇ مەشىق ئاياغلاشقۇچە ئۆپكىمىز ئاغزىمىزغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كېتەتتى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى كىتابخالتىلىرى، ماڭا ئوخشاش پۇتبولنى بىر قېتىممۇ چۈشۈرۈۋەتمەي 550 نى چېكەلەيدىغانلار يوقمىكىن دەپ ئويلايتتىم. بارغاندىن كېيىن بىلدىمكى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پۇتبولنى ياخشى تېپىدىغان ياكى جان تىكىپ ئوينايدىغانلار كۆرمىڭ ئىكەن. ھەممەيلەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كوماندىغا كىرىپ، تۇنجى كۆنلۈك مەشىق ئاخىرلاشقاندا، كۆپ قىسىم كوماندا ئەزالىرى قۇسۇۋەتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ياتاققا كىرگەندىن كېيىن قۇستۇم.

يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پاقىچىلاپ سەكرەش، پۇت كۆتۈرۈش مەشقى قاتارلىق بەدەن مەشىقلىرى بار ئىدى. مەشىق بەك ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك بىرلىكتە قىلىدىغان بولغاچقا، غەيرىتىمىز بارغانچە ئېشىپ باراتتى. مۇنداق بىر گەپ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغانىكەن: «تېز مېڭىشنى ئويلىساڭ، يالغۇز ماڭ؛ يىراققا مېڭىشنى ئويلىساڭ، بىللە ماڭ؛ ئەگەر ھەم تېز، ھەم يىراققا مېڭىشنى ئويلىساڭ، ئۆزۈڭگە ئوخشاش تېز ماڭىدىغان بىرى بىلەن ماڭ». ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە مەشىق قىلغاندا، مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيتتىم.

ئىككى ئايغا سوزۇلغان مەشىقتىن كېيىن، 92 كىلوگىرامدىن 72 كىلوگىرامغا چۈشتۈم. يېڭىلا سېتىۋالغان

نۇرغۇن ئىشتانلىرىمنى كىيەلمىدىم. قىشلىق تەتىلدە ئۈيگە بارسام، ئانام تاس قالدى ۋارقىراپ تاشلىغىلى. ئۇ خىيالىدا مېنى مەكتەپتە ئاچ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

پۇتبول كوماندىسىدىكى دوستلىرىمدىن باشقا، ياتاقداشلىرىممۇ تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى مەن بىلەن بىرلىكتە بېسىپ ئۆتتى. ياتاقدىشىم A ياخشى دوستۇم ئىدى. ئۇ ئىچ مىجەز، كەم سۆز بولۇپ، ياخشى ئۇستاز، ئوبدان ھەمراھ بولالايتتى. ھەر قېتىم ئۆزۈمگە زىيادە تەمەننا قويۇپ، كېرىلىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، يۈزۈمگە بىر داس سوغۇق سۇ چېچىپ، بەك كېرىلىپ كەتمە، يول تېخى ئۇزاق دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئىشلاردىن رايىم يېنىپ، كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتقان چاغلىرىمدا، يېنىمغا كېلىپ مەدەت بېرەتتى، قىيىنچىلىقتا مەن بىلەن بىللە تاقابىل تۇراتتى. ئۇ ھازىر ئامېرىكىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ، بەختلىك ئائىلىسىمۇ بار بولدى. بىز ھازىرمۇ توردا ئالاقە قىلىپ تۇرىمىز، تۇرمۇشتىن ئالغان ساۋاقلىرىمىز، ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئېيتىشىپ، بىر - بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ تۇرىمىز.

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، مېنى توختىماي ئىلگىرىلەشكە، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە يولۇقتۇم. ماڭا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن «كەينىگە سۈرۈش ئادىتىڭىزنى تاشلاڭ» ناملىق كىتابنىمۇ «يېڭى شەرق»تىكى بىر خىزمەتدىشىم تەۋسىيە قىلغان. ئۇ كىتاب ماڭا ئوخشاش سانسىز كىشىلەرنىڭ ئىشنى كەينىگە سۈرۈش كېسەللىكى ئۇستىدىن غالىب كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن مۇشۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدىمۇ ئوكيانىنىڭ يەنە

بىر چېتىدىكى بىرقانچە دوستۇم بىلەن كېچىلەپ پىكىر ئالماشتۇردۇم. بىرقانچە قېتىم، قايتا ـ قايتا تۈزىتىپ، ئۇنى نىسبىدىن ئاشقان چاغلارغىچىمۇ ھېچ نەرسە يازالمىغان ھەتتا ۋاز كېچىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدىم.

ئۇنچە ئالدىراپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، يېرىم يىلدىن كېيىن يازسام نېمە بوپتۇ، بەلكىم شۇ چاغدا ئىلھامىم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق دەپ ئۆزۈمگە باھانە ئىزدىدىم.

بىر دوستۇم قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماستىن: «ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، مۇسابىقىدە 0 دە 10 ھەتتا 0 دە 20 بولۇپ ئۇتتۇرساقمۇ مەيلى، ئەمما ئاخىرقى بىر دەقىقىگىچە ۋاز كەچمەيمىز، ھەقىقىي كەچۈرگىلى بولمايدىغىنى مەغلۇبىيەت ئەمەس، بەلكى مۇسابىقىدىن ۋاز كېچىش، بەل قويۇۋېتىش دېگەنىدىڭغۇ»، «ئورۇقلىماقچى بولغان چاغلىرىڭدىمۇ شۇنداق بولغان ئەمەسمۇ، قىيىنچىلىقتا يولۇقۇپلا ۋاز كەچمەكچى بولساڭ، يەنە بىر قېتىم قايتىدىن باشلىغان چېغىڭدا، باشتىكى قىيىنچىلىقلارنى قايتا باشتىن كەچۈرۈشتىن باشقا تاللىشىڭ قالمايدۇ. ئەجەبا يەنە بىر قېتىم ئۇنۇمسىز بەدەل تۆلىگىڭ بارمۇ؟» دېدى.

ئۆزۈمنى ئاقلاشقا قايتا ئورۇنمىدىم، ئۇن ـ تىنسىز ھالدا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، داۋاملىق يازدىم.

بىز يېگانە بىر پىلانېتادا ياشايمىز، بېشىمىزغا مەيلى قانداقلا قىسمەتلەر كەلمىسۇن، بىز دۇنيادا مەڭگۈ يالغۇز ئەمەس. مۇھەببەت، غايە، دوستلۇق بىزگە ھەمراھ، بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل قانداق دۇنيا بولاتتى؟

CHAPTER 6

ئالتىنچى باب

# مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەتتىن باشلىنىدۇ

*تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن، قاراڭغۇ كېچە ئىدى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى

# مۇۋەپپەقىيەت ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتنىڭ «قوشنىلىرى» بار

مەلۇم بىر تۈر ئۇچۇن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدىڭىز. تۇيۇقسىز توك كەتتى ياكى كومپيۇتېر قېتىپ قالدى، چاتاق يېرى ھۆججەتنى تېخى ساقلىمىغانىدىڭىز. قانچە كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ئەمگىكىڭىز بىراقلا يوق بولدى. ھارغىن بەدىنىڭىزنى سۆرەپ، جاپالىق ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا خېلى بولغانىدى، تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدىڭىز.

ئورۇقلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن چېنىقتىڭىز. چېنىقىش ئۆيىدىكى يۈگۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە بەدىنىڭىزدىن ئاققان تەر تامچىلىرى يامغۇردەك قۇيۇلدى، بىر چىشلەم ئارتۇق يېيىشكىمۇ پېتىنالمىغانىدىڭىز. ئەمما، تارازىغا چىقىپ قارىغىنىڭىزدا، تارازىنىڭ ئىستىرېلكىسى يەنىلا بۇرۇنقى سانىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، سىز ھەتتا تارازا بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلىدىڭىز. ئارقىدىن تەگرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلاندىڭىز: مەن نېمىشقا ئورۇقلىيالمايمەن، نېمىشقا باشقىلار كالىدەك يېسىمۇ سەمرىپ كەتمەيدۇ؟

مەلۇم بىر ئىمتىھان ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئۆگەندىڭىز، دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، دەرستىن چۈشكەندە كۆڭۈل قويۇپ تەكرار قىلدىڭىز، ئەمما ئۈچىنچى قېتىم،

تۆتىنچى قېتىملاردىمۇ نەتىجىگىز يەنىلا شۇنچىلىك تۆۋەن؛ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن مەغلۇبىيەت سىزنى ھەتتا ئەقلىي قابىلىيىتىڭىزدىن گۇمان قىلىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

ئەگەر بېشىڭىزدىن شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن بولسا، مۇبارەك بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەتكە يەنە بىر قەدەم يېقىنلاپسىز. مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى ئەمەس، ئەمما قوشنىسى. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەتراپىدا مەغلۇبىيەت ئاتلىق قوشنىلار ئولتۇراقلاشقان، ھەر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتنى ئىزدەپ بارغىنىڭىزدا، چەككىنىڭىز مەغلۇبىيەتنىڭ ئىشىكى بولۇپ چىقتى. ئەمما، ھامان بىر كۈنى سىز ئىزدىگەن ئىشىكنى تاپىسىز.

مەغلۇپ بولۇپ باقمىغان ئادەم كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەگەر ياشلىقىڭىزدا كۆپرەك چېنىقمىسىڭىز، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ سالمىقىنى كۆتۈرۈشكە قۇربىڭىز يەتمەي قېلىشى مۇمكىن.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ھەر يىلى بىرەر ئوقۇغۇچى ئۆلۈۋالاتتى. مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تۇنجى يىلى يەنە بىر ساۋاقداش تۇرمۇشتا ئۇچۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈۋالدى. ئادەمنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرىنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، يەنە بىرىنىڭ يۈزىدە ئېغىر تارتۇق، قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئۆكۈنۈش قالدۇرغان. يەنە شۇ يىلى، ئۆگىنىشى ئاجايىپ ياخشى، GPA ئىمتىھانىدا 3.9 نومۇر (تولۇق نومۇر 4) ئالغان يەنە بىر ئوقۇغۇچى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، ئىككى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆندىن كېيىن جەسىتى كۆل بويىدىن تېپىلدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئاللىبۇرۇن باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان تۇرمۇشقا ئېرىشتى، ئۇلار يەنە نېمىدىن نارازى بولاتتى دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە، ئۇلار ھەممە ئىشتا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كۆنۈپ قالغاچقا، كىچىككىنە زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان.

بۈگۈنكىدەك ئىشلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە يۈز بەردى. سەۋەبى ھەر خىل، ئاساسلىق سەۋەبلەردىن مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۆگىنىش جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماسلىق، نامراتلىق... قاتارلىقلار بار. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانچە گەپ ئەمەس دەپ قارالغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئاشۇ ياشلارنىڭ قەلبىدە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ، كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن.

ھاياتتا نەدىمۇ ئاسان ئىش بولسۇن. قىيىنچىلىق ئالدىدا يىقىلماي تىك تۇرالىسىڭىزلا، ئۇ سىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ۋاڭ شىنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: نۇرغۇن ئادەملەر ماڭا ھەۋەس قىلىدۇ، مەن چۇ شجيەنگە ھەۋەس قىلىمەن.

2003 - يىلى 52 ياشلىق ۋاڭ شى غەلىبىلىك ھالدا چۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىقىپ، جۇڭگودىكى چۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىققان يېشى ئەڭ چوڭ ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ تاغدىن چۈشۈپ، يۈننەننىڭ ئەيلاۋ تېغىغا كەلگەندە، شۇ يەردە ئاپېلسىن تېرىۋاتقان بىر بوۋاينى ئۇچرىتىدۇ.



تۇرمۇش ئۇچۇن، ئارمانلىرىمىز ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ يۈرىمىز - يۇ، لېكىن بەزىدە جىددەك توختاپ، ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىمايمىز.



كۆڭلىڭىزنىڭ ئارامى يوق چاغلاردا جىمجىت ئولتۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن كەڭ - كۇشادە مۇڭدىشىڭ، مۇڭدىشىش ئوبيېكتىڭىز ئادەم، ناخشا، كىنو، كىتاب ياكى بىر تال گۈل بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



گاھىدا بىز ئاچچىق دەملەنگەن قەھۋەدىن ئوتلىغاچ ياكى جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگەچ كۆڭلىمىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەكمۇ بولىدۇ.




ئادەم ئۆزىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل مىنۇتلىرى ئۈچۈن ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھاياتىڭىزدا مۇشكۇلاتقا يولۇققىنىڭىزدا كۈلۈپ قويۇپ، بۇ قانچىلىك ئىشتى
دەپ قويسىڭىزلا كۇپايە.




ئۆمۈر مۇساپىمىز يۈرىكىمىزنىڭ رىتىمى بىلەن ئۆلچەنسە، ئۆمرىمىزنىڭ سەلتەنىتى بىزنى جىددىيلەشتۈرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجاندىن نەپىسىمىز توختاپ قالغۇدەك بولغان مىنۇتلار بىلەن ئۆلچىنىدۇ.



بۇ قىسقىغىنا ھاياتىمىزنى قانداق شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى، قانداق يولنى تاللاش بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكى، بىزنىڭ مانا شۇ تاللىشىمىز دەل بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى






چۇ شىجيەن بۇ چاغدا 75 ياشقا كىرگەن، تۇرمىدە 17 يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئېغىر دەرىجىدە دىيابېت كېسەللىكى بىلەن تۇرمىدىن يېڭىلا چىققانىدى. ۋاڭ شى بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، بېشىغا بىر ئەسكى چىغ قالپاق، ئۇچىسىغا يىرتىق كۆڭلەك كىيگەن بۇ بوۋاي سۇ پومپىسىنى ئوڭشاپ بەرگىلى كەلگەن ئىشچى بىلەن باھا تالىشىۋاتاتتى.

— 80 يۈەن، — دەيتتى ئىشچى.

— ئەڭ كۆپ بولغاندا 60 يۈەن بېرىمەن.

— 80 يۈەن، بىر تىيىن كەم قىلمايمەن.

.....

بۇ ئىككىسى 20 يۈەن تالىشىپ، ئۇن نەچچە مىنۇت تاكاللاشتى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ۋاڭ شىنىڭ كۆزلىرى نەملەندى. ئىلگىرى دۆلەت ئۈچۈن 100 مىليارد يۈەنگە يېقىن باج تاپشۇرغان بۇ پېشقەدەم كارخانىچىنىڭ 20 يۈەن ئۈچۈن بۇنچە تالىشىپ كېتىدىغان كۈنگە قېلىشىنى كىم ئويلىغان. ئەمما، ۋاڭ شىنى تەسىرلەندۈرگىنى بۇ ئەمەس، بەلكى 70 ياشتىن ئاشقان بۇ بوۋاينىڭ ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە جاھىللىقى ئىدى.

ئاپېلسىن ئۆستۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. ئىش يېڭى باشلانغان چاغدا، چۇ شىجيەن تېپىپ كەلگەن دېھقانلار ئىككى كۈن ئىشلەپلا جاپاغا چىدىماي قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۇ شىجيەن 70 كە كىرىپ قالغان ئايالى بىلەن ئېتىزغا چۈشۈپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئېتىز بېشىغا بىر كەپە ياسىۋالغان بولۇپ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ، كەچتە ئاشۇ كەپىدە تۈنەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز، — دېدى بوۋاي كولۇپ.

يامغۇر پەسلىدە ئاپېلسىن شاخلىرى ئېگىلىشكە باشلىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەنسىرەپ كېچىلىرى ئۇخلىيالمىدى. كېيىن چۇ شىجيەن 10 يۇەن خەجلەپ «ئاپېلسىن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا دائىر 100 سوئال» ناملىق كىتابتىن بىرنى سېتىۋالدى.

ئون يىلدىن كېيىن، چۇ شىجيەن ئاپېلسىنلىرىنىڭ نامى دۇنياغا تونۇلدى. «ھايات يولى ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي بولىدۇ، مەغلۇبىيەت قەيسەر ئادەملەرنى يىقىتالمايدۇ». چۇ شىجيەننىڭ ھايات كارتىنىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن بۇ ئېلان سۆزى سانسىز ياشلارغا ئىلھام بېغىشلىغان مەشھۇر سۆزگە ئايلاندى.

ۋاڭ شى ۋەنكې گورۇھى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئىشخانىسىدىكى پولغا ئىككى جۈملە سۆز ئويۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بادۇن گېنېرالنىڭ مۇنداق بىر جۈملە مەشھۇر سۆزى ئىدى: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ قانچىلىك ئېگىزگە چىققانلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىنكى قاڭقىش كۈچى». ھەرقانداق ئادەم مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بەزىلەر بىر يىقىلىپلا قوپالماي ياتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئورنىدىن تۇرىدۇ. چۇ شىجيەن بىزگە ھەقىقىي غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى.

مېنىڭ ئىلگىرىكى بىر خىزمەتدىشىم ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىكى چاغدىلا ئىگىلىك تىكلەشكە باشلاپ، ئوقۇش پۇتكۇزمەي تۇرۇپلا، يۇرتىدىن ئىككى يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بولدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭغا

كېلىپ ئىشلىدى، ئۇزاققا قالماي بېيجىڭدىنمۇ ئۆي سېتىۋالدى. ئەمما، بىرقانچە قېتىم تىجارەتتە خاتالىشىپ قېلىپ، پۈتۈن دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى ئۆيىنىمۇ، يۇرتىدىكى ئۆيىنىمۇ سېتىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ نامرات هالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن قولىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ، بىنادىن پەسكە چۈشۈپ، يېقىنلا جايدىكى بوتكىدىن ئازراق بىر نەرسە ئېلىپ يېمەكچى بوپتۇ. بىر كۈن ئاچ قورساق ئىشلەپ قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن خىزمەتدىشىم بوتكىغا يېقىن بارغاندىن كېيىنلا، يېنىدا بىر تال پوشكال ئېلىپ يېگۈدەكمۇ پۇل قالمىغانلىقىنى بايقاپتۇ. هېلىمۇ ياخشى بوتكىچى ئايال ئۇنى تونۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىچارە هالىتىگە قاراپ، «كەل، ئوغلۇم، ئازراق بىر نەرسە يەۋال، پۇل بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. ئەگەر بۇ كىنولاردىكى مەنزىرە بولغان بولسا، بەلكىم ئۇ پوككىدە يەرگە تىزلىنىپ، قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇرغان، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار ئاققۇزغان بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقمىدى، چۈنكى رېئاللىق كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا يەردە يېتىپ يىغلىسىڭىز، هېچكىم سىزگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدۇ.

ئۇ يىغلىمىدى، زارلانمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، توختىماي تىرىشتى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قانچىلىك تىرىشقانلىقى توغرىسىدا هېچكىمگە دادلىمىدى. بىر يىلدىن كېيىن، تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ، ئىنتېرنېت ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورنىنى تىكلىدى.

بۇ دۇنيادا پەقەت بىر خىللا مۆۋەپپەقىيەت بار، ئۇنىڭ

ئىسمى بوشاشماي تىرىشىش: پەقەت بىر خىلىلا مەغلۇبىيەت بار، ئۇنىڭ ئىسمى يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىش. ئۇسۇلنى ئوقۇتقۇچىڭىز دەپ بېرەلەيدۇ، ئەمما قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھىنى، چىدامچانلىقنى ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم بېرەلمەيدۇ.

ھەقىقىي چىدامچانلىق ــ ئۈمىد بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ۋاز كەچمەسلىك، بوشاشماسلىق، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشتۇر. ھەقىقىي ئۈمىدۋارلىق ــ مەيلى بېشىڭىزغا قانداق كۈنلەر كەلگەن بولسۇن ۋە ياكى قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇڭ، بۇ دۇنياغا يەنىلا كۈلۈپ قاراشتۇر.

ئۆمۈر بۇ قەدەر نۇرانە ئۆتسە، ھاياتتا نە ئارمانلار قالسۇن.

# مۇشەققەتلىك پەيتتە، بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىڭ

300 مېتىر، 200 مېتىر، 100 مېتىر، 50 مېتىر... بولدى، سىزنىقتىن ئۆتتۇم، ئەمدى قۇتسام بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ مەكتەپتىكى ھەر قېتىملىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىم.

ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەنسىرىتىدىغان بىر تۈر. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئاددىي ھالدىكى جىسمانىي زۆلۈملا ئەمەس، بەلكى جان ئالىدىغان بىر ئىش.

تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانىكەنمەن. بۇۋاق بالىلارنىڭ تومۇرى بەك ئىنچىكە بولغاچقا، دوختۇر ئاسما ئوكۇل يىڭنىسىنى بېشىمغا سانجىيدىكەن. دوختۇرخانىدا ئىككى ھەپتە داۋالانغاندىن كېيىن، كېسەللىك ئەھۋالىمدا ھەرھالدا ياخشىلىنىش بوپتۇ. ئەمما، دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، دوختۇر ئاتام بىلەن ئانامغا ئەستايىدىللىق بىلەن، «بۇ بالىنى ساقلاپ قالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار» دەپتۇ.

گەرچە ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسامۇ، ئۆپكەم ئىزچىل تولۇق پۇتۇنلەي ساقىيىپ كېتەلمىدى. تۆت ياشتىن

www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى چاغلىرىمدا دوختۇرخانىدىن بىرى كېلەلمىدۇق. ئۆپكە كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغان شۇ بالا مەكتەپنىڭ ھەر قېتىملىق قىشلىق تەنتەربىيە يىغىنىدا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، نەتىجە ئالاتتى. بۇنىڭغا بەزىدە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ھەر قېتىم يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى ئىچ - باغرىمنى تۆكۈۋېتىدىغاندەك قۇسۇپ كېتەتتىم. نەپسىم بوغۇلۇپ، مەيدەم تەسۋىرلىگۈسىز ئېچىشىپ، خېلى ئۇزاقتا ئاران بېسىقاتتى.

مۇسابىقىنى تۈگىتىپلا قۇسۇپ، قۇسۇپ بولۇپ يەنە مۇسابىقىگە چۈشەتتىم، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ مېنىڭ شۇنداق قۇسىدىغان ئادىتىمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ كەتكەنىدى. كېيىن مۇئەللىم مېنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپلا قۇسۇشۇم ئۈچۈن ئاخىرقى نۇقتىدا سولياۋ خالتا تەييارلاپ قويىدىغان بولدى.

مېنىڭ زادى قانداق چىداۋاتقىنىمنى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. شۇنچە قىينىلىپ كېتىدىغان تۇرۇپ نېمىشقا يەنە يۈگۈرەيدۇ، قۇسۇشقا شۇنچە ئامراقمۇ يا دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئۇزۇنغا يۈگۈرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى قىينىلىدۇ، بۇ چاغدىكى قىينىلىش ئىنسانىيەتكە ئورتاق. ھەتتا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش چېمپىيونلىرىمۇ ئەڭ دەسلەپتە شۇنداق جاپا چېكىدۇ. ئەمما ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرىش نۇقتىسىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن چاغدىلا، تېخىمۇ يىراقلارغا يۈگۈرگىلى بولىدۇ. بۇ قائىدىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، گەپ شۇ جەريانىدىكى ئازابقا بەرداشلىق بېرىش - بەرمەسلىكتە.

مېنىڭ بۇنداق ئازابقا تاقابىل تۇرىدىغان ئاددىي بىر ئامالىم بار. ھەر قېتىم ئۈزۈنغا يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىگە چۈشكىنىمدە، مۇسابىقىدىن كېيىن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان توخۇ گۆشى قورۇمىسى، كاۋاپ قاتارلىق ئېسىل تاماقلارنى تويغۇچە يەيدىغانلىقىمنى ۋە ياكى مۇسابىقىدە يېڭىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان قىز بوينۇمغا گۈلچەمبىرەك تاقاپ قويغان مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن. بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر مېنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغىچە غەيرەت قىلىشىمغا كۈچ - مادار بېرىدۇ.

ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدىكى بىر يىل ئەڭ جاپالىق ئۆتتى. كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ تەكرار قىلاتتىم، ھەر كۈنى پەقەت تۆت سائەتلا ئۇخلايتتىم. ئۆزۈمگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسىمىنى بېسىپ چىقىرىپ، ئۈستەلنىڭ يېنىغا چاپلىۋالغانىدىم. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قان قەنتى يۇقىرىلاپ كېتىدىغان بولغاچقا، تەكرار قىلالمايتتىم. بۇنداق چاغدا بىر يىلدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نامسىز كۆل بويىدا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقان مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم.

تولۇق ئوتتۇرىدىكى ۋاقتىمدا قىزلارغا تەلەپ قويسام‍ىلا رەت قىلاتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىرىگە قاراپ، مېنىڭمۇ بىر قىز دوستۇم بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى ئالىي مەكتەپ ئىدى. بۇ ئىككى ئارزۇيۇمنى بىرلەشتۇرسەم، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. كېيىن، ئازاب ئىچىدە گۈزەل نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق

قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان بىر روھنى يېتىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

بۇ ئۇسۇلنى نۇرغۇن ئادەملەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە ئىشلىتىپ باققان، ئەمما ئۇنۇمى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىكى ئەڭ مۇھىم هالقا شۇكى، تەسەۋۋۇر قىلغاندا چوقۇم تەپسىلاتلارغىچە كونكرېت ئويلاش كېرەك، قولنى سوزۇپلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك دەرىجىگە يەتمىسە، ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. مىسالەن، ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتكۈزگەن بىر ياش تىرىشىپ ئىشلەپ بىر ئۆي سېتىۋالماقچى بولدى. ئەگەر پەقەت بىر ئۆي سېتىۋېلىشنىلا ئويلىسا، زىيادە ئابسىراكت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنۇمى دېگەندىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن.

ئەگەر شىركىتىڭىزگە يېقىن جايدىكى بىر ئولتۇراق رايوندىن ئۆزىڭىز ياقتۇرغان بىر يۈرۈش ئۆينى كۆرۈپ قويغان بولسىڭىز، ھەر قېتىم ئىشلەپ ھېرىپ، ئارام ئالغۇڭىز كەلگەندە، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنادىكى سىز ئالماقچى بولغان ئۆينى كۆرەلىسىڭىز، بۇ چاغدىكى كەيپىيات ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ھەتتا ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، قانداق بېزەشنى، قايسى ھۇجرىنى ياتاق ئۆي، قايسى ھۇجرىنى قىرائەتخانا قىلىش، قانداق ئۇسلۇبتىكى ئۆي سايمانلىرىنى ئېلىش، ئاشخانىنى قانداق بېزەشتىن تارتىپ، ئامراق ئايالىڭىز بىلەن بىرلىكتە تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ نېمە تاماقلارنى يېيىشكىچە ئىنچىكە ھەم كونكرېت تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز، بۇ خىل تەسەۋۋۇر، بۇ خىل كونكرېت ئارزۇنىڭ سىزگە بېرىدىغان رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ تىرىشىپ

ئىشلەپ، ئارزۇيىڭىزنى بالدۇرراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىڭىز.

بۇ ئۇسۇلنىڭ مۇھىم ھالقىسى شۇ: قانچە كونكرېت بولسا شۇنچە ياخشى.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدىكى ۋاقتىمدا مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلاتتىم: پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شەپەق نۇرى بولۇتلارنى قىزارتقان بىر كەچقۇرۇن، مەن ياخشى كۆرىدىغان قىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ، يانمۇيان ماڭاتتۇق، ئەدەبىيات، مۇزىكا ھەققىدە، ھاياتلىق ۋە غايە ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق. ئۇ چاغدا ئارزۇيۇمدىكى قىزنىڭ چىرايىنى، بويى ئېگىز ياكى پاكارلىقىنى، كالتە چاچ ياكى سۇمبۇل چاچلىقىنى، كۆزئەينەك تاقايدىغان ياكى تاقمايدىغانلىقىنى... تېخى بىلمىسەممۇ، ماڭا يەنىلا زور ئىلھام بولاتتى.

بۇلتۇر ئاخىر بىرازىلىيەگە باردىم، دۇنيا پۇتبول لوڭقىسى مۇسابىقىسىنى نەق مەيداندا كۆرۈش ئارزۇيۇمنى رېئاللىققا ئايلاندۇردۇم.

كىچىككىنىمدىنلا پۇتبولغا ئامراق ئىدىم، ھەتتا بىر مەھەل كەچتە پۇتبولنى قۇچاقلاپ ئۇخلايدىغان چاغلىرىممۇ بولغان. پۇتبول مەيدانىغا چۈشسەملا ۋۇجۇدۇم چەكسىز ھاياتىي كۈچ ۋە غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەمما مەشىق بەك جاپالىق ئىدى، ھەر قېتىم مەشىق قىلىۋېتىپ، ياندۇرغۇم كەلگەن چاغدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە نەق مەيدانغا بېرىپ پۇتبول كۆرىدىغانلىقىمنى خىيال قىلاتتىم. كۆچلۈك پۇتبول كوماندىلىرى بار دۆلەتلەر ئىچىدە بىرازىلىيەنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. بىرازىلىيەلىكلەر پۇتبولنى خۇددى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ئەركىن، بىمالال ھەم چىرايلىق ئوينايدۇ. شۇڭا،

بىرازىلىيەگە بېرىپ بىر مەيدان دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈش مېنىڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئىدى.

ئەمەلىيەتتە بىرازىلىيەگە بېرىپ پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق تەييارلىق قىلدىم. يازلىق تەتىلدە دەرس ۋەزىپىسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 سائەت دەرس ئۆتىمىز، ھەربىر مىنۇتلۇق دەرسنى چوقۇم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆتۈشىمىز كېرەك. بىر كۈنلۈك دەرس ئاخىرلاشقان چاغدا، ئۈنىمىز پۈتۈپ، ھېرىپ ھالىمىز قالمايدۇ. دەرس باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس تەييارلاشقا ئاساسەن ۋاقتى چىقمايدۇ. شۇڭا، يازلىق تەتىل كېلىشتىن بۇرۇن بارلىق ماتېرىياللارنى ھازىرلاپ، دەرس تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولۇش كېرەك. بىرازىلىيەگە بېرىشقا ۋاقىت چىقىرىش ئۈچۈن كۈندىلىك خىزمەت ۋاقتىمنى بىرقانچە سائەت ئۇزارتتىم. شۇنىڭ بىلەن تۇرۇپلا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدىكى كۈنىگە تۆت سائەت ئۇخلايدىغان ۋاقتىمغا قايتىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

خىزمەت سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆيگە قايتىپلا ئۇخلىۋېلىشنى، شۇ ئۇخلىغانچە مەڭگۈ ئويغانماسلىقنى ئويلايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدىم. ئەمما، بالىلىقتىكى ئارزۇيۇمنىڭ پات يېقىندا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان پۇتبول كوماندىسىنىڭ، پۇتبول چولپانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسابىقىسىنى نەق مەيداندا كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، ھارغىنلىقىمنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com

چارچىغان ۋاقتىمدا Katy Perry نىڭ «Firework» ناملىق ناخشىسىنى تەكرار قويۇشقا تەگشەپ، ياڭراتقۇ ئاۋازىنى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا بۇراپ قويۇپ، يېتىپ مۇزىكا ئاڭلايتتىم. ئۆيدە مەن ۋە مۇزىكىلا بار ئىدى:

Do you ever feel like a plastic bag
ئۇچقان چاغلىرىڭ بارمۇ، سولىياۋ خالتىدەك
drifting through the wind
شاماللارغا ئەگىشىپ
wanting to start again?
قايتا باشلاش ئىستىكىدە؟
Do you ever feel, feel so paper thin
شۇنداق چاغلىرىڭ بارمۇ، ئۆزۈڭنى قەغەزدەك ئاجىز ھېس قىلغان
like a house of cards
قەغەز ئۆيدەك
one blow from a caving in?
بىر پۈۋلىسە ئۆرۈلۈپ چۈشۈدىغان؟
Do you ever feel already buried deep
ھېس قىلامسەن بەزىدە كۆمۈپ قويۇلغاندەك
6 feet under screams but no one seems to hear a thing
ئالتە فۇت چوڭقۇرلۇقتا، چاقىرسا ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك
Do you know that there's still a chance for you
بىلەمسەن، ساڭا يەنىلا پۇرسەت بار
Cause there's spark in you
چۈنكى قەلبىڭدە بىر يالقۇن

You just gotta ingnite, the light, and let it shine

گۈلخان بولۇپ كۆيمەكچى بولار

Just own the night like the 4th of July

ئۆنى ئىيۇلنىڭ 4 ـ كۈنى دەپ بىل

Cause baby you' re a firework

چۈنكى سەن دوستۇم جاھانغا ئوت ياقار ئۇچقۇن

قۇياشتەك نۇر چېچىشتىن بۇرۇن دوزاخنىڭ زۇلمىتىگە پاتىسەن. مۇشەققەت كۈلپىتى ئىچىدە تىركىشىۋاتقىنىڭدا، تەسەۋۋۇر ساڭا گۈزەل كېلەچەكنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچىدۇ. شۇ نۇر يەلكىمىزگە چۈشۈپ تۇرسىلا، ئادەتتىكى كىشىلەر چەكمىگەن جاپالارنى چېكىمىز، چىدىغۇسىز بولسىمۇ چىدايمىز.

# «ۋەدە قىلىپ» ئورۇقلاش ئۇسۇلى

سەن مېنىڭ سېمىزلىكىمنىلا بىلىسەن، جان تىكىپ ئورۇقلاۋاتقىنىمنى بىلمەيسەن. سەن ئورۇق بولساڭ، مەن تولغان. سەن مېنى سېمىزلىكىدىن كىيىم ياراشمايدۇ دەيسەن، مەن سېنى ئاۋاقلىقىدىن ئۇچىسىدا كىيىم تۇرمايدۇ دەيمەن. سەن ئالدىڭغا كەلگەننى يەۋېرىسەن، قېنى كۆرىمىز، كىمنىڭ جەننىتى كىمنىڭ دوزىخى بولىدىكىن. ئورۇقلاش ھەقىقەتەن مۇشكۈل سەپەر، نېمە بوپتۇ، ئۆلمىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ يولدىن يانمايمەن. مەن ئورۇقلاۋاتقان بودەك، مەن ئۆزۈمنىڭ جارچىسى.

بۇ مەن ئورۇقلاش ئۈچۈن ئەڭ جاپا چەككەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يازغان مەردانە سۆزلەر.

2014 - يىلى «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» سەھنىسىدە، مېنىڭ چېنىقىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھالىتىمنىڭ سېلىشتۇرما رەسىمى ئېكراندا پەيدا بولغان چاغدا، لۇ يۇ، لى يوڭ، لې جيا، لىن جىيىڭ قاتارلىق تۆت يېتەكچى ۋە نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قالغانىدى.

زىلۋا بولۇش، مۇسكۇللۇق بولۇش ھازىرقى دەۋردە قىزلار ئۈچۈنمۇ، ئوغۇللار ئۈچۈنمۇ بىر خىل گۈزەللىك، دەۋرگە ماسلاشقانلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. يېقىندا تەجرىبىلىك بىر ئايال مۇخبىر مۇنداق يازىدۇ: «چولپانلارنىڭ ئورۇقلاش جەريانى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سىزمۇ ئاڭلىغان

بولۇشىڭىز مۇمكىن. سۈن لىبەي مانتا يېگۈسى كېلىپ كەتكەندە، مانتىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ خۇمارىنى باسقان؛ ئىنىڭ شىيۇۋېن نەچچە ئون يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىغان؛ لۇ يۇ گۈرۈچ تامىقى يېسە، گۈرۈچنى ساناپ يەيدىكەن؛ شۇ چى تاماقتىن كېيىن ئولتۇرسا سەمرىپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئويۇن ئوينىسىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئوينايدىكەن... خەي چىڭنىڭ دېيىشىچە، بىر كىلوگرام سەمرىپ كەتسە، ئېكرانغا چىققاندا چانمايدىكەن، ئىككى كىلوگرام سەمرىپ كەتسە، ئوپېراتور ئەسكەرتىپ تۇرىدىكەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن كېيىن ھېچ نەرسە يېمەسلىك ئارقىلىق، كۆنگە بىر يېرىم كىلوگراملىق سۈرئەت بىلەن ئورۇقلاپتۇ. مەن تېخى ئۇنى سەنئەتكارلار دېگەن مانا مۇشۇنداق نەپسىنى يىغالايدىغان ئالاھىدە ئادەملەر دەپ ماختاناماقچى ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن. كىم بىلسۇن، يېقىندا ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەردى: يۇرتىمدىكى بىرى ئۇنىڭغا تۇگۈنەك قىچا ئەۋەتكەنىكەن، كەچتە قورسىقى ئېچىپ ئۇخلىيالمىغان چاغدا، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئون تۇپ تۇگۈنەك قىچىنى ئېلىپ، بىر تالدىن، بىر تالدىن شورايدىكەن، شورا ـ شورا ئەڭ ئاخىردا پەقەتلا تۇز ـ تەمى قالمىغان چاغدا، تۈكۈرۈۋېتىدىكەن. بۇ گەپلەرنى بىر قېتىملىق لەيلىمون (ساماۋەر شورپىسى) زىياپىتىدە ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق. ئۇ بىزگە شۇلارنى دەپ بولۇپ، بىزنىڭ مەززە قىلىپ يېيىشكەنلىرىمىزگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىرقانچە تال گازىر چېقىپ قويسىمۇ، قايتىپ بېرىپ يۇگۈرمىسە بولمايدىكەن».

مېنىڭ ئورۇقلاش جەريانىممۇ شۇنداق بولغان.

92 كىلوگراملىق بەدەكتىن 70 كىلوگراملىق

ئۆلچەملىك ھالەتكە كېلىپلا قالماي، قورساق قىسمىدا ئالتە پارچە مۇسكۇل چىقارغان ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭمۇ ئورۇقلاش، بەدەن چېنىقتۇرۇش جەھەتتە سۆزلەپ بەرگۈدەك تەجرىبىلىرىم بار دەپ قارايمەن.

گېزىت - ژۇرنال، تور، تېلېۋىزور دېگەندەك تۈرلۈك تاراتقۇلاردا بىر قىسىم ئىنتايىن ئورۇق، ئاجايىپ گۈزەل چولپانلارنىڭ رەسىمىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ شۇقەدەر گۈزەللىكى ئادەمدە ئازراق كىرىزىس تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ قالىسىز، تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سانسىزلىغان قىز، ئوغۇللار تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ كېلىشكەن كۆرۈنۈش ئۈچۈن جان تىكىپ ئورۇقلاش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىز تاراتقۇلاردا كۆرگەن گۈزەل قىز، كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ زىلۋا بەدىنى، ئۇچلۇق ئېڭىكى كۆپىنچە ھاللاردا كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇنىڭغا تۈرلۈك گىرىم بۇيۇملىرى، ھەر خىل شەكىل چىقىرىش ماھارەتلىرى، نۇر تەڭشەش تېخنىكىسى قوشۇلسا، ئادەمنى ئەمەلىيەتتىكىدىن زىلۋا، چىرايلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئورۇقلىماقچى بولسىڭىز، شۇنداق ساختا كۆرۈنۈشلەرگە ئالدىنىپ قالماڭ، ئۆزىڭىزگە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان ئورۇقلاش نىشانىنى تىكلىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى قىيىنىغاننىڭ ئۈستىگە، ئاخىردا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغان، بەدەننى ساقسىز قىلىۋالىدىغان ئىشلار بولمىسۇن.

ئورۇقلىماقچى بولۇشتىن بۇرۇن ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى

(BMI) ئىزگە قاراڭ:

بوي ئېگىزلىكى $m^2$ ÷ (kg) بەدەن ئېغىرلىقى = (BMI) ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى

مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.75 مېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 68 كىلوگىرام بولسا، ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى مۇنداق بولىدۇ:

BMI=68/(1.75)²=22.2

قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى مۇنداق بەش دەرىجىگە ئايرىلىدۇ: زىيادە ئورۇق، مۇۋاپىق، ئارتۇق، سېمىز، زىيادە سېمىز. ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى 18.5 بىلەن 23.9 ئارىلىقىدا بولغانلار نورمال، 22 ئەڭ ياخشى ھالەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا، ئەگەر ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچىڭىز نورمال دائىرە ئىچىدە بولسا، بەدەن چېنىقتۇرسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ئورۇقلايمەن دەپ زىيادە كۆچەپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ھەركىم ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى، بوي ئېگىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچىنى ھېسابلاپ چىقالايدۇ. ئەگەر سېمىز (obese) قاتارىغا كىرسىڭىز، سالامەتلىكىڭىز ئاللىبۇرۇن تەسىرگە ئۇچرىغان بولىدۇ، شۇڭا زور كۈچ سەرپ قىلىپ بولسىمۇ، ئورۇقلىشىڭىز كېرەك؛ ئەگەر زىيادە سېمىز (overweight) بولسىڭىز، قىلچە ئويلانماستىن ئورۇقلىغۇچىلار قوشۇنىغا قېتىلىڭ.

ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچىڭىزنى ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن، ئورۇقلاشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ. مەسىلەن، ئالما يەپ ئورۇقلاش ئۇسۇلى، قېتىق ئىچىپ ئورۇقلاش ئۇسۇلى دېگەندەك. سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا،

ئورۇقلاش ئۇنۇمىگە يەتكىلى بولىدىغان ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

دەرۋەقە، ئورۇقلاشنىڭ تۈرلۈك ئىلمىي ئۇسۇللىرى بار، ئەمما رازى بولغۇدەك ئۈنۈمگە يېتىش ئۈچۈن شۇ نۇقتىغا يەتكۈچە داۋاملاشتۇرغۇدەك چىدامچانلىق بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇسۇل ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئۈنۈمىنى كۆرەلمەيسىز. ئورۇقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىك. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇسۇلنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغانلىقىدا.

مەن ئورۇقلاشتا قوللانغان ئەڭ مۇھىم بىر ئۇسۇل «ۋەدە بېرىپ، ئەمەل قىلىش» ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل «تەسىر كۈچ» ناملىق كىتابتا سۆزلەنگەن « ئەمەل قىلىش / ۋەدە بېرىش » پىرىنسىپىغا ئاساسلانغان. ھەربىر ئادەم كۆڭلىدە «سۆزى ئىشەنچلىك، ھەركىتى كەسكىن» بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنلىرىنىڭ نەزىرىدە شۇنداق ئادەم بولۇش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. كىتابتا بىر ئادەم تاماكا تاشلاش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان مىسال بېرىلگەن. بىرىنچى قەدەم، ئۇن مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇپ، بىر پارچە ئاق قەغەزگە سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم 7 ~ 10 ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىپ چىقىسىز (ئائىلىڭىزدىكىلەر، دوست - يارەنلىرىڭىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئىككىنچى قەدەم، مۇناسىپ ساندا قەغەز كارتا تەييارلاپ، ئۈستىگە تاماكا تاشلاش ۋەدىڭىزنى يازىسىز: «ۋەدە بېرىمەنكى، ئەمدى ھەرگىز تاماكا چەكمەيمەن، ۋەدەمدە تۇرالمىسام، سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىمەن». ئاندىن قەغەز كارتىنى سىز ئەڭ مۇھىم بىلىدىغان ئادەملەرگە بېرىسىز. چۈنكى ئادەم دېگىنىنى قىلىدىغان،

www.uyghurkitap.com

سۆزىدە تۇرىدىغان ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. گېپىڭىزدە تۇرالمىسىڭىز باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىڭىز تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇل خېلىلا ئۈنۈم بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئاسىيادا بۇ ئۇسۇل تېخىمۇ ئۈنۈم بېرىدىكەن.

ئورۇقلاشتىمۇ ئوخشاش. مەن ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيىنى كۆپچىلىككە ئېلان قىلىمەن: «مەن، ئەلى، پالانچى ئاينىڭ پوكۈنچى كۈنىگىچە مۇنچە كىلوگىرام ئورۇقلايمەن. قىلالمىسام تېلېفونىڭلارغا پۇل قاچىلاپ بېرىمەن». ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، بېسىم بولىدۇ، تۈرتكىلىك كۈچ بولىدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن، قاتتىق تىرىشماي بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئۈچۈن خېلى زور شىجائەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر نىيىتىڭىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولسا، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش مىكروبىلوگدا خەلقى ـ ئالەمگە ۋەدىنامە يېزىپ سىناپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەگەر راستتىنلا ئورۇقلاش نىيىتىگە كەلگەن بولسىڭىز، چوقۇم سېتىۋالمىسىڭىز بولمايدىغان بىر سىرلىق قورال بار: ئۇ بولسىمۇ تارازا. ئەھۋالىڭىزنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بىلگەندىلا، ۋاقتىدا تەدبىر قوللانغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. ئىلىم بىلەن ئورۇقلاشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئوتتۇرا مەكتەپ بىيولوگىيە دەرسىدە ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن دىسسىمىلياتسىيەنى ئۆگەنگەنىدۇق. ئاسسىمىلياتسىيە دىسسىمىلياتسىيەدىن ئېشىپ كەتكەندە، يەنى يېگىنىڭىز كۆپ بولۇپ، ھەرىكىتىڭىز ئاز بولۇپ قالسا، ئېنىقلا سەمرىپ كېتىسىز. ئەكسىچە، دىسسىمىلياتسىيە ئېشىپ كەتكەندە، ئادەم تەبىئىي ھالدا ئورۇقلايدۇ. بۇنى فىزىكا ئىلمىدىكى ماسسىنىڭ ساقلىنىش

قانۇنى ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ماسسا يوقاپ كەتمەيدۇ، پەقەت بىر ماددىدىن يەنە بىر ماددىغا يۆتكىلىدۇ. تاماق يېگەن چاغدا، سىرتقى دۇنيادىكى ماسسا بەدىنىمىزگە كۆچىدۇ، چىقارغان ۋاقتىمىزدا، بەدىنىمىزدىكى ماسسا سىرتقى دۇنياغا يۆتكىلىدۇ.

بەزى ئادەملەر ھەرقانچە يېسىمۇ سەمرىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆپ يەيدۇ ھەم كۆپ چىقىرىدۇ، قاتتىق جىسىم ھالىتىدە، سۇيۇق جىسىم ھالىتىدە ۋەياكى گاز جىسىم ھالىتىدە بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر خىل شەكىلدە چىقىرىدۇ. كۆڭلىڭىز ئېلىشىۋاتامدۇ؟ شۇڭا ئۇخلىماي چۈش كۆرمەڭ، قورساقتا سولىشىپ چىقارماي تۇرۇۋالسىڭىز، ئەلۋەتتە سەمرىپ كېتىسىز.

ئەگەر پۇل تېپىشتا «كىرىشنى ئىچىپ، چىقىشنى ئېتىش» ئۇسۇلىنى قوللانساق، ئورۇقلاشتا «كىرىشنى ئېتىپ، چىقىشنى ئېچىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. بۇ يەردىكى «كىرىش» دەل ئېغىز.

بەزىلەر سورىدى: ئورۇقلاش جەريانىدا بىر كۈنلۈك تاماقنى بەشكە بۆلۈپ يېيىش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بەدەن چېنىقتۇرۇشتا شۇنداق قىلىمىز، ئورۇقلاشتا ئۇنداق قىلمايمىز. ئۈچ ۋاق تاماقنى نورمال يەۋەرسەك بولىدۇ، لېكىن ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەتىگەنلىك تاماقنى چوقۇم يېيىش كېرەك، چۈنكى ئەتىگەنلىك تاماق مېتابولىزمنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئەتىگەندە قورسىقىم ئاچمايدۇ، شۇڭا ناشتا قىلمىساممۇ بولامدۇ دەپ سورايدۇ. مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، قورسىقىڭىز ئاچسۇن-ئاچمىسۇن، چوقۇم ناشتا قىلىڭ. ئەتىگەنلىك تاماق بىر

www.uyghurkitap.com

كۆنلۈك مېتابولىزم ئېقتىدارىنى كۆچەيتىپ، ئورۇقلاشقا ئىنتايىن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇقلىغان ھەرقانداق ئادەم ناۋادا ئىلمىي ئورۇقلاش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى بولسا، ھەممىسى چوقۇم ياخشى ناشتا قىلغانلار. مېنىڭ ھازىر ئۈچ ۋاق تاماق ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنىمىز، ئەڭ ئوبدان يەيدىغىنىمىز ئەتىگەنلىك تاماق.

چۈشتە خالىغىنىڭىزنى يەڭ. ئەمما ماي مىقدارى تۆۋەن، تۇزلۇق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلسىڭىز، قاندىكى ماي مىقدارى ئۆرلەپ كېتىپ، ئاسانلا سەمرىپ كېتىسىز. كەچتە مېۋە - چېۋە، كۆكتاتنى ئاساس قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئەگەر كەچتە بالدۇر ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، كەچلىك تاماقنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئالدىغا سۈرۈڭ. ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى تۆت سائەت ئىچىدە بىر نەرسە يېمىگەن ياخشى، بولمىسا ئاشقازانغىمۇ ياخشى ئەمەس. ئەگەر بەك يېگۈڭىز كېلىپ كەتسە، قايمىقى ئايرىۋېلىنغان قېتىق ئىچسىڭىز ياكى ئالما يېسىڭىز بولىدۇ.

«چىقىش» نى قانداق ئاچىمىز؟ ھەقىقىي ئۇنۇم بېرىدىغىنى ئورۇقلىتىش چېيى ئەمەس، بەلكى چېنىقىش، چېنىقىش ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت ۋە ئوكسىگېنسىز ھەرىكەت دەپ ئايرىلىدۇ. ئورۇقلاشتا ئەلۋەتتە ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىمىز. بەك كۆچەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، ئەمما چوقۇم ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 40 مىنۇتتىن ئاشقاندىلا، ئاندىن ئۇنۇمى بولىدۇ. ياگىمىر ئويناش، مەيدان ئۇسۇلى ئويناش، ۋېلىسىپىت مىنىش ئارقىلىقمۇ مەقسەتكە يەتكىلى

بولىدۇ. ئەگەر چېنىقىش زالىغا بارسىڭىز، نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈش ماشىنىسىنى تالىشى مۇمكىن. مېنىڭچە يۈگۈرۈش ماشىنىسىدىنمۇ ياخشىسى دەسسەش ماشىنىسى، بۇ مەن ئەڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن چېنىقىش ئۈسكۈنىسى. ئەگەر دەسسەش ماشىنىسىدا 40 مىنۇت غەيرەت قىلالىسىڭىز، يۈگۈرۈش ماشىنىسىدا بىر سائەت يۈگۈرگەندىنمۇ بەكرەك چېنىقالايسىز. ئۈستىبېشىڭىز چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ كېتىدۇ، ئەتراپىڭىزدىكى پولمۇ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈسىز.

مۇبادا چېنىقىش زالىغا بېرىشقا ۋاقتىڭىز بولمىسا، ئۆيىڭىزدە ھەرىكەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئويناشنى «مەتو» ئىشتەك ھېس قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، مەن مىكرو بىلوگقا چىقىرىپ قويغان HipHopAbs ئادەمنى شۇنداق مەردانە كۆرسىتىدۇ، بىر تەرەپتىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىسىز، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك» سوقۇسىز.

قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى دېگەن گەپ بار. بۆرە توپى ئىچىدە ياشاۋەرسىڭىز، ھامان بىر كۈنى ھۇۋۇلايدىغان بولۇپ قالىسىز. ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، دائىم سېمىز ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز، سىزنىڭمۇ سەمرىپ كېتىش ئېهتىماللىقىڭىز بىرقەدەر يۇقىرى بولىدىكەن. ئەلۋەتتە سىزنى سېمىز دوستلىرىڭىزدىن يىراق تۇرۇڭ دېمەكچى ئەمەسمەن، دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر سىز شۇنداق مۇھىت ئىچىدە بولسىڭىز، تېخىمۇ ئىرادىلىك بولۇشىڭىز كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىنالايسىز.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئادەتتىكى پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن ئاق كۆڭلەك كىيسىمۇ ياراشسا، ھەقىقىي كېلىشكەن دېسەك بولىدۇ. مەيلى ئادەمنىڭ چىرايىغا ۋە ياكى بەدەن قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان دەۋر بولسۇن - بولمىسۇن، بەدىنىڭىزنىڭ ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بەرگىنىڭىز ھاياتىڭىزغا مەسئۇل بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقىنىڭىزدۇر.

# جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق

ھەر قېتىم چېنىقىپ بولغاندىن كېيىن، 76 گىرادۇسلۇق ھورداقتا 15 مىنۇت تەرلىنىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىم. پۈتۈن بەدىنىمدىكى نەملىك تامامەن قۇرۇپ، پانىي ئالەمدە دوزاخنىڭ ئازابىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرغان چېغىمدا، ئەينى چاغدا سۇن مايمۇن يالقۇنتاغدىن ئۆتكەن چاغدىمۇ بەك بولسا مۇشۇنچىلىك قىينالغان بولغىيتتى دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم.

ھورداققا ماسلىشالماي، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىدىغانلارمۇ دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. چېنىققىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىراپ ھورداققا كىرمەيدۇ، ماڭا مەسئۇل تىرېنېرمۇ ھورداققا كىرىشنى خەتەرلىك ھەرىكەت دەپ قارايتتى. لېكىن، ۋاقتىم يار بېرىپ، پۇرسەت بولسىلا ئۆزۈمنى ھورداقنىڭ ئازابىنى تېتىپ چىقىشقا كۆندۈرەتتىم.

نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قىينايسەن دەپ سورىسىڭىز، ئادەم ئەڭ ئازابلىق ئىشلارنى، ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ چىداملىق بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن كىچىككىنە قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان، ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدىغان بولىدۇ. ھورداقنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، باشقا چېنىقىش تۈرلىرىنىڭ جاپاسى «a piece of cake» بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئەزەلدىن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ باقمىغان مەن ئۆزۈم يالغۇز بېيجىڭغا بارىدىغان پويىزغا چىقتىم. ئەينى چاغدا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئاتا ـ ئانىسى ئاپىرىپ قوياتتى. مېنىڭ ئاتا ـ ئانامىمۇ شۇنداق قىلماقچى بولغان. كىچىكىمدىن مۇستەقىللىق خاھىشىم بەك كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېنى ئاپىرىپ قويۇشىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدىم. ئۇلارمۇ قەتئىي چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، مېنى قايىل قىلالمىدى.

مېنىڭ پەقەت ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان بۇ ئۇزۇن سەپەرنى مۇستەقىل تاماملىغىم بار ئىدى. ئەمما، كەينىگە تارتىش كېسىلىم سەۋەبلىك بىلەتنى بالدۇر ئېلىپ قويماپتىمەن. سەھەر سائەت ئالتىدە ۋوگزالغا بىلەت ئالغىلى باردىم. بىلەت ساتقۇچى 4 ~ 5 تال بىلەت ساتا ـ ساتمايلا، كارىۋاتلىق بىلەت قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن بىلسەم، بۇنداق چاغدا كارىۋاتلىق بىلەت ئالىمەن دېيىش، ئاساسەن ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەكلا ئىش ئىكەن.

كارىۋات بولمىسا نېمە بوپتۇ، ئولتۇرۇپ مېڭىۋېرىمەن دەپ ئويلىدىم. پويىز نورمال ئەھۋالدا 46 سائەتتە بېيجىڭغا يېتىپ باراتتى، ئەمما مەن كېيىن قالغان بولغاچقا، ۋاقىتلىق پويىزنىڭ بىلىتىنى ئالدىم. ۋاقىتلىق پويىز تاشقى كۆرۈنۈشتە نورمال پويىزدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، مېڭىش سۈرئىتىمۇ ئوخشاش، لېكىن 2 ~ 3 سائەت ماڭا ـ ماڭمايلا توختايدۇ، باشقا پويىزلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشىنى ساقلايدۇ، ھەتتا بەزىدە چۆل ـ جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت سائەتمۇ توختايدۇ.

پويىزدا مەن تونۇيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، يول بويى كىتاب كۆرۈپ ماڭدىم. بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى ئاسانلا ئۆتۈپ

كەتتى. گەرچە تۇرۇك ئۇخلىيالمىغان بولسامۇ، بىيجىڭغا بېرىشنىڭ خۇشاللىقىدا پەقەتلا بىلىنمىدى. ئەمما، ئىككىنچى كېچىنى ئۆتكۈزمەكنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 50 سائەتتە بىيجىڭغا بارىمىز دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، 50 سائەت يول يۈرۈپمۇ، بىيجىڭ يەنىلا شۇنچە يىراقتا ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇرۇمچىدىن بىيجىڭغا بارىدىغان مۇشۇ بىرلا پويىز بولغاچقا، ۋاگوندا مىچچىدە ئادەم، ئۇياق ـ بۇياققا ئەركىن ـ ئازدە ئۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ھالەتتە ئىدى. ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى يولدا، ئىشىك تۈۋىدە، ھاجەتخانا ئالدىدا، ئىشقىلىپ ۋاگون ئىچىدە بىرمۇ بوش يەر يوق. سائەت ـ سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇۋاتقانلارغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇلارغا پات ـ پات ئورنۇمنى بوشىتىپ بېرىپ تۇردۇم. ئاخىردا ھەممەيلەننىڭ تۇرغىنىدەك ھالى قالمىغان چاغدا، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە گېزىت سېلىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

مەن ئۇچۇن ئەڭ تەس كەلگىنى ھاجەت قىلىش بولدى. ئەزەلدىن بۇنچە ئۇزۇن يوللۇق پويىزغا ئولتۇرۇپ باقمىغان بولغاچقا، ھاجاتخانىغا كىرىشنىڭ بۇنچە تەسلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەمدىلا پويىزغا چىققان چاغدا، كۆپرەك سۇ ئىچىپ بەرسەم ماددا ئالمىشىشقا پايدىسى بولارمىكىن دەپ، قايناق سۇنى كۆپ ئىچىپتىمەن. ئەمما، سەككىز سائەت بولار ـ بولمايلا، بۇنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ خاتا قارار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن ئولتۇرغان ئورۇندىن ۋاگوننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ھاجەتخانىغىچە بولغان ئارىلىق كۆپ بولسا 20 مېتىر كېلەر، ئەمما ۋاگون ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، توختىماي «كەچۈرۈڭ، ئۆتۈۋالسام بوپتىكەن» دەپ، پۇت قويغۇدەك يەر چىقىرىپ، قىستىلىپ

يۇرۇپ، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئېلىپ، تاشپاقىدىنمۇ ئاستا سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاران دېگەندە ھاجەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، 6 ~ 7 ئادەم ئۆچرەت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ساقلىدىم، چىداپ تۇردۇم... 10 نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلاي دېمىدى. ئالدىمىزدىكى ئادەم ئىشىكنى چېكىپ باقتى، ئىتتىرىپ باقتى، مۇشتلاپ باقتى، ئامال بولمىغاندا پويىز خادىمىنى چاقىرىپ كەلدى. پويىز خىزمەتچىسى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچتى، قارىساق ئىچىدە بىر ئادەم ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ۋاگوننىڭ ئىچىدە سەل ئازادە ئولتۇرۇپ ئۇخلىغۇدەك بوش يەرمۇ بولمىغاچقا، بىچارە ئادەم ئامالسىز ھاجەتخانىغا كىرىپ، ئاشۇ مەينەت يەردە، سېسىق پۇراپ تۇرسىمۇ، تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ئاخىرى ھاجەت قىلىپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم قىستىلىپ يۈرۈپ، مىڭبىر جاپادا ئورنۇمغا كېلىۋالدىم. سائەتكە قارىسام، ساق 45 مىنۇت ۋاقىت كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بەك ئۇسساپ كەتمىسەممۇ سۇ ئىچمىدىم. زادى ئامال بولمىغاندا قەدەر ھاجەتخانىغا بارمىدىم.

ئۈچىنچى كۈنى، 74 سائەتلىك سەپەر ئاخىرلىشىپ، پويىز ئاخىرى بېيجىڭ ۋوگزالىغا كىرىپ كەلگەن چاغدا، ھەممەيلەن ھاياجانلىنىپ، ۋاگوندا ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ھال ماڭا ئەينى چاغدا ياۋروپالىق كۆچمەنلەر 20 نەچچە كۈنلۈك دېڭىز سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھېرىپ - ئېچىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە، ئاخىرى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا يېتىپ كەلگەن چاغدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى. ئارىدىن بىرى پاراخوتنىڭ مومىسىغا يامىشىپ چىقىپ، ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ: ئامېرىكا!

پاراخوتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا قايتىدىن كۈچ تولدۇ، ھاياجانلىنىپ، ئۇلارمۇ ۋارقىرايدۇ: ئامېرىكا!

89 پــويىزدىن چۈشــكەن چاغــدا، 92 كىلوگىرامــدىن كىلوگىرامغا چۈشۈپ قاپتىمەن. شۇ قېتىملىق سەپەر مېنىڭ جاپاغا چىدامچانلىقىمنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەيلى كاماندىروپكا ۋەياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن باشقا شەھەرلەرگە بارغان چاغدا، مېھمانخانىنىڭ شارائىتى، قاتناش قوراللىرى ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ، جاپا ھېس قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم. چۈنكى مەن ئۇنىڭدىنمۇ جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن جاپاغا بولغان كۆز قارىشىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بەزىدە بەك جاپادا قالغان ۋاقتىمدا، ئەگەر بۇ جاپاغا بەرداشلىق بېرەلىسەڭ، ھەرقانداق جاپاغا چىدايسەن دەيدىغان بولدۇم. يەنە بەزىدە، ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن، ئۆزۈم تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەزى جاپالىق ئىشلارنى قىلىدىغان بولدۇم، 76 گىرادۇسلۇق ھورداقتا 15 مىنۇت تۇرۇشۇمدىمۇ شۇنداق مەقسەت بار.

بارلىق دىنىي ئەقىدىلەردىمۇ جاپا چېكىپ تاۋلىنىش، جاپانىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىدىمۇ بەزى پەرزلەر بار، بۇ ئارقىلىق مەمۇرچىلىق مەزگىللەردە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق تەكىتلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ تاكى قۇياش ئولتۇرغىچە ھېچ نەرسە يېمەيدۇ، بىر تامچە سۇمۇ ئىچمەيدۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، قاش قارايغاندا، ئېغىز ئېچىپ، ئېپتارلىق تاماققا ئولتۇرىدۇ. بىر كۈنلۈك چاڭقاش، ئېچىرقاشتىن كېيىن، گېلىڭىزدىن بىر يۇتۇم سۇ ئۆتكەن،

www.uyghurkitap.com

ئاغزىڭىزغا بىر بۇردا نان سالغاندا، دۇنيادىن، تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولىسىز، هاياتنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولۇپ كېتىسىز.

2014 ـ يىلى قىشتا، تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى ئىشلەش ئۈچۈن باشقا بىر شەھەرگە باردىم. پىروگرامما گۇرۇپپىسى بېكىتكەن مېهمانخانىغا بارغىنىمدا تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. ياتاقنىڭ هاۋا تەڭشىگۈچى بۇزۇلۇپ قالغان بولغاچقا، ياتاق بەكلا سوغۇق بولۇپ، باشقا ياتاقمۇ قالماپتۇ، ئەتراپتا باشقا مېهمانخانىلارمۇ يوق ئىكەن. سۇ تۆكۈپ قويسا مۇز قاتقۇدەك ئۆيدە يوتقانغا يۆگىنىپ بىرقانچە سائەت ئۇخلىۋالدىم.

ئەتىسى قوپسام، قىزىتىپ قاپتىمەن. پىروگراممىنى ئىشلەپ بولۇپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئوكۇل ئاستۇردۇم. كېيىن بىر دوستۇم «پىروگرامما گۇرۇپپىسىنىڭ سەۋەنلىكى تۇرسا، نېمىشقا ئۇلارغا ئاچچىقلىمايسەن» دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىنمۇ جاپالىق كۈنلەرنى كۆرگەن تۇرسام، ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟

تۇرمۇشىڭىزدا هەر قېتىم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، پەقەت كۈلۈپلا قويۇڭ، ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟

# گاڭگىراش ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

روبىن ۋىلىيامس مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان كومېدىيە ئارتىسلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رول ئالغان كىنولاردىن «توك قاپاق دادا»، «مۇھەببەت ئوغرىسى»، «باتۇرلارنىڭ ئويۇنى»، «مەرسىيە رېداكسىيەسى»، «مۇزېيدىكى غەلىتە كېچە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نادىر فىلىملاردىن بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، مىليونلىغان ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خۇشاللىق بېغىشلىغان شۇنداق بىر ئادەم 2014 - يىلى ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن ھاياتلىق سەپىرىگە چېكىت ئۇردى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئوباما ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلىغان مەرسىيەنامىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «روبىن ۋىلىيامس بىر ئۇچقۇچى ئىدى، دوختۇر ئىدى، ئىنىكئانا ئىدى، زۇڭتۇڭ ئىدى. ئۇ شۇنداق ھەر خىل ئادەم بولالايتتى، ئەمما دۇنيادا پەقەتلا بىر ئىدى. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تاشقى پىلانېتا ئادىمى كەبى سىڭىپ كىرىپ، مەنىۋىيىتىمىزنى بېيىتتى. ئۇ بىزنى كۈلدۈردى، بىزنى يىغلاتتى».

بىر كومېدىيە ئارتىسىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى چۈشىنىدىغانلار بەك ئاز. كۆپىنچە كىشىلەر ئەجەبا مىليادىرلارنىڭمۇ تۇرمۇشتىن زارلىنىدىغان چاغلىرى بولامدىكەن دەپ ئويلايدۇ.

راستىنى ئېيتسام، دائىم باشقىلارنى كۈلدۈرىدىغان،

باشقىلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇنىڭ دەردىنى بىلىمەن.

پۈتۈن دۇنياغا خۇشاللىق بېغىشلىساڭمۇ، سەن يەنىلا بىر غېرىب ئىنسان. ھارغىن تېنىڭنى سۆرەپ ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلگىنىڭدە، يۈگۈرۈپ كېلىپ سېنى قۇچاقلايدىغىنى يۈرەككە زىختەك سانجىلىپ تۇرىدىغان ئازاب. يۇمۇر ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى قەلب خانىگە كىرىشتىن توسىدىغان مۇداپىئە مېخانىزمى. روبىن ۋىلىيامس ئۆلۈۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، ھېچكىمگە گەپ قىلمىغان. ئۇ ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويغان، ھايات ئۇنىڭغا مەنىسىز تۇيۇلۇپ، ئاقىۋەت ئەڭ قەبىھ ئۇسۇل بىلەن بىر مەھەل مېھرىنى بەرگەن دۇنيادىن ئايرىلىش قارارىغا كەلگەن. شۇڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ «مەرسىيە رېداكسىيەسى» دىكى ساداسىنى ئاڭلىيالمىدۇق: «يۈرىكىڭنىڭ ساداسىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك، سەن قانچە كىچىكسەڭ، ئۇ شۇنچە خىرەلىشىدۇ».

ئۇنىڭ تىراگېدىيەسى مېنى گاڭگىراپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭمۇ ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويغان، ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان چاغلىرىم بولغان.

تولۇق ئوتتۇرىدىكى مەن جىمغۇر، سېمىز، قارىماققا يىرگىنچلىك بىر ئەلاچى ئىدىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ قىز دوستى بار ئىدى. بىللە ناخشا ئېيتقىلى بارغان چاغلاردا، مەندىن باشقا ھەممىسى بىر جۈپ بولۇپ باراتتى. مەن بىر چەتتە «بويتاقلىق ناخشىسى» نى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئەجەبا مەن بىرەرسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەممۇ دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

ئەنە شۇنداق چۈشكۈنلىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە،

ئۈمىدسىزلىك باسقان غېرىب قەلبىمگە بىر دەستە ئىللىق نۇر چۈشتى. ئۇ دەل بىزنىڭ يىللىقلار بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ناخشىچى ئىدى.

مەكتىپىمىزنىڭ ناخشا مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئەدەپ يۈزىسىدىن بارلىق ماھىرلارغا ئۆتۈك تىلىدىم، مەدەت بەردىم. شۇ قاتاردا ئەڭ ئاخىردا مەيدانغا چىقىدىغان بىر قىزغىمۇ «غەيرەت قىلىڭ، سىز چوقۇم غەلىبە قىلىسىز» دەپ قويۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، كومپيۇتېرنى ئېچىپ، «تەكرار» نى باشلىۋەتتىم.

دۈشەنبە كۈنى، تەنەپپۇس ۋاقتىدا بېشىمنى چۆكۈرۈپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتىم. بىر دوستۇم يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھاياجانلانغان ھالدا «ئەلى، ئىشىك ئالدىدا بىر قىز سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. بۇ دۇنيادا 17 يىل ياشاپ، بۇنداق ئەھۋالغا ئەزەلدىن يولۇقۇپ باقمىغانىدىم. سىنىپ مەسئۇلىمىز ئىشخانىسىغا چاقىرغان چاغلار بولغان، ئوغۇللار چاقىرىپ چىقىپ دۆشكەللىگەن ئىشلار بولغان، ئەمما ئەزەلدىن يات جىنسلىق بىرى چاقىرتىپ باقمىغانىدى.

«قىز بالا» دېگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئىچىمدە ئويلايتتىم: ۋاي خۇدايىم، بۇ زادى نېمە ئىش بولۇپ كەتتى! جىددىيلىشىپ، يۈرىكىم سېلىپ، يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قىز ئىشىكنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ تۇرۇپ ماڭا رەھمەت ئېيتتى: «رەھمەت سىزگە، سىز مەدەت بەرگەچكە، ناخشا مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدۇم». ئارقىدىن قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ، مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ قويۇپلا، كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن خۇدۇمنى يوقاتتىم دېسەممۇ بولىدۇ. تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم قۇچاقلىشى ئىدى. قەلبىم

يايراپ، يۈرەكلىرىم ئويناپ، سىنىپىنىڭ بالكونىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم. ماڭىمۇ مۇشۇنداق بىر كۈن كېلىدىكەن، ياۋا گۈلنىڭمۇ ئېچىلىدىغان پەسلى بولىدىكەن، مېنىڭمۇ بويتاقلىقتىن خوشلىشىدىغان ۋاقتىم بولىدىكەن دەپ ئويلايتتىم. ئارقىدىنلا دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، گويا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىۋاتقاندەك بىر تەرزدە ھېلىلا باشتىن كەچۈرگەن 15 سېكۇنتلۇق «مۇھەببەتلىشىش» جەريانىنى سۆزلەپ بەردىم.

كەچتە، ئۆزۈمچە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ، ئۆلارنىڭ سىنىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ساقلىدىم.

ـ مېنى نېمىشقا ساقلايسىز؟ ـ ئۇ گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى.

ـ بىللە قايتايلى دەپ بولمامدۇ، ـ دېدىم مەن.

ـ نېمىشقا بىللە قايتقۇدەكمىز؟ مەن ماڭغاچ تۇراي. شۇنداقمۇ دۆت ئىكەنمەن، مەن تېخى خىيالىمدا ئۇنى قەستەن نازلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئويلىمىغان يەردىن، 2 ـ 3 كۈن ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلمىدى. كۆڭلۈمدە شۇنچە ئۈزۈنمۇ نازلانغان بارمۇ، قانداق نازلىنىش بولۇپ كەتتى بۇ دېدىم.

پەيشەنبە كۈنىگىچە ساقلاپ، تاقىتىم قالمىدى. ئۇنى 5 ـ قەۋەتنىڭ ئادەم بارمايدىغان بىر بۇلۇڭىغا، «ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇلۇڭى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چېتىگە تارتىپ باردىم. ئۇنىڭغا شۇنداق رومانتىك جايدا «تەلەپ» قويماقچى بولدۇم. «تارتىپ باردىم» دېگەندىن، «باشلاپ باردىم» دېگىنىم تۈزۈك، چۈنكى مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشقىمۇ پېتىنالمايتتىم.



www.uyghurkitap.com

— قايسى كۈنى ماڭا رەھمەت ئېيتقانتىڭىز، مەن بەك تەسىرلىنىپ كەتتىم، — دېدىم كېكەچلەپ تۇرۇپ، — ماڭا بىرەر گېپىڭىز بارمىتى؟

ئۇنىڭ چىرايىدىن چۈشىنەلمىگەندەك بىر ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

— ھېچقىسى يوق، نېمە گېپىڭىز بولسا، دەۋېرىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ. ئۇ تېخىچە گاڭگىراپ تۇراتتى، — تارتىنماڭ، نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ، بىزمۇ خېلى يېقىن بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ!

ئۇ گاڭگىراپ تۇرۇۋەرگەچكە، ئاخىرى ئۆزۈم ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۇدۇللا ئېيتتىم. مەن، مەن پەقەتلا سىزگە رەھمەت ئېيتىپ قوياي دېگەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

يۈرىكىم يەتتە، سەككىز پارچە بولۇپ. يەرگە پوكۇلداپ چۈشكەندەك بىر تۇيغۇدا بولۇپ كەتتىم. دۇنيانىڭ نەقەدەر رەھىمسىزلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھەتتا ئازراق ئاچچىقلاپ تۇرۇپ، كۆڭلىڭىز يوق ئادەم نېمىشقا مېنى سىنىپتىن چاقىرىپ چىقتىڭىز، نېمىشقا مېنى قۇچاقلىدىڭىز دېدىم.

— بىرىنچى قېتىم ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپلا بىرىنچى بولغاچقا، ماڭا مەدەت بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇچاقلاپ، رەھمەت ئېيتقانىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يا خۇش بولۇشىمنى، يا خاپا بولۇشىمنى بىلەلمىدىم.

— ماڭا ئازراقمۇ كۆڭلىڭىز يوقما؟ — دېدىم يەنىلا ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەي.

— ئەلى، سىز ياخشى بالا.

ئۇ ماڭا بىر تال «ياخشى ئادەم كارتىسى» بېرىش ئارقىلىق، شۇ قېتىملىق بىمەنە پاراڭنى ئاخىرلاشتۇردى. مەن بۇنداق گەپنى جىق ئاڭلاپ كەتكەن، يەنە بىر تال ياخشى ئادەم كارتىسى ئالسامۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە، ئۆزۈم يالغۇز خېلى ئۇزاق ئولتۇردۇم، ئەمما يەنىلا ۋاز كېچەلمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرقانچە قېتىم «تەلەپ» قويۇپ، ئوخشاشلا رەت قىلىندىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، ھەتتا مەن بولمىسام، بۇ دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولامدۇ ـ قانداق دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم. 9 ـ قەۋەتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، بىر سەكرەپلا قۇتۇلايمۇ دەپ ئويلاپ، ئىككىلىنىپ قالدىم. ئېگىزدىن قورقۇش كېسىلىم بولغاچقا، ئاخىرى بىنادىن قايتىپ چۈشۈپ، مەكتەپ ئالدىدىكى ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان چوڭ يول بويىچە ماڭدىم. ماشىنىدىن بىرى كېلىپ بىرلا سوقسىمۇ، بىراقلا قۇتۇلاتتىم دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا، بىر ساۋاقدىشىم تارتىپ ئېلىپ كەتتى.

بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم، غەيرەتكە كېلىپ ياڭ گۇيپىڭ مۇئەللىمنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ پسىخىكا مەسلىھەتچىسى ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپمۇ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى قىزلارغا «تەلەپ» قويۇپ، مەغلۇپ بولغانلىقىمدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولدۇم. ئاخىرى «ياشىغىنىمنىڭ پايدىسى يوق، مەن بولمىسام دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك باش ـ ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلدىم.

ياڭ مۇئەللىم ماڭا «ھېچقىسى يوق، سەن ياشاۋاتقان

مۇشۇنداق مۇھىتتا بۇنداق ئويلاپ قېلىشىڭ پۈتۈنلەي نورمال، يەنە كېلىپ، بىر - ئىككى قېتىم مەسىلىھەت سورىسالا مەسىلە ھەل بولىدۇ دەپ ئويلىما» دېدى. ئاستا - ئاستا بالىدۇر مۇھەببەتلىشىشتىن ئېغىز ئاچتىم، ئاندىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، «بۇنداق قىلىشىم بەكلا چوڭ خاتالىق، ئاتا - ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن، مەكتەپكە، خەلققە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەغلۇپ بولدۇم، ئۆزۈمگىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن» دېدىم. ياڭ مۇئەللىم بۇنىڭمۇ ناھايىتى نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى، ياشلىقتا ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قايتا - قايتا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ياڭ مۇئەللىمگە قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئوي - خىياللىرىمنى ئېيتتىم.

— شۇنچە كۆپ قىزلار مېنى رەت قىلدى، مۇئەللىم، سىزنىڭچە مەندەك بىر ئادەمنىڭ يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— خاتالاشتىڭ، باشقىلارنىڭ سېنى رەت قىلغىنى سېنىڭ خاتالىقىڭ ئەمەس، ئۇلارنىڭ خاتالىقى. سەن ئەمەلىيەتتە بىر مۇنەۋۋەر ياش، ئۇلار سېنىڭ بۇ تەرىپىڭنى كۆرەلمىگەن.

مۇئەللىمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم، قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمنى كۆرەلىگەن بىر ئادەم بار ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ھازىر ئەسلەپ باقسام، ياڭ مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرى بولۇشى ناتايىن ئىكەن، ئەمما مەن ئۆزۈمدىن تامامەن ۋاز كەچكەن چاغدا، ئۇ ماڭا ئىلھام بەردى، ئۆزۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈدەك كۈچ - قۇۋۋەت بەردى.

www.uyghurkitap.com

بالدۇر مۇھەببەتلىشىپ مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئازابىنى روبىنىنىڭ قەلبىدىكى سىقىلىشقا سېلىشتۇرغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئازابنىڭ ئېغىر - يېنىكى بولمايدۇ. بىر ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، روھىيەت قاتلىمىدا شۇنداق ئاجىز بىر نۇقتىنىڭ بارلىقىنى، سىرلىق ئوردا ئىچىدىكى ئادەم قانچە تېز يۈگۈرگەنچە شۇنچە ئېزىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بۇنداق چاغدا بىزگە كېرىكى دەردىمىزنى چىقىرىۋېلىش ئەمەس، داۋاملىق بەرداشلىق بېرىشىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، دۇنيا بىلەن پاراڭلىشىش، پاراڭ ئوبيېكتى بەلكى ئادەم، بەلكى بىر ناخشا، بىر كىنو، بىر پارچە كىتاب بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە ئاسمىنى تېخىمۇ كەڭ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

2013 - يىلى 1 - ئايدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىشتىن توفېل ئىمتىھان تەييارلىق سىنىپىغا دەرس بېرىشكە يۆتكەلمەكچى بولدۇم. مېنىڭ بۇ قارارىمنى ئۆزۈمگە بىر قېتىم جەڭ ئېلان قىلغىنىم دېيىشكە بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسلىدە ئاران 25 كىلوگىرام كۆتۈرەلەيدىغان ئادەمنىڭ بىراقلا 250 كىلوگىرام كۆتۈرىمەن دېگىنىدەك بىر ئىش ئىدى. گەرچە مەن توفېل ئىمتىھانىدىن بۇرۇنلا ئۆتكەن، يەنە كېلىپ، ئېغىز تىلى ۋە يېزىقچىلىق بۆلىكىدە تولۇق نومۇر ئالغان بولساممۇ، سىنىپ ئالمىشىپ بىرقانچە كۈن بولمايلا، خىزمەتنىڭ غايەت زور بېسىمى ۋە سالمىقى مېنى قورقۇتۇۋەتتى. بۇرۇنقى دەرسلەر توختىغان، يېڭى دەرس تېخى باشلانمىغان، ئۈچ ئايلىق تەربىيەلىنىش، دەرس تەييارلاش

ۋاقتىم بار، چېكىنىش يولۇم قالمىغان بولسىمۇ، قانداق قىلىشنى پەقەتلا بىلەلمىدىم.

گاڭگىراش ئىچىدە قالدىم، بىرقانچە كۈنگىچە چۈشكۈنلۈك بېسىۋالدى. ئاخىردا ئۆزۈم ھۆرمەتلەيدىغان، ئىشىنىدىغان بىر ئادەمدىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىم. ئەڭ ياخشى نامزات باشلىقىم يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلىشىپ كەتمىگەن بولغاچقا، قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، مىكروبىلوگىنى ئېچىپ، يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمنىڭ مەن سوقماق ۋەقەسىنى تېما قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن سىن دەرسلىكىنى ھەمبەھىرلەپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم مىكروبىلوگقا كۆپ نەرسە چىقارمايتتى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز گۇرۇھىدىكى بىر خىزمەتچى ئىشلىگەن سىننى ھەمبەھىرلىشى ئىدى. بۇ ئىش قەلبىمدىكى ئىككىلىنىشنى تامامەن يوقاتتى.

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمگە ئېلخەت يېزىپ، «مېنىڭ بۇ قارارىم خاتا بولۇپ قالدىمۇ ـ نېمە، كۈچۈم يەتمەيدىغان ئىشقا ئېسىلىۋالدىممۇ ـ قانداق» دەپ سورىدىم. مۇئەللىم ناھايىتى تېزلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: «قارار قىلغانىكەنسەن، پۇشايمان قىلما؛ ئەلى، ئىشىنىمەنكى، سەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن تىرىشىپ، مۇنەۋۋەر بىر ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىسەن».

ھاياتلىقتا ئەڭ ئازابلىق ئىش نىشانسىز تەمتىرەپ يۈرۈش بولسا كېرەك. قەلبىمدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپ، بولۇتلار تارىدى، دىققىتىمنى يىغىپ، توفىل سوئاللىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتىم، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دەرس تەييارلاپ، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇردۇم. بىر يىلدىن كېيىن، «يېڭى

شەرق» گۇرۇھىدىكى 18 مىڭ ئوقۇتقۇچى ئىچىدىكى توققۇز نەپەر ناتىقنىڭ بىرىگە ئايلاندىم. يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمنىڭ ئەينى چاغدا ماڭا ئىلھام بەرگىنىدىن چەكسىز مىننەتدار بولىمەن، ئۆزۈمنىڭ گاڭگىراپ قالغان چاغدا ياردەم سوراشنى بىلگىنىمگىمۇ رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ.

مايۇن مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئۇتۇق قازىنىمەن دەيدىكەن، ئۆز - ئۆزىنى داۋالاشنى بىلىشى، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى ئىسسىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

گاڭگىراپ قالغان چېغىمىزدا، دۇنيا بىلەن پاراڭلىشىشتىن باشقا، ئۆزىمىز بىلەنمۇ ئوبدانراق پاراڭلىشىپ بېقىڭ.

يولۇققان مەسىلىنى دەرھال ھەل قىلالمىغان بەزى چاغلاردا، ئۆزۈمنى ئىككىگە پارچىلاپ، ئىچىمدىكى ئىككى «مەن» نى بىۋاسىتە پاراڭلاشتۇرىمەن:

— ئەلى، سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭ بار، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر سېنى قوللايدۇ، نېمىشقا بىر سىناپ باقمايسەن؟

— ئەڭ يامان ئاقىۋەت يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ نېمە بولاتتى؟ پۈتۈن دۇنيا سېنى مازاق قىلغان تەقدىردىمۇ، ساڭا ئېتىبارسىز قارىيالمايدۇ، توغرىمۇ؟

......

مۇشۇنداق دىيالوگلارمۇ ماڭا تۇمان ئىچىدە ئىلگىرىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

# مۇسابىقە ئىككىنچى، دوستلۇق ئۈچىنچى

«گاللوپ ئۇستۇنلۇك تاپقۇچ» نىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مېنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقىم «رىقابەتچانلىق» ئىكەن.

«رىقابەت (competition) سېلىشتۇرۇش ئىچىگە يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئەتراپىڭىزغا نەزەر سالغىنىڭىزدا، تەبىئىي ھالدا باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى بايقايسىز. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى قولىڭىزدىكى ئەڭ ئاداققى ئىشكالىغا ئايلىنىدۇ. مەيلى قانچىلىك جاپا تارتىڭ، مۇددىئايىڭىز ھەرقانچە ئالىيجاناب بولسىمۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ نىشانىغا يېتىپ، قۇرداشلىرىڭىزنى بېسىپ چۈشەلمىگەن بولسىڭىز، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىڭىز ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىسىز. بارلىق رىقابەتچىلەر باشقىلارغا موھتاج، سېلىشتۇرۇشقا موھتاج. چۈنكى سېلىشتۇرغان چاغدىلا، رىقابەتلىشەلەيسىز، رىقابەتلىشەلىگەندىلا غەلىبە قىلالايسىز. غەلىبە قىلىپلا قالسىڭىز، چەكسىز خۇرسەنلىك ھېسلىرىغا چۆمۈلەلەيسىز. سىز ئۆلچەشكە ئامراق، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. باشقا رىقابەتچىلەرنى ياخشى كۆرىسىز، چۈنكى ئۇلار روھىڭىزنى ئۇرغۇتالايدۇ. سىز مۇسابىقىنى قىزغىن سۆيىسىز. رەقىبىڭىزگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىزمۇ، ھەتتا يېڭىلگەندىمۇ سالماق قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىزمۇ، سىزنىڭ مۇسابىقىگە

قاتنىشىشقىمىز ھەرگىز كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى غەلىبە قىلىش ئۈچۈن. شۇڭا يېڭىشكە ئىشەنچىمىز بولمىغان مۇسابىقىگە قاتناشمايسىز».

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مېنىڭ مىجەز - خۇلقىمىغا مۇشۇنداق باھا بېرىلگەن.

دەرۋەقە، نېمىلا ئىش قىلسام، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن: يول ماڭسام باشقىلاردىن تېزرەك ماڭماقچى بولىمەن؛ ئىمتىھاننى قانداق بېرىش مۇھىم ئەمەس، پەقەت كۆڭلۈمدىكى رەقىبىمدىن بىر نومۇر بولسىمۇ ئارتۇق ئالسىلا بولدى.

مەن ئامراق ئەربابلار ئىچىدە تۈرگۈن يېڭىلمەس گېنېراللار بار، مەسىلەن، خاننىبال، قەيسەر، نابولېئون دېگەندەك. بارلىق مۇسابىقىلەردە «دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى» دەپ شوئار توۋلايمىز. ئەمما مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، دوستلۇق بىلەن كىمنىڭ كارى، 72 خىل ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ بولسىمۇ، غەلىبە قىلماقچى بولىمىز.

«يېڭىلىش» مېنىڭ ھاياتلىق لۇغىتىمدە ھەم ئازاب، ھەم ھاقارەت. غەلىبە قىلىشقا ئازلا قالغاندا ئۇتتۇرۇپ قويۇشنى تېخىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن.

ئالىي مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، كومپيۇتېر ئۈچۈر ئىنستىتۇتى پۇتبول كوماندىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مۇسابىقىگە قاتناشتىم. يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ئىنستىتۇتىغا قارشى ئوينىدۇق. مۇسابىقە ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن چاغدا، 1:2 نەتىجە بىلەن كەينىدە قالدۇق. بىر پەس ئېلىشىش ئارقىلىق قارشى تەرەپتىن توپنى تارتىۋېلىپ، سەپدىشىمنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ھىمايە قىلىشى بىلەن توپنى ئېلىپ

قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا قاراپ يۈگۈردۈم. ۋاراتاغا 50 مېتىر قالغاندا، نىشانلاپ تۇرۇپ ۋاراتاغا ئۇردۇم. ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەن تەپكەن ھالقىلىق شۇ بىر توپقا تىكىلدى. ئەمما توپ ۋاراتانىڭ تۈمۈرىگە سۈركىشىپ دىگۈدەك ئۆتۈپ كېتىپ قالدى.

شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ ماڭا نەقەدەر زور ئۈمىد باغلىغانلىقىنى بىلدىم. مۇسابىقىدىن كېيىن ھېچكىم مېنى ئەيىبلىمىدى، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم قاتتىق ئاھانەت ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك يېرىم بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بارغانچە بوشىشىپ كەتتىم، توپ ۋاراتاغا سۈركىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ مەنزىرە كاللامغا كىرىۋېلىپ، كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

مۇسابىقىگە قانچە كۆپ قاتناشسىڭىز، «يېڭىلىش» كە دۇچ كېلىدىغان چاغمۇ شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. مېنىڭ مۇسابىقىگە تۇتقان پوزىتسىيەمدىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولدى: يېڭىش ـ يېڭىلىش دەرۋەقە مۇھىم، ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەر بار، مەسىلەن، غۇرۇر.

توپ مەيدانىدا، بەزىدە بىر تەرەپنىڭ ئەزاسى يارىلىنىپ يىقىلىدىغان ئىشلار بولىدۇ، بۇنداق چاغدا يەنە بىر تەرەپ قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ھەتتا تەنتەنە قىلىشىدۇ. بۇنداق قىلىپ يەڭگەن تەقدىردىمۇ، قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى ئۇتتۇرغان بولىسىز. بۇنىڭدىنمۇ ئۇياتىسىز بولغىنى مۇسابىقىدە كەينىدە قالغان چاغدا، ئۈمىدسىزلىنىپ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كېچىش. مۇسابىقە بولغانىكەن، چوقۇم پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىش، مۇسابىقىدە ئۇتتۇرغان تەقدىردىمۇ، غۇرۇردا، ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۇتتۇرماسلىق، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەركەكلەرچە ئۆلۈش

كىرەك. مەن ھەم ئۆزۈمگە شۇنداق تەلەپ قويۇپ كەلگەنىدىم. «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» مۇسابىقىسىدە ئۆزۈمگە «بىلەت تارتىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىشىمىز، «مەيداندىن ئوغۇل بالىدەك چىقىپ كېتىش» ئۈچۈن ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر مېنى «غەلىتە پاراڭ» ناملىق پىروگراممىدا ئارقىلىق تونۇغان. دەسلەپتە مەن بۇ مۇسابىقىگە «مۇنازىرە» ئۈچۈنلا قاتناشقانىدىم. قارىسا ئۇنداق كۆرۈنمەسلىكىم مۇمكىن، لېكىن مەن مۇنازىرە قىلىشقا راستتىنلا بەك قىزىقىمەن. پىروگراممىدا تەشكىللىمۇ ماڭا «بۇ بىر رەسمىي مۇنازىرە، ئەڭ يامان مۇنازىرىچىلەر كېلىدۇ» دېگەنىدى.

سىنغا ئېلىش رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، بۇ پىروگراممىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭلۇقى مېنى چۆچۈتۈپ، تىلىمنى كالۋالاشتۇرۇپ قويدى. «رەسمىي مۇنازىرە» ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ قەدەر «رەسمىي» لىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مەن ۋاكۇئۇمدا ياشاۋاتقان ئادەم ئەمەس، ئەتراپىمدىكى ئىشلارغا ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلۈمەن، پىروگراممىدا دېيىلىۋاتقان بەزى گەپلەرنى دوستلار ئارا پاراڭ قىلىشقاندا ئاڭلاپمۇ قالاتتۇق، ئەمما بۇنداق رەسمىي سورۇندا ئاڭلىغىمدا، پەقەتلا كۆنەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇئەللىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپ، تېخىمۇ قورۇنۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە، پىروگراممىدا رەسمىي قويۇلۇشتىن بۇرۇن «كېسىپ - تۇغراش» جەريانىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما لاتاپەتلىك لېۋەن قىزلار ئادەمنىڭ جىنسىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايدىغان نەرسىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان، مەن ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگەن مادۇك مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن



www.uyghurkitap.com

ئادەمنى خىجىل قىلىۋېتىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتەن «غەلىتە» دۇنياغا كىرىپ قالغانلىقىمنى ئاندىن بىلدىم.

دەسلەپكى بىرقانچە سان پىروگراممىدا مۇنازىرىگە پەقەتلا كىرىشەلمىدىم، گەپلىرىم قاملاشمىدى، ھەتتا ئورنۇمدىمۇ تۇز تۇرالمىدىم. يۇمۇرلۇق سۆزلەشكە شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ، ئەپلەشمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە قېتىم گەپتە يېڭىلىپ قېلىپ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سولىشىپ كەتتىم.

كېيىن ئويلاپ قالدىم، ئادەم ئوخشاشمىغان سورۇندا ئوخشاشمىغان روللارنى ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىكەن. كىشىلەرنى ئانچە - مۇنچە كۇلدۇرۇپ، قايىل قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان بۇنداق سورۇنغا مۇئەللىملىك سالاپىتىمنى كۆتۈرۈپ چىقسام بولمىغۇدەك دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق، سەۋرچانلىق كېرەك ئىدى. دەسلەپتە باشقىلارنى دورىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۆزۈمگە بەكلا غەلىتە بىلىنىدى، بارغانچە ئۆزۈمگە ئوخشىماي قالغىلى تۇردۇم. ھەرھالدا، ئاخىرقى باسقۇچقا بارغانچە مۇنازىرىگە كۆنۈپ، ئۆزۈمنى خېلى ئەركىن تۇتۇشقا باشلىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئۇسلۇبىنىمۇ تېپىۋالدىم.

ئارىلىقتىكى بىر مەيدان مۇسابىقىدە، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرىدىغان چاغدا، ئىسمىمنىڭ بىرىنچى خېتى «艾» نى چۈشەندۈرۈپ، ئۈستىدە بىر «艹» بار، ئاستىدىكى بۆلىكى «叉» دېگەن خەتكە ئوخشايدۇ دېيىشىمگە، باھالىغۇچى مادۇك مۇئەللىم «草叉艾» گە يىغىنچاقلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم سۆزلىمەكچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرسام،

كۆپچىلىك مۇشۇ گەپ بىلەن چاقچاق قىلىدىغان بولدى. بىلەت تاشلاشقا مەسئۇل تاماشىبىنلارمۇ مەن بىلەن چىقىشىپ قوياتتى. ئىسمىمنى بىر قېتىم دوكلات قىلىپ قويۇشۇم بىلەنلا نەچچە ئون تال بېلەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماستىن مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇردۇم.

دەسلەپتە بۇ گەپ چىقىشىلا ئازراق جىله بولغانىدىم. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان مۇسابىقىدە ئۆزۈمدىكى خۇدۇكسىرەشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆز - ئۆزىنى ئويۇن قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاپ، سەھنىگە چىغ قالپاق كىيىپ، قوشۇق كۆتۈرۈپ چىقتىم. گەرچە بىرىنچى بولالمىغان بولسامۇ، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇم. باشتا ئۇتتۇرۇپ، كېيىن ئۇتتۇم، مەيداندىن مەردانە ئايرىلدىم. بەش كۇچلۇكنىڭ ئىچىگە كىرگەن چاغدىلا، ۋەزىپەمنى ئاساسەن ئورۇنلاپ بولغانىدىم. ئاخىرقى نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ پىروگرامما ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، ئۆزۈمنىمۇ ئۆزگەرتتىم.

يېقىندا 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، «دەرىجىدىن تاشقىرى مۇئەللىم» (超级老师) مۇسابىقىسىگە قاتناشقانىدىم. تاللاش مۇسابىقىسىدىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن تاللىنىپ چىقتىم. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كەلگەن چاغدا، مەن ئەسلىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما مېنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن كۈچ ئېلىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. پىروگراممىنى سۈرەتكە ئالىدىغان چاغدا، رېژىسسورغا ئامال بار ھېچقانداق تەلەپ قويمىدىم، قانچىنچى بولۇپ مەيدانغا چىقىشىم،

رەقىبىم ئاۋۋال تاللامدۇ ياكى مەنمۇ، بۇنداق ئىشلاردا پەقەتلا تالىشىپ ئولتۇرمىغانىدىم. ئەمما مېنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلگەن چاغدا، پەقەتلا راھەت بولالمىدىم.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى مەيلى مەزمۇن، كەسىپ يۆنىلىشى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى قىيىنلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە! سۆزلەيدىغان مەزمۇن پەقەتلا ئوخشىمايدىغان تۇرسا، قانداق مۇسابىقىلەشكۈلۈك؟ چېكىنىپ كېتەي دېسەم، رەقىبىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندەك ئىش بولغۇدەك.

باھالىغۇچى ئوقۇتقۇچىلار مەندىن كەسكىن رىقابەتلىشىشنى، پىروگراممىنىڭ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن رەقىبىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغان ھەيۋەتلىك سۆزلەرنى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. مېنىڭ رەقىبىم ئالتە يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، مەيدانغا چۈشۈپلا چوقۇم غەلىبە قىلىمەن، رەقىبىم ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنى يەڭمەي قويمايمەن دەپ شوئار توۋلىغىلى تۇرغانىدى. لېكىن، مەن ئۇنداق گەپلەرنى دېيەلمىدىم.

كۆپچىلىكنى بېلەت تاشلاشقا دەۋەت قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كەلگەن چاغدا، بۇ ئايال ئوقۇتقۇچى يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق مۇسابىقىگە قاتنىشىپ باقمىغانلىقى، بىرىنچى قېتىم تېلېۋىزورغا چىقىشى ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلىدى. مەن

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمدە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان كىچىك باللار ئىكەن، ئەگەر مەن يېڭىۋالسام، ئۇلارنىڭ بىغۇبار قەلبىدە چوقۇم جاراھەت ئىزى قېلىشى، بۇ مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدىكى نوپۇزىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ مېنىڭ گۇناھ قىلغىنىم ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇنداق ئىككىلىنىش ئىچىدە قېلىپ، ماڭا بېلەت تاشلاشقا دەۋەت قىلىشتىن ۋاز كەچتىم، مۇسابىقىدىمۇ ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

نۇرغۇن قېتىملىق مۇسابىقىلەر ماڭا مۇرەسسە قىلىشنى، زۆرۈر نەرسىلەرنى ئەڭ ئاساسىي سىزىقتىن چۈشۈرۈۋەتمەي ساقلاپ قېلىشنى ئۆگەتتى. يېڭىش - يېڭىلىش يەنىلا مۇھىم، ئەمما ھايات ھەرگىزمۇ نوقۇل بىرلا قائىدە بېكىتىلگەن، تاق ئۆلچەملىك مۇسابىقە ئەمەس.

دۇنياغا قاراپ بىر قەدەم باسساق، دۇنيامۇ بىزگە بىر قەدەم يېقىنلىشىدۇ.

CHAPTER 7

يەتتىنچى باب

# بىزدىن مۇنەۋۋەر ئادەملەر بىزدىنمۇ بەكرەك تىرىشىدۇ

*دۆڭگە قاراپ ماڭغاندا، ھەربىر قەدەمنى شۇنچىلىك تەستە ئالىسىز، ئەمما ئالغا ماڭماقتىن باشقا تاللىشىڭىز يوق.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سىز چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدا، باشقىلار تىرىشىۋاتقان بولىدۇ

سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، نەزىرى ئۇستۇن ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولىدىغان ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس. قارىماققا تولىمۇ ئاددىي كۆرۈنىدىغان، ئەمما مېنىڭ ئۈسمۈرلۈك ئەسلىمىلىرىمدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بىر مۇئەللىم بار.

مېنىڭ ئانا مەكتىپىم ئۇرۇمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ شەھەر مەركىزىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان، يەر كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، نامى خېلى يىراقلارغا تارالغان.

سەھەر، تاڭ قۇياشى مەكتەپ هويلىسىنى ئەمدىلا يورۇتۇشقا باشلىغان چاغدا، مەكتەپ هويلىسىدا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما مەيدان تەرەپتىن ۋاسكېتبولنىڭ پوكىلداپ يەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇچىسىغا پاكىز، ئەمما تولا يۇيۇپ ئۆڭۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان تەنھەرىكەت كىيىمى كىيگەن، بويى 180 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ئەر ئوقۇتقۇچى - مېنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچۇم چىن مۇئەللىم. مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ يېشى 50 كە بېرىپ قالغان بولۇپ، ماڭا دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى هېسابلىناتتى. چىن مۇئەللىم بۇ مەكتەپكە ئىشقا چۈشكەن 20 يىلدىن بېرى تازىلىقچى ھەدەشتىنمۇ سەھەر كېلىدىغان

ئادىتىمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن.

چىن مۇئەللىم بىر سائەتتىن كېيىن سىنىپتا پەيدا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇچىسىغا قېتىپ تۇرىدىغان كاستۇم - بۇرۇلكا، بەتىنىكە كىيگەن بولۇپ، مۇنبەرگە چىقىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قارىغان چاغدا، ئەنگلىيەنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاپ قالاتتى، ھەتتا ۋۇجۇدىدىن چىقىپ تۇرىدىغان مەغرۇرلۇقمۇ دەل ئوخشايتتى.

— ساۋاقداشلار، ياخشى ئوقۇش - ئوقۇماسلىقىڭلارنىڭ مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. مەن دەرس بېرىۋاتقىلى 20 يىل بولدى، سىلەرنىڭ نەتىجەڭلەر ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار، خارۋارد، ياكى... شۇ نەرسە كاللاڭلاردا ئېنىق بولسۇنكى، سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ مەن ئۇچۇن ئوقۇپ بەرمەيسىلەر، — بۇ مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى خېلى يۇقىرى ئىكەن دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — بىلىشىڭلار كېرەككى، تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا قىلىپ بولدۇڭلار. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ، ئاتا - ئانام ئۈچۈن ئوقۇيمەن، مۇئەللىم ئۈچۈن ئوقۇيمەن دەپ ئويلىغان بولساڭلار، تولىمۇ گۆدەكلىك بولىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇن، ھازىردىن باشلاپ سىلەر پەقەت بىرلا ئادەم ئۈچۈن ئوقۇيسىلەر، بۇ دەل ئۆزۈڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپ، دوسكىغا بۇرۇلدى، ئاندىن سىزغۇچ ۋە سىركۇل ئىشلەتمەي تۇرۇپلا ئۆلچەملىك بىر دانە كوردىنات سىستېمىسى ۋە يۇپيۇمىلاق بىر دانە چەمبەر سىزدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تۇنجى سائەتلىك ماتېماتىكا دەرسى ئەنە شۇنداق باشلاندى، قايسى مەزمۇننى سۆزلىگىنى ئېسىمدە

قالماپتۇ، ئەمما مۇئەللىمنىڭ شۇ چاغدىكى سالاپىتى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

چىن مۇئەللىمنى مەكتىپىمىزدىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار، قىز ساۋاقداشلار ھەممىسى بەك چوڭ بىلەتتى. ئەمما، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، ئىززەت - ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشنى سادىر قىلغان ئەمەس. ئۇ ھەمىشە ئەنە شۇنداق سالماق، ئەستايىدىل ھالىتىنى ساقلايتتى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئارام ۋاقىتلىرىدا يا قارت ئوينايتتى، يا گازىر چاققاچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، چىن مۇئەللىم يەنىلا باش چۆكۈرۈپ ئوقۇتۇش نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بولاتتى. ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىگەندىن باشقا، ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇراتتى، كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىللارنىڭ ئىزنالىرىنى ئانچە كۆپ تاپقىلى بولمايتتى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ماتېماتىكا دەرسىدە چىن مۇئەللىم ئىمتىھاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بىزگە مېھرىبانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «باللىرىم، ھاياتلىق مۇساپەڭلارنىڭ يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. ھايات بىر ئۇزۇن سەپەر. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قەيەردە، نېمە ئىش قىلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىڭلار بىلەن ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چوقۇم ئېسىڭلاردا بولسۇن، يۈكسەكلىك ئىزدىگەنلەر نورمال نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئوتتۇرا ھال غايە ئۇچۇن كۈرەش قىلغانلار تۆرمۇشقا ئېرىشىدۇ، ئاددەتتىكى غايە بىلەن ياشىغانلار ھېچ نەرسىگە



www.uyghurkitap.com

ئېرىشەلمەيدۇ».

ئۇزاق ئۆتمەي يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، تېخىمۇ كەڭ بىر دۇنياغا قەدەم باستىم، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئىنسانلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇتۇق قازاندى دەپ قارالغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى دىققەتنى تارتىدىغان رەڭدارلىقنى سېلىشتۇرغاندا، چىن مۇئەللىم تولىمۇ ئاددىي بىر ئىنسان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما تۇرمۇش ئەسلىدىنلا ئاددىي، ئەگەر ئادەم ئاددىيلىق ئىچىدە يۈكسەكلىككە يېتىش ئۈچۈن ياشايدۇ دېيىلسە، چىن مۇئەللىم شۇنداق قىلالىدى.

ئادەم هاياتلا بولىدىكەن، ئالغا ئىنتىلىشى، هەرقانداق شارائىتتىمۇ غايىسىدىن ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك. بۇ چىن مۇئەللىمنىڭ ئەمەلىيىتىدىن هېس قىلغانلىرىم. بەزىلەر بىر ئەر كىشىنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىككى بەلگىسى بار، بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان چېچى بىلەن بارغانچە ساڭگىلاپ كېتىۋاتقان قورسىقى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەمدى ياشاپ بولغاندەك هېس قىلىشقا باشلىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆزگەرتىشتىن، ئۆگىنىشتىن، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ۋاز كەچكەن چاغدىلا، بىر ئادەم هەقىقىي قېرىشقا باشلايدۇ.

چوڭ بولۇپ، «هايات تۇرۇپ ئۆلۈكتەك ياشاۋاتقان» نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار ماڭا «ئۆلۈكتەك مېڭىپ يۈرۈش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىنىڭمۇ بارلىقىنى هېس قىلدۇردى. كىشىلەر دائىم دەيدىغان «تەقدىرگە تەن بەرمەك» ياكى «قانائەتچان بولماق» بەلكىم شۇدۇر.

تەلىيىمگە ئەتراپىمدا «قىرانلىق دەۋرىنىڭ ۋاقىتسىز كېتىپ قېلىشى» غا تەن بەرمەيدىغان، توختىماي تىرىشىپ يۈرۈپ، يۈكسەكلىكنىڭ بىر پەللىسىنى يارىتىدىغان ئادەملەر

بار ئىكەن. مەسىلەن، يېڭىش - يېڭىلىشتىن قەتئىينەزەر، باش چۆكۈرۈپ تېلېفون تەتقىق قىلىندىغان لو يوقىتاۋ، «يېڭى سەرخىللار» نى قوزۇپ چىقىپ، سانسىزلىغان ئادەملەرگە ئۈمىد بېغىشلىغان گۇ دىيەن، ئۇلار ئىلگىرى «يېڭى شەرق»نىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. ئۆز ساھەسىدە پەخىرلەنگۈدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەنە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدا داۋاملىق كۈرەش قىلدى.

مەن «يېڭى شەرق»تە ئىشلەۋاتقىلى بەش يىل بولدى. بۇنداق بىر چوڭ شىركەتتە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ناتىقلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن، يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىم بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كۆپرەك نېسىپ بولدى.

بىر قېتىم يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىم بىلەن لەنجوۋغا لېكسىيە سۆزلەشكە ماڭدۇق، ئولتۇرغىنىمىز سەھەرنىڭ ئايروپىلانى ئىدى. ئايروپىلانغا چىققان چاغدا، ھەممەيلەن خېلىلا روھلۇق ئىدۇق. بىرەيلەن كومپيۇتېرنى ئېچىپ، خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. بىز ئازدىن كېيىن، بەزىلەر ئۇخلاپ قالدى، مەنمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، مۈزىكا تىڭشىغاچ ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم. چۈنكى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، بىرقانچە مەيدان لېكسىيە سۆزلەيدىغان گەپ، لېكسىيە سۆزلىگەندە روھلۇق تۇرمىساق بولمايتتى. كۆزۈمگە ئۇيقۇ يۇگۇردى، يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىم كومپيۇتېردا بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئويغانسام، مۇئەللىم ھۆججەت كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى يازاتتى.

ئىككى يىلدىن بېرى، خارۋارد، يالې قاتارلىق داڭلىق

مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر تور دەرسخانىسى — MOOC نى قۇرۇپ چىقىپ، ھەقسىز دەرس بىلەن تەمىنلەۋاتقانىدى. بۇ سىستېما نۆۋەتتە تەجرىبە باسقۇچىدا بولۇپ، دۆلىتىمىزدە بۇنى كەڭ كۆلەملىك سىناق باسقۇچىغا ئېلىپ كىرگەن مەكتەپ تېخى يوق ئىدى.

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم سىلكىنىپ تۇرىدىغان ماشىنىدا كېتىۋېتىپمۇ، بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، توردىن MOOC غا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاندىن مېنىڭ MOOC قا قانداق قارايدىغانلىقىمنى سورىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىنى دېگەندىن كېيىن ئاندىن يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم مۇنداق دېدى: «يېڭى شەرق» قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ئەڭ مۇھىم ئىدى، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مائارىپ ئاپپاراتىغا ئايلاندى. ئەمدى ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەيدىغان باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ھازىرقى باسقۇچتا، مۇھىم نۇقتىنى مائارىپنىڭ ئۆزىگە قارىتىشىمىز كېرەك. ئەلا ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى كۆپچىلىككە ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىش ئارزۇيۇم بار.

بۇلتۇر قىشتا قار تېيىلغىلى چىقىپ، يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتىنى سۇندۇرۇۋېلىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. پۇتى ساقىيىشتىن بۇرۇنقى بىرقانچە ئاي داۋامىدا، «يېڭى شەرق»نىڭ مۇھىم يىغىنلىرىدا ۋە باشقا مۇھىم خىزمەتلىرىدە بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ كەلمەي قويغىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ تېخى خۇشال بولغان ھالدا، ئەمدى ياخشى بولدى، مۇشۇ پۇرسەتتە زۆرۈرىيىتى بولمىغان سودا - تىجارەت

پائالىيەتلىرىدىن قوتۇلۇپ، پۈتۈن دىققىتىمنى مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتالايدىغان بولدۇم، دېدى.

نۇرغۇن كىشىلەر يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم 20 نەچچە يىل تىرىشىپ، «يېڭى شەرق»نىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرىنى ياراتتى، ئەمدى تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان ۋاقتى كەلدى دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن بىر قەدەممۇ توختاپ قالغىنى يوق. ھەر كۈنى سەھەر سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇرىدۇ، كەچ سائەت 12 دە ئۇخلايدۇ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 سائەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلىدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇ ھېلىھەم تىرىشماقتا، ئىزدەنمەكتە.

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇتۇق قازىنىش ۋە بەختكە ئېرىشىش ئۇنىڭ ھاياتلىق نىشانى ئەمەس، ئۇ تېخىمۇ ياخشىسى ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق، ئەڭ ياخشىسى يوق، تېخىمۇ ياخشىسىلا بار.

بىزدىنمۇ قالتىس ئادەملەر توختىماي تىرىشىۋاتقان يەردە، قالتىسلىقنىڭ چېكى بولمىغان يەردە، بىز نېمىشقا توختاپ قالغۇدەكمىز؟

# «يامان ئەمەس» تىن «بەك يامان» غىچە

فىتىسگرالىنىڭ «قالتىس گېتسبىر» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق بىر گەپ بار: ھايات ئېقىنىغا قارشى كېتىۋاتقان قولۋاققا ئوخشايدۇ، قولۋاق ئىلگىرىلەشتىن توختاپلا قالسا، سۇ ئۇنى (كەينىگە) ئېقىتىپ كېتىدۇ.

ھاياتلىقتىكى بۇنداق ئاجىزلىق تۇيغۇسىنى ھەممە ئادەم ھېس قىلىپ باققان. ھەرقانچە جاسارەتلىك ئادەمنىڭمۇ ھېرىپ قالىدىغان، بىرەر كۈن ئارام ئالغۇسى كېلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.

بەزىلەر ئارام ئېلىۋېلىپ، داۋاملىق ماڭىدۇ. بەزىلەر شۇ پېتى توختاپ قالىدۇ، مۇشۇنداق ياشىسىمۇ بولىدىكەنغۇ دەپ ئويلايدۇ.

خۇشىنىڭ «يامان ئەمەس ئەپەندى» ناملىق ئەسىرىنى كۆپىنچىمىز ئوقۇغان.

بۇ ئادەم تىلغا ئېلىنسا، بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ ئىسمى «يامان»، فامىلىسى «ئەمەس»، ھەممە ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلاردا بار. ئۇنى سىزمۇ چوقۇم كۆرگەن، گېپىنى ئاڭلىغان. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەكىلى.

ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقى سىز ۋە بىزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر جۈپ كۆزى بار، ئانچە ئېنىق كۆرەلمەيدۇ؛ بىر جۈپ قۇلىقى بار، ئانچە ئېنىق ئاڭلىيالمايدۇ؛ بۇرنى ۋە ئېغىزى بار،

www.uyghurkitap.com

ئەمما پۇراققا، تەمگە ئۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. كاللىسىمۇ كىچىك ئەمەس، ئەمما ئەستە ياخشى ساقلىيالمايدۇ، تەپەككۇرىمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس.

ئۇ دائىم «يامان ئەمەس بولسىلا بولمىدىمۇ، ئۇنچە قىلىپ نېمە كەپتۇ» دەيدۇ.

كىچىك ۋاقتىدا، ئانىسى ئۇنى دۇكانغا قارا شېكەر سېتىۋېلىشقا بۇيرۇسا، ئۇ ئاق شېكەر ئېلىپ كىرەتتى. ئانىسى خاپا بولۇپ تىللىسا، «ئاق شېكەرمۇ يامان ئەمەسقۇ» دەيتتى.

مەكتەپتە مۇئەللىم ئۇنىڭدىن، ئۆلكە ئىسمىنى سورىسا، «سەنشى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، ئوقۇتقۇچى «خاتا، سەنشى ئەمەس، شەنشى» دېسە، «سەنشى بىلەن شەنشىنىڭ چوڭ پەرقى يوق، ئۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپتۇ.

ئۇ ھەتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدىمۇ، «ھايات ئادەممۇ ئادەم، ئۆلگەن ئادەممۇ ئادەم، چوڭ پەرقى يوق... يامان ئەمەس بولسىلا بولدى» دەپتۇ.

«يامان ئەمەس ئەپەندى» تۇرمۇشتا ئاسانلا قانائەتلىنىپ قالىدىغان، ھەممە ئىشنىڭ يامان ئەمەس بولۇشىنى تەكىتلەپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن، تېخىمۇ ياخشىلاشتىن ۋاز كېچىدىغان ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن.

بىرازىلىيە ئىلگىرى پۇتبولچىلىقتا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۈكسەك پەللە ياراتقانىدى. 2002 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 0:2 نەتىجە بىلەن يەنە بىر قېتىم

چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرازىلىيە كوماندىسى ئۆزىگە زىيادە تەمەننا قويۇپ، ياۋروپانىڭ كۈچلۈك كوماندىلىرىدىن ئۆگىنىشكە سەل قارىدى، بىزنىڭ پۇتبول ماھارىتىمىز ياخشى، بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، مەشىق قىلىشقا، ياش پۇتبولچىلارنى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلمىدى.

2014 - يىللىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنى بىرازىلىيە كوماندىسى بىلەن گېرمانىيە كوماندىسى ئوينىدى. بىرازىلىيە كوماندىسى ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ھالدا مەيدانغا چۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا يادرولۇق ئەزاسى - نېيماردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، مەيداندا ئەمەلىيەتتە «ئامانلىق ساقلىغۇچى»، «شەھەر باشقۇرغۇچى»، «تازىلىق ئىشچىلىرى»لا قالدى. ئەمما گېرمانىيە كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى بولسا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان ياش چولپانلار ئىدى.

مۇسابىقە باشلاندى. يېرىم مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلاشقان چاغدا، بىرازىلىيە كوماندىسى ئاللىبۇرۇن بەش توپ يەپ بولغانىدى. كېيىنكى يېرىم مەيداندا، گېرمان ياشلىرى قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىن، يەنە ئىككى توپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئاخىردا بىرازىلىيە كوماندىسى 1:7 نەتىجە بىلەن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۇتتۇرۇۋەتتى. مۇسابىقىدىن كېيىن خەن چياۋشىڭ باھا بېرىپ، «بۇ بىر مەيدان قىرغىنچىلىققا ئوخشاپ قالدى، بىرازىلىيە ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى» دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىرازىلىيە بىلەن گوللاندىيە 3 - چىلىكنى تالاشتى. بۇ مۇسابىقىدىمۇ بىرازىلىيە كوماندىسى

0:3 نەتىجە بىلەن گوللاندىيەگە ئۇتتۇرۇپ قويدى. بىر چاغلاردىكى پۇتبول پادىشاھلىقى ھالا بۈگۈنگە كېلىپ، باشقا كوماندىلار خالىغانچە توپ ئۇرۇپ ئوينايدىغان «بوزەك» كوماندىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھايات ئېقىنىغا قارشى مېڭىۋاتقان قولۋاققا ئوخشايدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەپ تۇرمىسىڭىز، كەينىگە ئېقىپ كېتىسىز. مەيلى قانچە كېچە - كۈندۈز تىرىشقان بولۇڭ، ناۋادا توختاپلا قالسىڭىز، ئەسلىي ئورنىڭىزغا قايتىپ قالىسىز، ھەتتا مەڭگۈ قايتا باش كۆتۈرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

مەن ناھايىتى ئاسانلا سەمرىپ كېتىدىغان ئادەملەر تىپىغا كىرىمەن، تاماقنى باشقىلاردىن كۆپ يېمىگەن تەقدىردىمۇ. ناۋادا چېنىقىپ، ئۆزۈمنى تاماقتىن تارتىپ تۇرمىسام، بىرقانچە كۈندىلا بىرنەچچە كىلوگىرام سەمرىپ كېتىمەن. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن چاغدا، ئېغىرلىقىم 90 كىلوگىرامدىن ئاشاتتى. كېيىن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نۇرغۇن جاپا تارتىپ، ئاران دېگەندە ئۆزۈم خېلى رازى بولىدىغان ھالەتكە كەلدىم. ئەمما، ئازراقلا بوشىشىپ قالسام، پەقەت ئون كۈن ئىچىدىلا، توپقا يەل ئۇرغاندەك سەمرىپ كېتىمەن. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. مەن ئادەتتە بېيجىڭدا تۇرىدىغان بولغاچقا ھەرھالدا دىققەت قىلىمەن، ئەمما ئۆيگە قايتسام كونترول قىلالمايمەن.

جۇڭگولۇق ئانىلارنىڭ نۇرغۇن ئورتاق تەرەپلىرى بار، بالىسىنىڭ قورسىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشمۇ شۇ ئورتاقلىقلارنىڭ بىرى. دائىم سىرتلاردا يۈرىدىغان بالىسى ئۆيگە قايتىپ بارغان ھامان، «بالام، يەنە ئورۇقلاپ كېتىپسەنغۇ، سىرتتا يۈرۈپ جاپا

تارتىپ كەتكەن ئوخشايسەن، ساڭا ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ بېرەي» دەيدۇ ـ دە، سىز ئەڭ ئامراق تاماقلارنى ئەتكىلى تۇرسا، ئانىڭىزنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ئوخشىغان تاماقلارنىڭ ئىشتىھايىڭىزنى غىدىقلىشى بىلەن، ئۆزىڭىزنى كونترول قىلالماي قالىسىز.

بۆلتۈر چاغان مەزگىلىدە يۇرتقا قايتىپ، ھەر كۈنى ئانام ئېتىپ بەرگەن توخۇ گۆشى قوردىقى دېگەندەك تاماقلارنى يەپ، بېيجىڭدا ھەر كۈنى چېنىقىش زالىغا بېرىپ، مىڭبىر جاپادا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى يېرىم ئايدىلا يوققا چىقاردىم.

بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەلۇم بىر مەھسۇلاتنىڭ ئېلانىغا چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئىلگىرى خېلى ئورۇق ۋاقتىمدا، ئانچە ـ مۇنچە گىرىم قىلىپ قويسىلا، ئېكرانغا خېلى چىرايلىق چىقاتتىم. بۇ قېتىم گىرىم ۋە سۈرەتكە ئېلىش تېخنىكىسىغا خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، سېمىزلىكىم يەنىلا چېنىپ قالدى. ئېلاننى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، سۈرەتنى بىر دوستۇمغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم، ئۇ قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماستىن، «بۇ ئېلانغا چىققان ئادەم راستتىنلا سەنمۇ، ئالدىن دەپ قويمىغان بولساڭ، ھەرگىز تونۇيالماس ئىكەنمەن، يېرىم ئاي كۆرمىسەملا نېمانچە سەمرىپ كەتتىڭ؟» دېدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان ئورۇقلاش جېڭى جەريانىدا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ناۋادا توختاپلا قالسىڭىز، پاجىئەلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىكەن. بەزى ئادەملەر ئورۇقلايمەن دەپ، بىر ئاي تەرخەمەك، يېرىم ئاي ئالما يەپ، نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ، ئاخىردا يەنىلا ئۆزىنى تۇتالماي، كېنتاكىيغا كىرىپ بىر ئىككى قېتىم قورساقنى چىڭداپ چىقىپلا، تارتقان جاپاسىنى

www.uyghurkitap.com

يوققا چىقىرىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى پەلەمپەيگە ئوخشىتىدۇ، مېنىڭ قارىشىمچە، مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ مېڭىش پەلەمپەيگە قارىغاندا دۆڭگە قاراپ ماڭغان چاقىسىمان دىسكىغا بەكرەك ئوخشايدۇ، توختاپلا قالسىڭىز، كەينىڭىزگە دومىلايسىز.

تاغقا ياماشقاندا، ئالدىڭىزغا قارىسىڭىز داۋاملىق يۇقىرىغا ئۆرلەيسىز؛ ئەگەر ھەمىشە پەسكە قاراپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

دۆڭگە قاراپ ماڭغاندا، ھەربىر قەدەمنى شۇنچىلىك تەستە ئالىسىز، ئەمما ئالغا ماڭماقتىن باشقا تاللىشىڭىز يوق.

# تاشپاقىنىڭ تاۋلىنىشى ھەققىدە

*ئىككىمىزنىڭ پەرقى چوڭ، مېنىڭ بالىلىقىمدا ئويۇنچۇق يوق، تەبىئەتنىڭ لاي ـ لاتقىلىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرى بار ئىدى. مەن پەقەت كىتاب ئوقۇپ كاللامنى ئارام ئالدۇراتتىم، كومپيۇتېر، مۇزىكا، تور ئويۇنلىرى يوق ئىدى. مېنىڭ تەتىلىمدە باغچىلار، ئوينايدىغان بالىلار يوق ئىدى، مەن ئېتىزدا ئىشلەيتتىم.*

بۇ پارچە بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا خېلى غۇلغۇلا قوزغىغان بىر يازمىدىن ئېلىنغان. يازمىنىڭ ماۋزۇسى: «سەن بىلەن قەھۋە ئىچكۈدەك بولۇش ئۈچۈن 18 يىل ۋاقىت كەتتى». يازما ئاپتورى خورسىنغان ھالدا: «ئادىللىق نىسپىي، ئادالەتسىزلىك مۇتلەق بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

بۇ گەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان، بۇ دۇنيادا ئەزەلدىن ئادىللىق مەۋجۇت ئەمەس، نۇرغۇن ئادەملەر ئېغى يۈگۈرمەي تۇرۇپلا كەينىدە قالغان.

توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە، تاشپاقا مەڭگۈ يېڭەلمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ تەقدىرى تۇغۇلۇشىدىنلا ئاشۇ مىس ـ مىس تاشپاقىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايدۇ، يۈگۈرۈشكە تەمشەلگەن ۋاقتىمىزدا، باشقىلارنىڭ ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەن قارىسىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېئاللىقتىكى توشقانلار

ئاسانلىقچە توختاپ ئارام ئالمايدۇ، ئۇخلاپ قالمايدۇ، بىردەم ئويىنىۋالاي دېمەيدۇ، توختىماي يۈگۈرىدۇ، يەنە كېلىپ، يۈگۈرۈش ئايىغىنىڭ ياخشىسىنى كىيىۋالغان.

تولۇقسىزنىمۇ، تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، ئەڭ ياخشى مەكتەپكە ئۆتتۈم. ئۆگىنىش بىلەن توپ تېپىشنى، گىتار چېلىشنى تەڭ ئېلىپ ماڭغان، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ نەتىجە ئالغان بولغاچقا، مەكتەپتە خېلى نامىم بار ئىدى، ئۆزۈمنى بەك مۇنەۋۋەر ھېسابلايتتىم. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن، رېئاللىقنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى دۇنياغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. ياتاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەلىيۇلئەلالىرى، ئەلاچىلىرى، باشقىلارنىڭ ئەتىۋارلىق ياخشى بالىلىرى ئىدى. سىنىپقا كىرىپ، خالىغان بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىسىڭىز، يا ماتېماتىكا، يا فىزىكا، يا خىمىيە مۇسابىقىلىرىدە ئالتۇن مېدال ئالغانلار بولۇپ چىقاتتى.

تۇنجى سائەتلىك كومپيۇتېر دەرسىدە، دەرھال كىتابنى ئېچىپ، ئۆتىلىدىغان مەزمۇنلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم، بىرىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئىخلاس بىلەن مۇئەللىمگە تەلمۈردۈم، ئۇنىڭ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى كۈتتۈم. مۇئەللىم كىتابقا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، «بۇنچىلىك نەرسىلەرنى تولۇق ئوتتۇرىدا ئۆگىتىپ بولىدۇ، يەنە سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار» دېدى. دەرھال ئۇڭ - سولىمغا قارىسام، ھەممىسى بېشىنى لىڭشىتقىلى تۇرۇپتۇ. ئامالسىز ھەيرانلىقىمنى يىغىشتۇرۇپ، دەرستىن چۈشكەندە ئۆگىنىۋالماقچى بولدۇم. باشتا ساۋاقداشلىرىمنى بىلمەي تۇرۇپ، بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى دەپ

ئويلىغانىدىم. كېيىن بىلسەم، ئۇلار راستتىنلا بىلىدىكەن. تېخى ئارىمىزدىكى بىرەيلەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، خەلقئارالىق كومپيۇتېر مۇسابىقىسىدە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، مۇئەللىم سۆزلىگەن نەرسىلەرنى ئاللىبۇرۇن پىششىق ئۆگىنىپ بولغانىكەن.

ئىككى ئايلىق ئىجتىھاتتىن كېيىن، دۆلەت بايرىمى يېتىپ كەلدى، بايرامدا ساق 10 كۈن ئارام ئالاتتۇق. كۆڭلۈمدە بۇ ئەلاچى «توشقانلار» قانداقلا بولمىسۇن ئارام ئالار، ھەرھالدا مەندەك بىر تاشپاقىغا دەرس تولۇقلىۋالىدىغان پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىدىم. ئون كۈنلۈك ئارامنىڭ تۇنجى كۈنى، قارىسام ھېچقايسىسى ياتاقتىن چىقماي تەكرار قىلغىلى تۇردى. ئەستاغپۇرۇللا، ئاخشاملىققىغۇ ئارام ئالار، ھېچبولمىغاندا بىر دەم بولسىمۇ ئوينىغىلى چىقار دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ئۇلار كەچتىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنىش قىلدى.

بەكلا جىلە بولدۇم، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى بۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە، كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي ئۆگەنسەممۇ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشىم تەس بولاتتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز تىلى ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئامېرىكا ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇيدىغان كىرىستىن بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. ئۇ ئالتە خىل تىل بىلىدىغان بولۇپ، بىلگەندىمۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرغۇدەك

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە بىلىدىكەن. تېخى تەتىل مەزگىلىدە كېيىنكىگە بېرىپ، پىدائىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەرس ئۆتىدىكەن. ئۇ ئوچۇق مىجەزلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئۆزىمۇ كەمتەر ئىكەن. مەن ئۆزۈمچە ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى، يەنە ئانا تىلىم ئۇيغۇر تىلىنى بىلىمەن دەپ ئۆزۈمگە خېلى تەمەننا قوياتتىم. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

تىل ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە بەك ئاسان، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسەڭلا، ئالتە خىل تىلنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالىسەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يەنە جاپالىق ئۆگىنىپ نىمە كەپتۇ، تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلساڭ، نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىسەن. GPA ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باھالايدىغان ئۆلچەم بولالمايدۇ، پەقەت مۇئەللىمىنىڭ سۇرئىتىگە ئەگىشىپ، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويساڭلا، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش، ماقالە ئېلان قىلدۇرۇش دېگەنلەرمۇ تەس ئەمەس.

ئۇنىڭ گەپلىرى قانداقلا ئاڭلىسام ئۆزىنى ماختاۋاتقاندەك بىلىندى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى كەمتەرلىكتە چېكىگە يەتكەن دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنۇم ھەقىقەتەن بەكلا تۆۋەن قاتلامدا ئىكەنتۇق.

بۇنداق ئادەملەرنى ئۇچراتقان چاغدا، دەسلەپتە كۆپىنچىمىز ئاسانلا ئۇمىدسىزلىنىپ قېلىشىمىز، ھەرقانچە تىرىشسامۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپ بولالمايمەن، بولدىلا، مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرەي دېگەنلەرنى ئويلىشىمىز مۇمكىن. باشتا مەنمۇ شۇنداق تۇيغۇدا بولدۇم، لېكىن قەلبىمنىڭ قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقان بىر ئاۋاز تىرىشىپ باققىن، تېخىمۇ تىرىشقىن، ئەجەبا مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەمسەن دەيتتى.

شۇنداق، ھۇرۇنلۇق بىلەن يېتىۋېلىشنى تاللىساقمۇ بولىدۇ: بەربىر مېنىڭ ئاساسىم ياخشى ئەمەس، بەربىر مېنىڭ ئائىلە شارائىتىم باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ...

ئىزدىنىشىڭىز باھانە تېپىلىدۇ. ئەمما، ھېچكىم سىزگە قاراپ قويمايدۇ، ئۇلار ئالغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. باشقىلار كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان چاغدا، سىز قويماي يېتىۋەرسىڭىز، كېيىنكى ئۆمرىڭىز پۇشايمان يارىڭىزغا مەلھەم ئىزدەش بىلەن ئۆتۈشى مۇمكىن.

ئادەمگە ئەڭ قىيىن توختايدىغىنى ئۆز ئەمەلىيىتىنى قوبۇل قىلىش. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىتا، توگىنىڭ پوزىتسىيەسىنى تۇتىدۇ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرمەسكە سالىدۇ.

«يېڭى شەرق»تە توفىل دەرسى بەرگەن ۋاقتىمدا، مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىرىنچى بولۇپ ئالدىنقى يىللارنىڭ ھەقىقىي ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئىشلەتكۈزەتتىم. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەۋىيەسىنى بىلىۋالىدۇ.

ئادەتتە، ئامېرىكا مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن توفىل نەتىجىسى 110 غا يېتىشى كېرەك. ئېغىز تىلى تۈرىدە 24 تىن ئاشۇرالىغان چاغدىلا، ياخشى مەكتەپكە ئۆتكىلى بولىدۇ. كۆپ قىسىم جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشنى باشلىغان چاغدا، ئېغىز تىلى قىسمىدا ئاران 14 نومۇر ئالىدۇ. ئارىلىقتىكى بۇ زور پەرق پىسخىكىسى ئاجىزراق ئوقۇغۇچىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىراقلا زەربە يەپ كېتىپ، ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋۋال دەرس ئۆتىدۇ،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسى مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، ھەقىقىي سوئال ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، كۆزلىگەن نىشاندىن قانچىلىك يىراقلىقىنى، قارشى قىرغاقتا چىقىش ئۈچۈن زادى قانچىلىك تىرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

ئەڭ زور غەيرەت ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ قوغلاپ يېتىشكە جۈرئەت قىلمىشتىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

رىئاللىق رەھىمسىز بولىدۇ، ئائىلە شارائىتىمىز سەۋەبلىك ئاساسىمىز بەكلا تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بۇنداق تەبىقە پەرقىنى يوقىتىش ھەقىقەتەن تەس، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەپ قويىدۇ.

بۇ دۇنيادا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنىڭ، ئۆزىدىن ۋاز كېچىشنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ئاشكارا باھانىسى بولماس.

«يېڭى شەرق»قە يېڭى كىرگەن ۋاقتىمدا، مەندىن بۇرۇن كىرگەن تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، باشقىلارغا قارىغاندا ھەسسىلەپ تىرىشىشىم كېرەك ئىدى. ئۆزۈمنى چېنىقتۇرۇش مەقسىتىدە، پەقەت ۋاقتىم چىقسىلا، باشقا شەھەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە قالدۇرماي قاتناشتىم.

كەچتە بېيجىڭدا دەرس ئۆتۈپ بولۇپ، باشقا بىر شەھەردە ئەتىسى ئەتىگەندە سۆزلىنىدىغان لېكسىيەگە ئۈلگۈرۈپ بېرىپ بولۇش ئۈچۈن كېچىلەپ يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەتتا

بىر كۈندە ئۈچ شەھەردە لىكسىيە سۆزلەيدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بىر كۈندە بىر شەھەرنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شەھەر ئاتلاپ لېكسىيە سۆزلىگەن چاغلاردا، ئۇخلاشقا، ھەتتا تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقمايدۇ. يول ئۈستىدە يېرىم سائەت كۆز يۇمۇۋالىدىغان پۇرسەت بولسىلا، رازى بولۇپ كېتەتتۇق. ئەنە شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، 24 يېشىمدا «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ئەڭ ياش ناتىقىغا ئايلاندىم.

2013 - يىلى 9 - ئايدا، تۇنجى قېتىم «يېڭى شەرق» گۇرۇھىنىڭ ناتىقى سالاھىيىتى بىلەن خېفېيدا لېكسىيە سۆزلىدىم. شىركەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ناتىقلار دەرىجىسىگە قاراپ ئوخشاشمىغان ئۆلچەم بىلەن كۈتۈۋېلىناتتى. مەن تۇنجى قېتىمدا تۆت يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايغا ئورۇنلاشتىم. ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا، يۈرۈشلۈك ياتاقنىڭ ئېسىللىقى مېنى ھەيران قالدۇردى.

ياتاقتا بىر ھازا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم، مەينەت قىلىۋېتىشىمدىن، چىرايلىق رەتلەپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەرنى بۇزۇۋېتىشىمدىن ئەنسىرەپ، خېلىغىچە كارىۋاتتا ئولتۇرمىدىم.

بىردەمدىن كېيىن، كىرىسلودا ئولتۇرۇپ، پولغا تۇتاش دېرىزىدىن بىنا ئاستىدىكى ئاپتوموبىللار توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولغا نەزەر سالدىم. بىر چاغلاردا مەنمۇ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاشۇ ئالدىراش كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ئىدىم، نۇرغۇن قېتىم ئېگىز ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز بېشىمنى كۆتۈرۈپ

قارىغاندىم. قىممەت باھالىق مېھمانسارايلاردا بىرەر كېچە يېتىپ بېقىش ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان چاغلىرىممۇ بولغان. ھالا بۈگۈن، ئىچىدىن تېشىغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن.

بەلكىم بىز ھەممىمىز ئاشۇ مىس - مىس تاشپاقا. يۈگۈرمەي تۇرۇپلا ئارقىدا قالغان ئادەم، ئەمما ھېچبولمىغاندا، ئالدىمىزدا جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توشقانغا قاراپ، ئۈمىدسىزلەنمىدۇق، ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمىدۇق، ئارقىدا قالغىنىمىزنى بىلىمىز، يولنىڭ ئۇزاقلىقىنىمۇ بىلىمىز، تىرىشىپ باقايلى، يەنىمۇ تىرىشىپ باقايلى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تىرىشىشتىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ.

# توختاڭ ۋە يەنە مېڭىڭ

مەن ئۆزۈمنى خاسىيەتلىك ئادەم چاغلاپ يۈرگەنىكەنمەن.

كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا - ئانام مېنى ئۆيگە سولاپ قويسا، تور ئويۇنى ئوينىغىلى چىقىش ئۈچۈن، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن يامىشىپ چۈشەتتىم. شۇ چاغدا يىقىلىپ چۈشۈشنىڭ ئاقىۋىتىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئۆگىنىش قىلىشقا كەلگەندىمۇ، كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىمىساممۇ ھېچ نەرسە بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، ئارزۇيۇمدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن، كۈنىگە ئاران تۆت سائەت ئۇخلاشقا كۆنۈپ كەتكەنىدىم.

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، ۋۇجۇدۇمدا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان كۈچ باردەك بىلىنەتتى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، «يېڭى شەرق»تە يۈز تۇرا ئىمتىھان ئېلىشقا مەسئۇل بولدۇم. باشقىلار كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 ئادەمدىن ئىمتىھان ئالسا، مەن ئۆزۈمگە كۈنىگە 40 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇردۇم. ھەر كۈنى ئۇدا 8 سائەت ئىمتىھان ئالاتتىم، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىم ئاران 10 مىنۇت ئىدى. مەقسىتىم ناھايىتى ئېنىق، ئۆزۈم مەسئۇل بولغان تۈرنى تېخىمۇ كۆپرەك تەشۋىق قىلىش، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزۈمنىڭ گۇرۇپپىسىغا يىغىۋېلىش ئىدى. نەتىجىدە، مەن مەسئۇل بولغان تۈردە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى

بولدى.

ئۇدا بىر ھەپتە ئىمتىھان ئالغاندىن كېيىن، بەدىنىمدە مەسىلە كۆرۈلدى. باشتا بوشراق يۆتەلگەنىدىم. كېيىن بارغانچە ئېغىرلاپ، بىر ئېغىز گەپنىمۇ تولۇق دەپ بولالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. خىزمەتدىشىم مېنى سۆرەپ دېگۇدەك دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆپكەمدە يوغان بىر قارا داغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ، بەش كۈن ئاسما ئوكۇل ئاستۇرمىساڭ بولمايدۇ دېدى.

پەقەت شۇ چاغدا بىلدىمكى، مەن خاسىيەتلىك ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر ئەخمەق ئىكەنمەن.

شۇنداقتىمۇ ئارام ئالمىدىم، ئەتىگەن سائەت 9 دا ئىمتىھان بولغاچقا، سائەت 7 دە كېلىپ ئوكۇل ئۇرغۇزدۇم. كەچ سائەت 8 دە ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كېچىلەپ كېيىنكى كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەمما، بۇ ئىش تۈگىگەن ھامان ئارام ئېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق قىلىدۇ، ئاغرىپ يىقىلىپ قالمىغۇچە ئارام ئالمايدۇ.

«ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان چېغىڭدا، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش (ئۇزاققىچە كېچىلەپ ئىشلەش ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە باراۋەر)، ئۆز - ئۆزىگە بېسىم قىلىش، ئۆي ئېلىش، ماشىنا ئېلىش ئېھتىياجى... ھەممىسىنىڭ بىمەنە ئىشلىقىنى ھېس قىلىسەن. ئەگەر ۋاقتىڭ بولسا، بالاڭغا كۆپرەك ھەمراھ بول، ماشىنا ئالمەن دېگەن پۇلۇڭغا ئاتا - ئاناڭغا بىر جۈپ ئاياغ ئېلىپ بەر. يوغان ئۆيدە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ يۈرمە، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن كەپىدە ياشىساڭمۇ ئىللىق تۇيۇلىدۇ». 2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سەھەر

سائەت ئۆچتە، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش پىروفېسسورى بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان چاغدا، 70 نەچچە پارچە «راك كېسەللىكى خاتىرىسى» نى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇ خاتىرىدىن ئېلىنغان بۇ بىر ئابزاس مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

توردا يەنە بىر گۈزەل قىزنىڭ مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشىنىمۇ كۆرگەنىدىم:

«ئۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا جۇڭگو خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە شىركىتىدە ئىدى، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىمىباۋىي گۇرۇھىدا ئىشلەيتتى، 28 ياش، ئايال، ئوغۇل دوستى يوق. مائاشى يۇقىرى، خىزمەت بېسىمى يۇقىرى، تۇرمۇشى تەرتىپسىز، دائىم كېچە سائەت 10 غىچە ئىشلەيتتى، ئالدىراشلىقىدىن تاماق ئېتىپ يېگۈدەك ۋاقتى يوق، دائىم تەييار يېمەكلىك يەيتتى... ھەتتا تاللا بازىرىغا كىرىپ، خالتىلىق يېمەكلىك، قۇتىلىق ئىچىملىك دېگەندەك ھەر خىل كۆپلەپ خۇرۇچلار قوشۇلغان نەرسىلەرنى يەپ قورساق توقلايتتى. ئاقىۋەت ئاشقازان راكى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى».

مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىم ئىچىدە ئادەمنىڭ ھەۋەس قىلغۇسى كېلىدىغان سەرخىللارمۇ خېلى كۆپ. بەزىلىرى چەت ئەلدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى مەبلەغ سېلىش بانكىلىرىدا ئىشلەيدۇ. ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىلىرىمىز بەك ئاز. بىللە تاماق يېمەكچى بولۇپ قالساق، بەزىدە ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ، بەزىدە بىزنىڭ شىركەتنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپلا، ئاددىي غىزالار بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ غىزالىنىمىز. پاراڭ ئارىلىقىدا خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ۋايساپمۇ قويىمىز. بىر سائەت تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەرقايسىمىز خىزمەت ئورنىمىزغا يۈگۈرەيمىز.

ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ئاشقانچە، پىرامىدانىڭ چوققىسىغا

www.uyghurkitap.com

چىقىش ئارزۇسى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدىكەن. ئوخشاشلا شىركەتتە ئىشلەيدىغان ئادەم تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مائاشىمۇ، دەرىجىسىمۇ تېزلا ئۆسۈپ، ئايروپىلاننىڭ ئالاھىدە بولمىسا ئولتۇرۇپ دۇبەي، پارىژلارغا ئۇچۇپ يۈرسە، ئەسلىدە ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرمەيدىغان ئادەممۇ ماددىي مەنپەئەت ۋە مەرتىۋە ئېلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئېزىقىپ كېتىدىكەن.

تىرىشچان ئادەم مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ، ئەمما بەزى چاغلاردا بىرئاز توختىۋېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك.

ئىلگىرى نۇرغا ئوخشاش پىرقىراپلا يۈرەتتىم، توختاپلا قالسام، ئورنۇمنى باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن قورقاتتىم. شۇڭا، ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ھالدا بولسۇن، ئۆزۈمنى قامچە بىلەن توختىماي ساۋاپ تۇراتتىم.

ئەمما، ئايلىنىۋاتقان جىسىم ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى رىتىم، بىر مەھەل ئەسەبىيلەرچە پىرقىرىغان بىلەن، بىراقلا توختاپ قالىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن.

ئۆتكەن بىرقانچە يىل ئىچىدە لېكسىيە سۆزلەش ئۇچۇن شەھەرمۇ شەھەر چېپىپ يۈردۈم، پەقەت شەندۇڭغىلا 20 نەچچە قېتىم باردىم. بۇ جەرياندا باشقا جايلارنى ساياھەت قىلىشنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا جۇڭگونىڭ ئىچى - سىرتىغا مەشھۇر تەيشەن تېغىغىمۇ چىقىپ باقماپتىمەن. بولتۇر رىجاۋغا لېكسىيە سۆزلىگىلى بارغانىدىم. چۈشتىن بۇرۇن بىر مەيدان، چۈشتە بىر مەيدان سۆزلىدىم. ئۇ مەزمۇننى نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، خۇددى لېنتىغا ئېلىۋالغان نەرسىنى قويۇپ بېرىۋاتقان ئۈنئالغۇدەك، سۆزلەپ چىقىپتىمەن.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كۆزۈم تاماقتا بولغان بىلەن

كاللامدا ئەتىسى قىلىدىغان خىزمەتنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. بىر خىزمەتدىشىمنىڭ تەيشەن تېغىغا چىققان چاغدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەۋاتقىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. تۇيۇقسىز توختاپ قالدىم: مەنمۇ بىرەر قېتىم كۆزۈمنى يۇمۇپلا ساياھەتكە چىقىپ باقسام بولامدۇ؟

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتنىڭ پويىزىغا ئولتۇرۇپ، خاتىرە كومپيۇتېر ۋە بىر دۆۋە كىتابنى يۇدۇپ، كاستۇم - بۇرۇلكا، بەتىنگە كىيگەن ھالدا تاغقا چىقىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. تەيشەن تېغى ئېتىكىگە كەلگىنىمدە، كەچ سائەت 10 بولغانىدى. مەن تېخى باشقا ھېچكىم يوقمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن، ماڭا ئوخشاش كېچىدە تاغقا چىقىپ، قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆرىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىكەن. كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ، تاغ چوققىسىغا قاراپ ماڭدىم.

قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆرگەن چېغىمدا، قەلبىمدە ئىللىق بىر سېزىم ئويغاندى.

ئادەم مانا مۇشۇنداق گۈزەل دەقىقىلەر ئۈچۈن ياشايدۇ.

يېقىندىن بۇيان، ۋۇداۋكۇدا ئېچىلغان بىر چايخانىغا پات - پات بارىدىغان بولدۇم. ھەر قېتىم بىرقانچە سائەت جىمجىت ئولتۇرۇپ، باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماي، جىسمىمنى ۋە روھىمنى ئارام ئالدۇرىمەن، چاي ئىچكەچ تېپتىنچ ئولتۇرۇپ كىتابتىن بىرنى ئوقۇيمەن.

بىر چەينەك چاي دەملەپ قويۇپ، ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچىش مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئارام ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. يەدەن مۇئەللىمنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «茶» (چاي) دېگەن بۇ خەت «يوپۇرماق» (艹) بىلەن «ياغاچ» (木) ئوتتۇرىسىدىكى «ئادەم» (人) دىن تەركىب تاپقان، يەنى بىر

پىيالە چاينىڭ ھەقىقىي تەمى سۈدىمۇ ئەمەس، پىيالىدىمۇ ئەمەس. بەلكى ئادەمنىڭ تەبىئەتكە قايتىشىدا.

ئادەتتە ئىشقا 10 مىنۇت بالدۇر بارىمەن، خىزمەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۈستىلىمنى رەتلەپ، ئۆزۈم ئامراق ئىستاكانغا چاي ياكى قەھۋە دەملەپ، ئۇنىڭ خۇش ھىدى ئىچىدە بىردەم تىنچلىنىۋالغاندىن كېيىن، يېڭى بىر كۈنلۈك خىزمەتنى كۈتۈۋالىمەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى ئىچىدىمۇ روھىمنى ئارام ئالدۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدىم.

تۇرمۇش بىزنى يۈگۈرتىدۇ، يۈگۈرۈۋاتقان ئادەمنىڭمۇ توختايدىغان ۋاقتى بولىدۇ. تۇرمۇش ئۈچۈن، غايە ئۈچۈن تىرىشىڭ، چېپىڭ. ئەمما ئاندا - ساندا توختاپ قويۇڭ، ئارام ئېلىۋېلىپ، يەنە يولغا چىقىڭ.

# ھېكايىنىڭ داۋامى

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ، پانىي ئالەمنىڭ خۇشاللىقىمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مۇھەببىتىمىزگە نائىل بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ بەختىيار چاغلىرىمىزغا جور بولغانلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يالغۇزلۇق بىلەن خوشلىشىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ

2015 - يىلىنىڭ «بويتاقلار بايرىمى»نى ئامېرىكىدا بۇرۇنقىدەكلا يالغۇز ئۆتكۈزدۈم. قانچە يىلىم بويتاق ئۆتكىنى ئېنىق ئېسىمدە يوق.

پايتەخت مۇزېيىنى زىيارەت قىلىپ، ئىلگىرى دەرسلىك كىتابلاردا سانسىز قېتىم كۆرگەن مەشھۇر رەسىملەرنى يېقىندىن كۆرۈش شەرپىگە مۇيەسسەر بولدۇم؛ دەۋر مەيدانىنىڭ ئاۋات كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم؛ بىرودۋەي كوچىسىغا بېرىپ، سىتىفىن كولبېرتنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلىدىم؛ ئىمپېرىيە بىناسىغا چىقىپ نيۇيورك شەھىرىنى كۆزەتتىم.

بالىلىق چاغلىرىمدا بىر كۆرۈشنى ئارمان قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئىلگىرىكى خىياللىرىمدا دۇنيانى بىللە ساياھەت قىلىدىغان بىر جۈپتىم بار ئىدى.

يالغۇزلۇق، ساڭا سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

ئۇ قانداق بىر تۇيغۇ؟

يالغۇزلۇق باشقىلارنىڭ تويىغا مەڭگۈ يالغۇز (بىر جۈپ ئەمەس) بارغانغا ئوخشايدۇ.

يالغۇزلۇق قىشتا سوغۇق يوتقاندا توڭلاپ ياتقانغا، پۇت - قوللار مۇزلاپ ئۇيقۇسىز تىپىرلىغانغا ئوخشايدۇ.

يالغۇزلۇق كىنتاكىيدا يىرىم باھادا ئىككىنچى ئىستاكان قەھۋەنى ئىلىپ، يالغۇز ئىچىۋەتكەنگە ئوخشايدۇ. بەزىلەر يارى يوق يولدا قالار، ئاچ قورساق چۆلدە قالار دىگەندەك، يارىڭ بولسا سوغۇق سۇ ئىچسەڭمۇ قورسىقىڭ تويىدۇ دەيدۇ. لىكىن يارى بولمىسىمۇ ئوخشاشلا خۇشال ياشىغىلى بولىدۇ.

يالغۇز كىشىلەر مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن ئامراق بىر جۈپلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھىسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراشلىرى ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزگە بىچارە كۆرسىتىۋىتىدۇ. تىخىمۇ يامان يىرى، «بويتاقلار بايرىمى»دا سايىڭىزنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ كوچىدا يالغۇز ماڭسىڭىز، تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كىلىۋاتقان ئازابلىق ھىسلارغا بوزەك بولىسىز.

يالغۇزلۇق ماڭا تۇرمۇشنىڭ بارچە بىسىملىرىغا يالغۇز تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەتتى. نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئۆزۈم يالغۇز بىر تەرەپ قىلىمەن، ھەتتا دوختۇرخانىغا ئوكۇل ئاستۇرغىلى بارماقچى بولسامۇ، ئۆزۈم يالغۇز دوختۇرخانىنىڭ ئۆزۈن كارىدورىدا ئىسپان تىلى يادلايمەن. نۇرغۇن كىشىلەر يالغۇزلۇقنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىچىنىشلىق ئىش دەپ قارايدۇ. كونا قاراش بويىچە، بويتاقلىق باشقىلارنى جەلىپ قىلغۇدەك سىھىرىي كۈچىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى، مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولالمىغان قىزلار دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىرىشەلمەيدۇ؛ ئەر كىشى ئۇزاققىچە بويتاق يۈرسە، ھەر خىل گۇمان، قىياسلارنىڭ ئوبيىكتى بولۇپ قالىدۇ. بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، بۇمۇ بىر مەسىلە.

ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە، «غەلىتە يارانلار»، «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» قاتارلىق پىروگراممىلارغا

www.uyghurkitap.com

قاتناشقاندىن كېيىن، «كېلىشكەن يىگىت»، «ئىلھام بېغىشلىغۇچى يىگىت»، «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىققان سەركە» دېگەندەك چىرايلىق «ماركا»لارغا ئىگە بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، قىز دوستۇڭ بارمۇ، قاچان لايىق تاپىسەن دېگەندەك سوئاللار سۆھبەت سورۇنلىرىدا سورالماي قالمايدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا كۆپىنچە كۈلۈپ قويۇپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى نازۇك تۇيغۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن قىز دوست تۇتۇۋالدى. «KTV» دا ئۇلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ قولتۇقلىشىپ، «سىم ـ سىم يامغۇر، رومانتىك مۇھەببەت» نى ياڭراتسا، مەن بىر چەتتە «بويتاقلىق ناخشىسى» نى ئېيتىپ، ئەجەبا مەن بىرەرسىنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەممۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتىم.

قەلبىڭىز ئازاب ئىلكىدە ئۆرتەنگەن چاغلاردا، ئۈمىد نۇرى ئۆچەي دېگەن قەلبىڭىزگە بىر دەستە نۇر كەبى كىرىپ كېلىدىغان بىرى ھامان چىقىدىكەن، خۇددى «قوش شەھەر خاتىرىسى»دە كارتىننىڭ لۇسىغا ئۇچراپ قالغىنىدەك.

ئۇنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىر ئايلىق چۈشلۈك تاماق پۇلۇمنى يىغىپ، مەن ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ قەلبىدىكى يىگىتىگە سوۋغات ئېلىپ بېرىشكە خەجلىدىم. ئۇ شۇنچە چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال گۈل ئىدى، يېقىملىق بىر تەبەسسۇم بىلەن قەلبىمنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋېلىشنىڭ ئۆزىلا مېنى چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرەتتى.

قاراپ تويمىغان بىلەن نېمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، 90 كىلوگىراملىق ئاق پىشماق بودەك ئىدىم. جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىنى بىلمىگەن، ۋاقتىمنى تور ئويۇنىغا سەرپ قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبەم كەم، قىزلار بىلەن پاراڭلىشىشنى بىلمەيتتىم.

ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ بىر پارچە «تەلەپ خېتى» يازغان چاغدىمۇ، كالۋالىقىمدىن «بەش بۆلەكلىك مۇھاكىمە ماقالىسى» يازغان پەدىدە مەن بىلەن يۇرسە نېمىشقا بەختلىك بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانىكەنمەن. باشقىلارنىڭ «تەلەپ خېتى» گويا پاساھەتلىك نەسىر، تېخى قانلىق قەسەملەر پۈتۈلگەن قەغەز ئۈستىگە بىرقانچە تامچە ئىسسىق ياشمۇ ئېقىپ قالىدۇ. ئەمما مېنىڭ يازغىنىم «دەلىل - ئىسپات»لار بىلەن «يەكۈن» چىقىرىلغان مۇھاكىمە ماقالىسى ئىدى: مەن بىلەن يۇرسە «نېمە ئۈچۈن بەختلىك بولىدىغانلىقى»نى ئىسپاتلاش جەريانىم بەئەينى توفىل ئىمتىھانىغا يازىدىغان ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشايتتى. شۇنىڭدىن ئون يىل كېيىن توفىل ئىمتىھانىنىڭ ماقالە بۆلىكىدە تولۇق نومۇر ئالغانلىقىمنىڭ ئاساسىنى شۇ چاغدا تىكلىگەن بولسام كېرەك.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۇم، ھالبۇكى «تەلەپ خېتىم» كۆز ئالدىمدىلا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاندى.

شۇ چاغدا بەك ئوڭايسىزلاندىم. يۇرۇپ قالساق نېمە بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ چاغدا مۇھەببەتنى زورلاپ ئاڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى، مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ بىلەن ساڭا كۆڭلى بولمىسا بەرىبىرلىكىنى چۈشەنمىگەنىكەنمەن. ئەگەر ئۇ بانانغا ئامراق بولسا، لېكىن ئۇنىڭغا بىر ھارۋا ئالما

www.uyghurkitap.com

بەرسەڭ، پەقەت ئۆزۈڭنىلا تەسىرلەندۈرەلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتەلمەيسەن. بۇلارنى ھازىر چۈشىنىپ يەتتىم، ئەينى چاغدا پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيتتى.

ياشلىق دەۋرىمدە نۇرغۇن قىزلارنى قوغلاشتىم. ئەپسۇسكى، ھەممىسىدە پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدۇم. ئۈمىدسىزلىك چېكىگە يەتكەن چاغدا، ھەتتا بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كېلىپ، توققۇز قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىققان ۋاقىتلىرىممۇ بولغان. لېكىن ئېگىزدىن قورقىدىغان بولغاچقا، شۇ ھامان بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

باشقىلار مېنىڭ قەدرىمگە يەتمىدى دەپ رەنجىمەڭ. رەنجىشكە توغرا كەلسە، ئۆزىڭىزنىڭ دېگەندەك مۇنەۋۋەر ئەمەسلىكىڭىزدىن رەنجىڭ.

مەن ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن ئاشۇ ئادەملەر ماڭا تېخىمۇ قالتىس ئادەمگە ئايلىنىشنى ئۆگەتتى.

قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، تىرىشىپ گىتار چېلىشنى ئۆگەندىم. چىرايىغا قارايدىغان زاماندا، كېلىشكەن ئادەملەر پەقەت چىرايىغا تايىنىپلا قىزلارنى جەلپ قىلالايدۇ؛ ئەمما تەقى – تۇرقى ئانچە ئەمەس ئادەملەرگە ئۆزىدىكى مەلۇم خىل ئىقتىدارغا تايانماقتىن باشقا چارە يوق. ساز چېلىشنى ئۆگەنگەنلەر ئاساسەن «چىرايى باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان» ئادەملەر بولۇپ، گىتار چالىدىغانلارنىڭ تولىسى سېمىز ئادەملەر ئىچىدىن چىقىدۇ. قاپاق گىتار چالىدىغانلار تېخىمۇ شۇنداق. دەرۋەقە، ئەينى چاغدىكى مەنمۇ 90 كىلوگىراملىق بودەك ئىدىم.

ئەر كىشىدە ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. مەنمۇ قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئۆگەندىم. باشقىلار بىر ئايدىمۇ

ئۆگىنىپ بولالمىغان ناخشىنى مەن بىر ھەپتىدىلا ئۆگىنىپ بولدۇم. شۇ چاغدا ئۆگەنگەن ناخشىلاردىن «بوشلۇقتىكى قەلئە» قاتارلىقلارغا ھازىرمۇ چالالايمەن.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى قىزلارغا قايناق سۇ ئىچكۈزۈپلا يۈرىدىغان مەن، ئەمدىلىكتە كىچىك ھەمراھلىرىمغا دائىم قېتىق، مېۋە - چېۋىلەرنى ئالغاچ كېلىدىغان ئىللىق يىگىتكە ئايلاندىم. مېنىڭ ئورۇقلاش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تىزگىنلەشتىكى ئىرادەمگە نۇرغۇن قىزلار ھەيران قالدۇ. ئادەتتە چۈشتە پۈتۈنلەي گۆشسىز تاماق يەپ، كەچتە ھېچ نەرسە يېمەي، ئۇدا 12 سائەت دەرس ئۆتۈپ تۇرۇپمۇ، كەچتە چېنىقىش زالىغا بېرىپ ئىككى سائەت يۈگۈرۈشمۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى نورمال ئىش بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 90 كىلوگىراملىق بودەكتىن 70 كىلوگىرامغا چۈشتۈم، قورساق قىسمىمدا ئالتە پارچە مۇسكۇل پەيدا بولدى، يۈزۈمدىكى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان گۆشلەرمۇ يوقاپ، «كېلىشكەن»لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم.

ئەمما يار تېخىچە كەلمىدى.

چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقمىساملا، «ئاشىق - مەشۇق»لارغا مۇناسىۋەتلىك بايراملارنىڭ ھەممىسىنى خىزمەت ئۈستىدە ئۆتكۈزىمەن. كۈنىگە 10 سائەت دەرس ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، تەڭ كېچىدە ياتاققا قايتىپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتسەم، ئازابلىنىشقا پۇرسەتمۇ بولمايدىكەن.

2015 - يىللىق «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى»نى ۋېيۋېي، تيەنتيەن، شياۋشياۋ قاتارلىق دوستلار لەيلىمۇن يېگەچ «غەلىتە پاراڭلار»دىكى تورداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەچ، يالغۇزلۇقتا «مۇداپىئە» قۇرۇپ ئۆتكۈزدۇق. بىر

توپ بويتاقلار بىر - بىرىمىزگە دوستلۇق مېھرىمىز بىلەن تەسەللى بېرىشكەچكە، يالغۇزلۇقىمىز چېنىمىپ كەتمىدى. قىزنىقچىلىقتا كۆز چانقىڭىزدا يالتىراپ قالغان تامچىلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدىكەن، قورساقنىڭ توقلۇقىدا! يۈرىكىڭىزدىكى كاۋاكمۇ بىلىنمەيدىكەن.

كۆپچىلىك تارقاپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا يالغۇز ھۇجرىڭىزغا قايتىسىز، تۇرمۇش يەنىلا داۋاملىشىدۇ.

يېقىندا «شېن جيايى»نىڭ توي باغىقىنى تاپشۇرۇۋالدىم. باردىم، سوغۇققان، سالماق بولدۇم.

«ئاشۇ يىللاردا بىز تالاشقان قىز» ناملىق كىنودىكىدەك يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھالىمىز قالمىغۇدەك بولۇشۇپ كەتمىدۇق: «شارلوتنىڭ باش قېتىنچىلىقى» ناملىق كىنودىكىدەك ساختا كۈلۈپ، يالغان ھىجىيىپ، ئايال باش قەھرىمانىنى ئەينى چاغدىكى تاللىشىغا پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈن كاتتا باينىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپمۇ يۈرمىدۇق.

ئېغىر بېسىق ئولتۇردۇم، ئۇلارغا ئىچ - ئىچىمدىن بەخت تىلىدىم.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ، پانىي ئالەمنىڭ خۇشاللىقىمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مۇھەببىتىمىزگە نائىل بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ بەختىيار چاغلىرىمىزغا جور بولغانلىقى.

# ئەڭ غەلىتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇنازىرە تەسىراتلىرى

نۇرغۇن كىشىلەر مېنى «سۆزمەنلەر سەھنىسى» پىروگراممىسىنىڭ «غەلىتە پاراڭلار» مۇنازىرىسى ئارقىلىق تونۇدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپ بۇ پىروگراممىغا «مۇنازىرە» نى كۆزلەپلا قاتناشقانىدىم. تەقى - تۇرقۇمغا قاراپ بىلگىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما مەن مۇنازىرىگە ھەقىقەتەن ئامراق، كەسكىن مۇنازىرىلەرگە ئوتتەك ئىشتىياقىم بار ئىدى. پىروگراممىا گۇرۇپپىسىدىكىلەر ماڭا «بۇ كەسكىن ھەم رەسمىي مۇنازىرە پىروگراممىسى، قالتىس مۇنازىرىچىلەر قاتنىشىدۇ» دېگەنىدى. ئىلگىرى «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» پىروگراممىسىدا ۋېيۋېي بىلەن رىقابەتكە چۈشۈش پۇرسىتى بولمىغانىدى، كۆڭلۈمدە مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىلەن پۇخادىن چىققۇچە تۇتۇشۇپ بېقىشنى ئويلاپ قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتىم.

تاللاش مۇسابىقىسى شەھەر سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا ئۆزۈمنى ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن، خىلۋەت جايلارغا سېتىۋېتىلگەن بالىدەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئىشنىڭ جەريانى ئوڭۇشلۇق بولغان بولسىمۇ، بىراق رەسمىي سۈرەتكە ئېلىنىشقا باشلىغان چاغدا، مۇنازىرىنىڭ كەسكىنلىكىدىن كۆرە «غەلىتە» لىكىدىن بەكرەك قاتتىق

چۆچۈپ كەتتىم. مۇنازىرىنىڭ «رەسمىي» لىكى ئەمەلىيەتتە قوش تىرناق ئىچىدىكى گەپ ئىكەن. بۇنداق پاراڭلارنى ئادەتتە دوستلار ئارا قىلىشىپمۇ قوياتتۇق. ئەمما رەسمىي سورۇنغا كەلگەندە باشتا زادىلا كۆنەلمىدىم. مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تەسىراتىنى ئويلىمىسام بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ قورۇنۇپ، تەمتىرەپ قالدىم. تېلېۋىزوردا قويۇشتىن بۇرۇن تەھرىرلەش جەريانىدا چىقىرىپ تاشلىغان جايلىرى تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، لاتاپەتلىك لېۋەن قىزلار ئادەمنىڭ جىنسىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايدىغان نەرسىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىققاندا، مەن ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگەن مادۇڭ مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان چاغدا، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

بەلكىم كۆپچىلىكمۇ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەسلەپكى بىرقانچە سان پىروگراممىدا مۇنازىرىگە پەقەتلا كىرىشەلمىدىم. گەپلىرىم قاملاشمىدى، ھەتتا ئورنۇمدىنمۇ تۈز تۇرالمىدىم. يۇمۇرلۇق سۆزلەشكە شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ، ئەپلەشمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە قېتىم گەپتە يېڭىلىپ قېلىپ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سولىشىپ كەتتىم. مېنىڭمۇ باشقىلاردەك پۈتۈن زېھنىم بىلەن كىرىشكىم بولسىمۇ، كۈنتەرتىپ ناھايىتى جىددىي ئىدى، چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسلىرىمنى تۈگىتىپ، پىروگراممىغا ئاران ئۈلگۈرۈپ كېلەتتىم: ئۆيگە قايتقىنىمدا سەھەر سائەت ئۈچ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا سائەت ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مىكروبىلوگقا مەزمۇن يوللاپ، كۆپچىلىكنى سەھەر تۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتىم: ئاندىن بىر كۈنلۈك دەرس تەييارلىقىنى باشلايتتىم. مەسىلەن، سەيشەنبە كۈنى سۈرەتكە ئالىدىغان

پىروگىراممىا ئۇچۇن باشقا ماھىرلار دۈشەنبە، ھەتتا يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئىشلەيتتى. ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ناھايىتى قىزىپ كېتەتتى. لېكىن مەن ھەر قېتىم ناھايىتى كېيىن كېلىدىغان بولغاچقا، كۆپچىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان پۇرسەت ناھايىتى ئاز بولاتتى. شۇنداقتىمۇ پات - پات ئۇلارغا قېتىلىپ دېگەنلىرىدەك نەرسىلەرنى ئالغاچ باراتتىم، ھەرھالدا چىقىشىپ كەتتۇق. «ئىللىق يىگىت» دېگەن لەقەممۇ شۇ چاغدا سىڭىپ قالدى. مەن بۇنى ئۇلار بىلەن چىقىشىشۇپلىش ئۇچۇن قەستەن قىلغان ئەمەس، شىركەتتە شۇنداق قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغانىدىم. شۇڭا خىزمەتداشلىرىم بەزىدە مېنى «قېتىمقچى» دەپمۇ چاقىرىپ قويىدۇ.

«غەلىتە پاراڭلار» پىروگراممىسىغا قاتنىشىپ، مادۇڭ مۇئەللىمدىن مۇنازىرە سورۇنلىرىدا قانداق ئېچىلىشنى، ئادەمدەك گەپ قىلىشنى، ئەستايىدىل بولۇشنى، ئادەم بەك ئۆزاققىچە چىڭ تۇرىۋالسا، ئۆزىنى ھاردۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدىم. سەي كاڭيۇڭ مۇئەللىمدىن گەپ قىلىشنىڭ يولىنى ئۆگەندىم. بەزىلەر پىلىموتتەك سۆزلىسىمۇ، گېپىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى يوق؛ يەنە بەزىلەرنىڭ گېپى ئوقيادەك ئۇدۇل يۈرەككە تېگىدۇ. گاۋ شياۋسۇڭ مۇئەللىم بىلەن ئېپىمىز كېلىشىپ قالدى، ئۇمۇ كىتاب ئوقۇشنى، كىلاسسىك نەرسىلەرنى ھەمدە قالتىس، بىلەرمەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. مەن ھەتتا گاۋ شياۋسۇڭنىڭ جىيەنى بولۇشقا قەسەممۇ قىلدىم (قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ).

مەن بۇ يەردە نۇرغۇن ياخشى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم. ۋېي ۋېي ھەدىمىزنىڭ «يېڭى شەرق»تىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىھەم خىزمەتداشلاردەك

چىقمىشىپ كېتىمىز. نېمە سەۋەبتىنكىن بىلمەيمەن، ئۇمۇ مەن بىلەن ئۇچراشقان ھامان، بىردىنلا ئەستايىدىل، كەسكىن بولۇپ كېتىدۇ؛ يەنە دەرس ئۆتۈش، ئادەم تەربىيىلەش توغرىسىدىكى پاراڭلار باشلىنىدۇ. تىيەنتىيەن ھەدىمىز مېنى دائىم «تىللايدۇ»، لېكىن ئۇنىڭ «تىللاش» لىرىنى ماڭا ئامراقلىقىدىن دەپ بىلىمەن. ئۇ بىر ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدۇ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدۇ؛ پاراڭىمىز باشلىنىپ كەتسە ئۇچار ـ قۇش، گۈل ـ گىياھلاردىن تارتىپ، يۇلتۇزلار ئالىمىگىچە، ناخشا ـ قوشاقلاردىن تارتىپ دىن، پەلسەپىگىچە... نەچچە سائەتكىچە گېپىمىز تۈگىمەيدۇ. رۇجىنىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئوماقلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. «مۇھەببەت» تۇيغۇلىرى ئۆلمىگەنلىكى ئىنسان ئۇنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ. شياۋشياۋ بىلەن «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» پىروگراممىسىدا تونۇشقان، ھازىرغىچە ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىۋاتىمىز. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، قارىماققا مۇلايىم. ئەمما ئىچكى دۇنياسى قەيسەر ھەم ئىرادىلىك يىگىت. ئىككىنچى پەسىللىك چېمپىيون چۈچېنمۇ «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» پىروگراممىسىدا تونۇشقان كونا دوستۇم. نۆتۆۋ مۇنبىرىدە ئۇنى يېڭىۋالغىلى ئازلا قالغانىدىم. كېيىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ مۇنازىرە مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇشىغا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە كۆچمىگەنلىكىمنى ئېيتىپ قويدۇم.

«غەلىتە پاراڭلار» غا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئىنگلىزچە مۇنازىرە قىلاتتىم. مەن مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن: «مەن سىنىڭ كۆز قارىشىڭغا قوشۇلماسلىقىم مۇمكىن، ئەمما سىنىڭ ئۆز پىكرىڭنى

ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىنى قوغدايمەن». بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئۆز پىكرىمىزنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بىر پىروگراممىنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. ئەنگلىيەنىڭ «BP» مۇنازىرە مۇنبىرىدىكىلەر ناھايىتى تېز گەپ قىلىدۇ، نۇرغۇن بىلىملەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەمما ھېكايە سۆزلەنمەيدۇ. «غەلىتە پاراڭلار» دەك قىزىقارلىق ئەمەس، بەلكىم زېرىكىشلىك بىلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا «غەلىتە پاراڭلار» غا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، كۆپچىلىك مېنى ھەرخىل مازاق قىلىشقا باشلىدى. «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» قا چىققان چاغدا، كىشىلەر مېنى ھەر خىل ماختاشقان بولسا، «غەلىتە پاراڭلار» دا مېنىڭ مۇنازىرە ئۇسۇلۇم زېرىكىشلىك بولۇپ قالغاچقا، تورلۇك «تىللاش» لارغا ئۇچرىغىنىممۇ ناھايىتى نورمال. ياخشى قىلغان ۋاقتىڭىزدا، باشقىلار ماختايدۇ، بۇنى قوبۇل قىلىسىز - يۇ، ياخشى قىلالمىغاندا باشقىلار تىللىسا، ئۇنى نېمىشقا قوبۇل قىلالمايسىز؟ بۇ پىروگramma مېنىڭ پىسخىك ساپايىمنى ئۆستۈردى. بىر ئادەم ئۇتۇق قازىنىمەن دەيدىكەن، چوقۇم كۈچلۈك پىسخىك ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك. باشقىلارنىڭ «تاپە - تەنىلىرى» ئالدىدا بوشىشىپ كەتمىسىڭىزلا، غەلىبە سىزدىن ئۆزاقلاپ كېتەلمەيدۇ.

يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنىدەك، «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پىسخىك ساپانى تاۋلاپ چىققىلى بولىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر باشقىلار سىزنى مەسخىرە قىلسا، سىزگە زەربە بەرسە ياكى ئۆزىڭىزنى ناھايىتى چۈشكۈن ھېس قىلسىڭىز، ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال. باشقىلارنىڭ سىز توغرىسىدىكى گەپلىرىگە زىيادە ئېرەن قىلىپ كەتمەڭ. بۇ دۇنيادا سىزنى يارىتىدىغان، كۈندە سىزنى

www.uyghurkitap.com

ماختايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز. ھەركۈنى سىزگە دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، سىزنى ئەيىبلەشنى ياكى قاملاشمىغان ھالىتىڭىزنى كۆرۈشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇقەررەرلىك. ئەڭ مۇھىمى، بۇ تۇردىكى پاسسىپ ئۇچۇرلاردىن مۇداپىئەلىنىپ، ئۆزىڭىزدىكى ئاكتىپ ئېنېرگىيەنى قوزغىتىشىڭىز كېرەك».

مەن بۇ پروگراممىغا قاتنىشىپ، ئوخشاشمىغان سەھنىلەردە ئوخشاشمىغان روللارنى ئېلىش ۋە بۇ روللارنى ياخشى ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم. دەرس ئۆتكەندە ئوقۇتقۇچىدەك بولۇش، پروگرامما ئىشلىگەندە تاماشىبىنلارنى خۇش قىلىش كېرەك ئىكەن. ئوقۇتقۇچى قائىدە سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ كېتىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. ئەمما دەرسخانىغا ماس كېلىدىغان بۇ ئالاھىدىلىك «غەلىتە پاراڭلار» دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە سەھنىگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ. بۇ يەردە مۇۋاپىق دەرىجىدە «غەلىتە» لىك ئەسقاتىدۇ. تاماشا خاراكتېرىدىكى پروگرامما بولغانىكەن، تاماشىبىنلارنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرىشىڭىز كېرەك.

مەن ئىزچىل ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىپ تۇرىۋاتىمەن. خۇددى تاغقا ياماشقاندەك ئاستا بۇ جەريانغا قەدەم باسقان ئادەمدە تىرىشچانلىق، چىدامچانلىق بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئالدىڭىزدىكى يول ھەمىشە چېكى يوقتەك بىلىنىدۇ.

بىر ئىشنى قىينالمايلا قىلالايدىغان سەۋىيەگە يېتىش ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بەدىلىگە كېلىدۇ. باشتا ھەمىشە باشقىلارنى دورىماقچى بولدۇم: ۋېيۋېينىڭ لوگىكىسىنى،

رۇجىنىنىڭ ئوماقلىقىنى، تيەنتيەنىنىڭ مۇشتۇمزورلۇقىنى، چۇچېنىنىڭ ئاقىللىقىنى، ھەتتا شياۋشياۋنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىنى دورىماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇلار باشقا - باشقا ئادەملەر، مەن يەنىلا ئۆزۈم. ئاقىۋەتتە ھېچقايسىسىنى ئوخشىتالمىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمگە تەۋە نەرسىنى تېپىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

دەسلەپتە "草叉"دېگەن گەپ چىقسىلا جىلە بولاتتىم. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان مۇسابىقىدە چىغ قالپاق كىيىپ، قوشۇق كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقتىم.

ئۆز ئۆزۈمنى ھەجۋىيلەشتۈرۈشكە كۆنۈپ، تەشۋىشتىن قۇتۇلدۇم.

ما دۇڭ «خاتا چۈشىنىلمەك سۆزلىگۈچىنىڭ قىسمىتى» دەيدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. مۇبادا تىل ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ئالاقە ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالسا، ئىزدەش ۋە يالغۇزلۇق ئادەمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، «غەلىتە پاراڭلار» دەك مۇشۇنداق بىر پىروگراممىمىز بار ئىكەن. مۇنازىرە دۇنيانى ئۆزگەرتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بىزلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارماق، تەشەببۇس قىلماق، كىشىلەرگە باھا بەرمەك نە كېرەك؟

«تۇيۇقسىز ئىشلارغا ھودۇقۇپ كەتمەيمەن، سەۋەبسىز زەردىلەرگە چېچىلىپ كەتمەيمەن». مەن، تىرىشىۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# «ئاچقىن يۈزىڭنى مەن بىر كۆرەي»

مەن بېيجىڭدا دەرس بېرىۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىم پات ـ پات مەندىن «ئوماق» سوئاللارنى سوراپ تۇرىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچىم مېنىڭ شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا قولۇمنى چىڭ سىقىپ، «مۇئەللىم، مەن شىنجاڭغا بەك ئامراق. مېنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ، پايانسىز يايلاقتا گۆش يەپ، ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ ياشايدىغان تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇم بار. مۇئەللىم سىز قانداق ئاتنى مىنىپ مەكتەپكە باراتتىڭىز» دېدى. بۇ چاغدا «ئىش بىلىدىغان» يەنە بىر ئوقۇغۇچۇم قوپۇپ، «سەن نېمانچە دۆت، مەدەنىيەتتىن خەۋىرىڭ يوق ئىكەن، مۇئەللىم قانداقسىگە ئات مىنىپ مەكتەپكە بارىدۇ، مۇئەللىمنىڭ ئېشەك مىنىپ بارىدىغانلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ» دېدى. «مۇئەللىم، سىزمۇ ئۇسسۇل ئويناليامسىز؟ شىنجاڭلىقلار ئۇسسۇلغا بەك ئۇستا. ‹ئاچقىن يۈزىڭنى مەن بىر كۆرەي› دېگەن ھېلىقى ناخشىغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭە، بويىنىڭىزنى ئاتالامسىز؟ بىزگە كۆرسىتىپ قويىڭە...». ھەر قېتىم مۇشۇنداق سوئاللارغا يولۇققان چاغدا ئادەمگە «ماركا چاپلايدىغان»، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان جەمئىيەت ھەققىدە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئويلىنىپ قالىمەن. كىشىلەر مېنىڭ شىنجاڭلىق

ئىكەنلىكىمنى بىلگەن ھامان، چوقۇم ئات مىنەلەيدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، كاۋاپ پىشۇرالايدۇ دەپ ئويلايدۇ: بۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنىغا زىت، ئۇلار مېنىڭ «چۇمبىلىم» نى قايرىماستىن، ماڭا «چۇمبەل» ياپماقچى، «ماركا» چاپلىماقچى بولىدۇ، بۇ «ماركا» نىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭلىق» دېگەن خەت يېزىلغان. ھالبۇكى، بۇ «ماركا» نىڭ كەينىدىكى ئادەمنىڭ كىملىكى، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

دەسلەپتە ماڭا ياپقان بۇ «چۇمبەل» گە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدىم: كۆپچىلىكنىڭ مېنى ئەستە ساقلىشىغا، چاقچاق قىلىپ كۇلۇۋېلىشىغا يارىسىمۇ ھېساب ئىدى. ھەتتا ھېلىقى «سوقماق ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن تېخى شۇ ئىش بىلەن ئۆزۈمنى قېتىپ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپمۇ يۈرگەنىدىم. ئەمما كېيىن ھېس قىلدىمكى، بۇ «چۇمبەل» نىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەن. چۈنكى بۇ خىل قارىغۇلارچە «ماركا» چاپلاش ئاقىۋەتتە كەمسىتىشكە تەرەققىي قىلىدىكەن. نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ ھەرقانداق يەردىن، ھەرقانداق مىللەتتىن ياخشى ئادەملەرمۇ، يامان ئادەملەرمۇ چىقىدۇ. ئەگەر قارىغۇلارچە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەك، شۈبھىسىزكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ياخشى ئادەملەرگە ئازار بېرىپ قويىمىز، ئۇلار ئىچىدە ئۇنسىز يىغلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چوقۇم كىشىلەرگە ئۇمىد ۋە خۇشاللىق بېغىشلاشنى، شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇتۇشنى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا مۇھەببەت باغلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچىغا ئايلاندۇردۇم.

بايقىشىمچە، بۇ خىل «ماركا» چاپلاشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلار يەقەت شىنجاڭلىقلارلا ئەمەس. مەسىلەن، شەرقىي

www.uyghurkitap.com

شىماللىق دېسە، ھەممىسى قارام، تۇغۇلۇشىدىنلا سوغۇققا چىداملىق دەپ ئويلايمىز؛ «90 - يىللارنىڭ بالىلىرى» دېسە، ھەممىسى شەخسىيەتچى، مەسئۇلىيەتسىز دەپ ئويلايمىز؛ «شەھەر ئاياللىرى»نىڭ گېپى چىقسىلا، كۆپىنچە ئادەملەر مەيدان ئۇسسۇلى ئوينايدىغان «موماي» لارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش قىلمىشى ھەممە ئادەمنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇخشىمىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مائارىپتىكى مەسىلە.

باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا، بىزنىڭ مائارىپ سىستېمىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى كۆتۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. گويا ئاداققى مەقسەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، ئادەم تەربىيەلەش مەڭگۈ ئىككىنچى ئورۇندا. ئوقۇتقۇچى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشنىڭ تۈرلۈك تاكتىكىلىرىنى سۆزلەپ ھارمايدۇ - يۇ، ئوقۇغۇچىلاردا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلانمايلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان، ئايرىملىقتا قاراپ ئومۇملاشتۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەرنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ.

مەن سىنىپتا مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپ باققانىدىم: ئوقۇغۇچىلارغا سەككىز ئادەمنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، ئۇلار ئارىسىدىن قايسىسىنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭلار دېدىم. بۇ تەجرىبىنى تولۇقسىز 3 -

يىللىقتىن تولۇق 3 ـ يىللىقچە بولغان سىنىپلار ئارا 20 نەچچە قېتىم ئىشلىدىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئوخشاش بىر ئادەمنى، يەنى سەككىز ئادەم ئىچىدىكى قارا تەنلىك ئامېرىكىلىقنى تاللىدى.

ئۇلاردىن نېمىشقا بۇ ئادەمنى تاللىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇلارمۇ كونكرېت بىرەر سەۋەبنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت تۇيغۇسىغا تايانغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ سەككىز ئادەم ئىچىدە بىرمۇ يامان ئادەم يوق، بار دېيىلسە، ئۇ دەل مەن. چۈنكى مەن يېتەكلەش تەسىرى بار «يامان سوئال» دىن بىرنى سورىدىم. شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «نادانلىق» نىڭ بىر تەرەپلىمىلىككە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدۇم. جەمئىيەتتە بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش ئەۋج ئالغان چاغدا، كەمسىتىش ھەتتا ئۆچمەنلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى پىكىر ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئوخشاشمىغان ئادەملەرگە سوغۇققان مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما بۇ تۈردىكى مائارىپ بىلەن ئۇچراشمىغان كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاسانلا باشقىلارغا «ماركا» چاپلاپ قويىدۇ.

باشقىلارغا بىر تەرەپلىمە باھا بەرگەن، «ماركا» چاپلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىزمۇ ئۇنىڭ زىيىنىدىن مۇستەسنا بولالمايمىز.

كۆپچىلىكنىڭ بۈگۈندىن ئېتىبارەن ناتونۇش ئادەملەرگە ئۇچرىغان چاغدا، ئاشۇ ناخشىدا دېيىلگىنىدەك، « ئاچقىن يۈزىڭنى مەن بىر كۆرەي » قارىشىنى، پەقەت چىرايىغىلا ئەمەس، ئادىمىيلىكىگە، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قارىشىنى

ئۇمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا، مەلۇم بىر توپقا تەۋە بولغانلىقى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشتىن، خاتا چۈشىنىشتىن، باشقىلارغا ۋە ئۆزىمىزگە بىھۆرمەتلىك قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى بار، كۆلكىسى ۋە كۆز يېشى بار، بىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە بىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىمىز بار؛ چۈنكى بىزنىڭ ئۇنچە چوڭ پەرقىمىزمۇ يوق.

# ھازىرقى زاماندا كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى بارمۇ

«چامباشچىلار سارىيى» ناملىق كىنودا، لى شياۋلوڭ رول ئالغان چېن جىنىنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «مەن جىق كىتاب ئوقۇمىغان، مېنى ئالدىما». ما بويۇڭنىڭ مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا يازغان «مەن جىق كىتاب ئوقۇمىغان، مېنى ئالدىمىغىن» ناملىق كىتابىمۇ بار. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى ناھايىتى كۆپ، پىكرى چوڭقۇر بولغاچقا، مۇشۇنداق قىزىقچىلىق قىلىپ قويغان گەپ.

مەن باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ، دائىم ئالدىنىپ يۈرسەممۇ، ئوقۇغان كىتابلىرىم ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.

نۇرغۇن كىشىلەر مېنى تاش مىجەز دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن بىر ئىچ مىجەز ئادەم. ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن تاش مىجەز ئادەملەردەك ئىش قىلمىسام بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ناتىقلىقتا، سۆز قابىلىيىتىمگە تايىنىپ جان باقىمەن. تاش مىجەزدەك بولۇۋالغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئەزەلدىن ئىچ مىجەز بولۇپ باقمىغاندەك ھېس قىلىپمۇ قالىمەن.

قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا، مەن بىر تىنىق ئادەم، ئادەم ئاز جاغلاردا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، جىمجىت ئولتۇرىمەن. گەپ قىلىشنى خالىماسلىقىمدىكى سەۋەب، مەن

يىغىلىشلارغا بېرىشتىن كۆرە، ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى بەكرەك خالايمەن.

Books are the legacies that a great genius leaves to mankind, which are delivered down from generation to generation as presents to the posterity of those who are yet unborn.

**كىتاب بۈيۈك ئىستىبدات ساھىبلىرى ئىنسانىيەتكە قالدۇرغان بايلىق. ئۇ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان قىممەتلىك سوۋغاتقا ئوخشايدۇ.**

كىتاب ئوقۇشقا ئامراقلىقىم كىچىكىمدىن يېتىلگەن ئادەت. كىچىك ۋاقتىمدا ئاتام ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى، ئۆزىمۇ بەزى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۆزۈم ئوقۇيتتۇم. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا مارك تۋېننىڭ «شاھزادە بىلەن كەمبەغەل» ناملىق رومانىنى ئوقۇدۇم. ئاساسلىق ئىككى پېرسوناژنىڭ سالاھىيىتى ئالمىشىپ قالغاندىن كېيىنكى قىزىقارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بۇ رومان ھازىرقى نۇرغۇن كىنو ۋە تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى سېنارىيەسىنىڭ ئەسلى تىپى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «شەكىل ئۆزگەرتىش» ناملىق پىروگراممىسى. ئۇ چاغدا ئائىلە شارائىتىمىز ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى، خىيالىمدا باي ئائىلىنىڭ چىرايى ماڭا ئوخشايدىغان بىر بالىسى بىلەن سالاھىيىتىمىزنى

ئالماشتۇرغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالكساندىر دۇماسنىڭ «ئۈچ مەرگەن»، «تۆمۈر نىقاب» قاتارلىق رومانلىرىغا، «گراف مونتې - كرىستو» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالدىم. «گراف مونتې - كرىستو» نى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا سەككىز قېتىم ئوقۇدۇم. سىمفونىيە ئاڭلىغاچ خۇددى گراف مونتې - كرىستودەك سىرلىق بىر ئارالنى تېپىۋېلىپ، تۇگىمەس بايلىققا ئېرىشىش ئارقىلىق تەڭداشسىز باتۇرغا ئايلىنىشنى، ئاندىن دۇشمەن (گەرچە ئەينى چاغدا دۇشمەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەممۇ) لىرىمدىن ئۆچ ئېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەتتىم.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىدىن باشلاپ كومپيۇتېر ئويۇنلىرىغا مەستانە بولۇپ كەتكەن چاغلىرىمدىمۇ كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قويمىغانىدىم. مەن «RPG» (رول ئېلىش) تۈرىدىكى ئويۇنلارنى ئويناشقا، ئويۇندا سۆزلەنگەن تارىخىي ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم. «ئالۋاستى شەھىرى» دېگەن ئويۇننى ئويناشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئويۇننىڭ ئىنگلىزچە نەشرىدىكى كىتابىنى سېتىۋېلىپ، جۈملىمۇ جۈملە ئەگىشىپ ئوقۇغانىدىم.

«غەرب پەلسەپە تارىخى»دىن «رىملىقلارنىڭ ھېكايىسى»گىچە، «دەۋر ھەيتىلىكى»دىن «بالاغەت دەۋرىدىكى ساغلاملىق»قىچە، تاللىماي ئوقۇيتتۇم. خىزمەتكە چىقىپ، بىر مەھەللىك گاڭگىراشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كىتابنى قايتىدىن قولۇمغا ئالدىم. 2014 - يىلى «ئەلى ئىنگلىز تىلى كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەپتىدە كەم دېگەندە بىر كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى كىتاب ئوقۇش ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بەزىلەر سىزنى بەكلا بىكارچى ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر ياسالمىلىق قىلىۋاتىدۇ دەيدۇ. كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇغانچە دوستلىرىڭىز شۇنچە ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. «جىن جېڭىئېيىنى قەستلەش» ناملىق كىنودا باش رول ئالغان فرانك ھولليۋودنىڭ مۇنەۋۋەر ئارتىسلىرىنىڭ بىرى، ئوسكار مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ باققان، ئىككى پەندە ئاسپىرانتلىق دىپلومى بار، يەنە دوكتورلۇقتىمۇ ئوقۇغان. ھازىر نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس بېرىدۇ. ئۇ فىلىم ئىشلەش جەريانىدىمۇ ئارىلىقتىكى بوش ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ «خومېر داستانى»، «ئودىسسا» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇسا، ئەتراپتىكى كىشىلەر باشقىچە نەزەردە قارايتتى. ئۇ تېخى ئۆزىنى مازاق قىلغاندەك، كىنودا ھەمىشە لۈكچەكلەرنىڭ، روھىي كېسەللەرنىڭ رولىنى ئالىدۇ. لېكىن بۇلار ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ياۋروپالىق ئارتىسلارنىڭ كۆپ قىسمى داڭلىق مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن. بىر يۈرۈش «خارى پوتېر» ناملىق كىنو ئارقىلىق تونۇلغان ئېمما ۋاتسون ئەلا نەتىجە بىلەن ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بىروۋن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن.

ئىنتېرنېت دەۋرىدە كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق دەيدىغان قاراش يەنە بىر قېتىم ئەۋج ئالدى. ئەگەر كىتاب ئوقۇش پەقەت بىلىم ئېلىشنىڭ بىر يولى دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ. كىنو، تېلېۋىزىيە، خەۋەر قاتارلىقلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، مەشھۇر ئەسەرگە ئاساسەن

ئىشلەنگەن بىر كىنونى كۆرۈش ئارقىلىق ئىككى سائەت ئىچىدىلا ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇغان تەسىراتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ گۇئامونىڭ «تېز كىنو كۆرۈش» پىروگراممىسىغا ئەگەشسىڭىز، بىر كىنونى بىرقانچە مىنۇتتىلا كۆرۈپ بولالايسىز.

چېنىقىشنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى بىلەن كىتاب ئوقۇشنىڭ چوڭ مېڭىگە بولغان تەسىرى ئوخشايدۇ. قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇسىڭىز، تەپەككۇرىڭىز شۇنچە ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئىش ئۈنۈمىڭىز ئاشىدۇ، تېخىمۇ ياخشى هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىسىز، «قىلىدىغاننى قىلىدىغان، قىلمايدىغاننى قىلمايدىغان» بولىسىز.

«ئەگەر يېقىندىن بېرى سەۋەبسىزلا ئىچىڭىز تىتىلداپ بىئارام بولۇۋاتقان بولسىڭىز، يا كىتاب ئوقۇيالمىدىڭىز، يا چېنىقالمىدىڭىز ۋە ياكى هەر ئىككىلا ئىشنى قىلالمىدىڭىز.» مەن مىكروبلوگقا يوللىغان بۇ سۆزنى نۇرغۇن ئادەملەر بەھرىلەپتۇ، ھەتتا خاتا يېزىلىپ قالغان خەتلەردىنمۇ شۇ پېتى بەھرىلەپتۇ. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، كىتاب ئوقۇمىسا ئىچى تىتىلداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى باشقىلارمۇ ھېس قىلغان.

ئادەم تەشۋىشتىن قۇتۇلغاندىلا روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما بىزنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر ھەپتىدە بىر كىتاب ئوقۇسا، بىر يىلدا 52 پارچە دېگەن گەپ، ئەستە ساقلاپ بولغىلى بولامدۇ دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مائارىپنىڭ مەغلۇبىيىتى. دۆلىتىمىزدە كىتاب ئوقۇشتا «ئەستە ساقلاش»نى تەكىتلەيدۇ، خۇددى يادلىۋالمىسا بولمايدىغاندەك. ئەمما چەت ئەللەردە تېز ئوقۇشنى، كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بەزىدە بىر كىتابنى

ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نېمىلەرنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە قالمايدۇ، ھەتتا ئاپتورنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. ئەمما ئوقۇش جەريانىدا يۇرگۈزگەن تەپەككۇر يالغان ئەمەس. شۇ جەرياننىڭ ئۆزىلا ئادەمگە ئۇزۇكسىز مەنپەئەت بېرىدۇ.

ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. باكون «كىتاب ئوقۇش ھەققىدە» مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىتابلارنى تېتىپ باقساقلا بولىدى، بەزى كىتابلارنى يالماپ يۇتىمىز؛ بەزى كىتابلار بار، ئۇلارنى ئالدىرىماي چاينىپ، ئوبدان سىڭدۈرىشىمىز كېرەك. يەنى بەزى كىتابلارنى ئاتلاپ، بەزى كىتابلارنى كۆز يۇگۈرتۇپ ئوقۇيمىز، ئەمما بەزى كىتابلارنى چۈشىنىپ، تەپسىلىي ئوقۇمىساق بولمايدۇ. بەزى كىتابلارنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت قىسقارتىلغان نۇسخىسىنى ئوقۇساقلا كۇپايە، لېكىن مەزمۇنى ئانچە مۇھىم بولمىغان كىتابلارنىلا شۇنداق ئوقۇساق بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىغاندا، قىسقارتىلغان كىتاب خۇددى دىستىللەنگەن سۇدەك تەمسىز بولىدۇ.»

زېھنىممۇ، ئىشتىياقىممۇ ئۇرغۇپ تۇرغان چاغدا، كەم دېگەندە 200 يىللىق كىتابلارنى ئوقۇيمەن؛ دەرمان بار، ئەمما ئارمان يوق چاغلاردا چۈشىنىشكە بىرقەدەر ئاسان، بازارلىق كىتابلارنى ئوقۇيمەن؛ ئارمانىمۇ، دەرمانىمۇ يوق چاغلاردا، رەسىملىك كىتابلارنى، ژۇرناللارنى كۆرۈپ قويىمەن.

ھازىرقى جەمئىيەتتە، ياش ـ قۇرامىغا بېقىپ، مەزگىلگە قاراپ، كىتابلارنى تۇرگە ئايرىپ، تاللاپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

رومان ئوقۇغاندا ئۆزىمىز ئامراقلىرىنى تاللاپ ئوقۇساق بولىدۇ، ئادەم دەسلەپتە قىزىقىش سەۋەبىدىن كىتاب ئوقۇيدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا چەۋەندازلارنىڭ ھېكايىلىرىغا ئامراق ئىدىم. كېيىن ئۇلارنىڭ يىل بويى يۇيۇنمايدىغانلىقىنى

بىلىپ، قىزىقماس بولۇپ قالدىم. چوڭ بولغاندىن كېيىن، داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكرەك قىزىقىدىغان بولدۇم. ئوقۇش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ھېكايىنى قانداق بايان قىلغانلىقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن.

قورال كىتابلارنى ئوقۇشتىكى مەقسەت ناھايىتى ئاددىي، يەنى مەلۇم تۈرلۈك ماھارەتنى ئىگىلەش. دەرسلىكلەر بىز ئەڭ كۆپ ئوقۇغان قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ. ھەرگىز خەتمۇخەت ئوقۇماسلىق، چوقۇم مۇھىم نۇقتىنى تېپىش كېرەك. تارىخ ۋە پەلسەپە توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. تارىخ توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش ئادەمنى غەرەز ئۇقىدىغان قىلىدۇ، بىز سادىر قىلغان ھەربىر سەۋەنلىك ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. پەلسەپە توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ھەقىقىي تۈردە يۇكسەلدۈرىدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئويلاندۇرىدۇ. «سۇ بويىدا» باللار ئوقۇيدىغان كىتاب ئەمەس، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» ياشانغانلار ئوقۇيدىغان كىتاب ئەمەس. يېشىڭىز كىچىك تۇرۇپ پەلسەپە كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇپ كەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم پەلسەپە كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزى 15 ياش تۇرۇپمۇ، 50 ياشلىق ئادەمدەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

جۇڭگولۇقلار «ماھارەت» ۋە «تەدبىر» ھەققىدە گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىتاب ئوقۇسىڭىز مۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئەمىلىڭىز ئۆسۈپ، مائاش قوشۇلىدۇ دېيەلمەيمەن: كىتاب ئوقۇسىڭىز ماددىي مەئىشەتلەر دۇنياسىدا قاناتلىنىسىز دېيەلمەيمەن: ئەمما شۇنداق دەپ

ئېيتالايمەنكى، كىتاب ئوقۇش ھەرقانداق بىر دەۋردە ئۆزىڭىزنى بالداقمۇ بالداق يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئادىل، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئەلۋەتتە، ھازىرقى زاماندىمۇ شۇنداق.

كىتاب ئوقۇڭ، نەتىجىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماڭ. جەريانىنىڭ ئۆزى نەتىجە.

www.uyghurkitap.com

*دىيالوگلار:*

# نۇرئەلى بىلەن يۇ مىنخۇڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا

رىياسەتچى: ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن نۇرئەلى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى»، «سەرخىل ياش»، «ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقاتقۇچى»، «ئىلھام بېغىشلىغۇچى»... دېگەندەك نۇرغۇن نام ـ ئاتاقلارغا ئېرىشتى. نۇرئەلى «غەلىتە پاراڭلار»، «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» قاتارلىق پىروگراممىلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇلدى. ئۇ «يېڭى شەرق» گۇرۇھىدىكى 20 مىڭغا يېقىن ئوقۇتقۇچى ئارىسىدىن تاللىنىپ چىققان 12 نەپەر ئالىي دەرىجىلىك لېكتورنىڭ بىرى، شۇنداقلا «يېڭى شەرق»تىكى ئەڭ ياش ناتىق. ئۇ قوزغاتقان «سەھەرچىلەر گۇرۇپپىسى»، «كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى» مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ سەھەر تۇرۇش، كىتاب ئوقۇشتەك ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. مانا مۇشۇنداق بىر ياش تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىش، ئۇتۇق قازىنىش جەريانى خاتىرىلەنگەن «بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت» ناملىق كىتاب كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم مەزكۇر كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېيتقاندەك: «ئەلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۆۋەتتە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلارغا غەلىبە قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت بىر ئىمكانىيىتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ بەردى: بىر ئادەم ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان تەقدىردىمۇ، كېچە - كۈندۈز بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە تايىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەلۇم بىر ساھەدە ۋايىغا يېتىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىگە تەۋە بىر دۇنيا يارىتالايدۇ.» 20 يىلنىڭ ئالدىدا، يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم «يېڭى شەرق»نى قۇرۇپ، مىليونلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرغانىدى: 20 يىلدىن كېيىن، نۇرئەلى بوشاشماي كۈرەش قىلىش جەريانى ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئىلھام بېغىشلىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوخشاشمىغان دەۋردىكى «كۈرەش» ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشقانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى.

يۇ مىنخۇڭ: ئەينى چاغدا «يېڭى شەرق»نى قۇرۇشۇمنىڭ غايە بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، پەقەت پۇلۇم قالمىغاچقا، پۇل تېپىشنى ئويلىغان. ئادەمدە شۇنداق بىر نەرسە بولمىسا بولمايدۇ، يەنى ئەلى ئېيتقاندەك يادرولۇق ئامىل، ھەر ۋاقىت مەلۇم بىر تەرەپتە تېخىمۇ ياخشى بولۇشنى، شۇ تەرەپتە تېخىمۇ كۆپ بىلىشنى، تېخىمۇ ئۇتۇق قازىنىشنى ئويلايدىغان بىر خىل روھ. پۇل تېپىش ياكى نام چىقىرىش ئارزۇسى ياشاشنىڭ مەقسىتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بارلىق ئىش - ھەرىكىتىڭىز پۇل ئۈچۈن، بايلىق ئۈچۈن، نام - شۆھرەت ئۈچۈن بولۇپ قالغاندا، ھاياتىڭىزنى ياشاپ تۈگەتكەن بولىسىز. پۇل تېپىش يامان ئىش ئەمەس، پۇل يامان نەرسە ئەمەس. پىشقان ئادەملەر پۇل تاپقانلىقى سەۋەبلىك تېخىمۇ پىشىپ ۋايىغا يېتىپ كېتىدۇ: پۇچەك ئادەملەر پۇل تاپقانلىقى سەۋەبلىك تېخىمۇ پۇچەكلىشىپ كېتىدۇ.

نۇرئەلى: مەن يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمنىڭ راستچىللىقىنى

ئەڭ ياقتۇرىمەن. ھەقىقەتەن شۇنداق، پۇل ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى پۇل تاپقاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار پۇل تېپىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «يېڭى شەرق» نىڭ ئىلھاملاندۇرۇش مائارىپى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى: لېكسىيە سۆزلەشتىن باشقا، نۇرغۇن كونكرېت چارىلىرىمىزمۇ بار. مەن ئويۇن ئويناشقا بەك ئامراق، بۇ يىل «دىيابلو ـ 3» نىڭ جۇڭگودىكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدىم. كېلەر يىلى بىلىزارد شىركىتىنىڭ ئامېرىكىدىكى باش ئىشتابىغا زىيارەت ۋە ئۆگىنىشكە بارىمەن. مەن ئىزچىل تۇردە ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن ئويۇن ئويناشنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن. مەيلى «34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى» ۋە ياكى «سەھەرچىلەر گۇرۇپپىسى» بولسۇن، ئويۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئىلھام بېغىشلاش ئۈنۈمىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر بۇ ئىككىسىنى غەلىبىلىك بىرلەشتۈرەلىسەك، ئىشىنىمەنكى، ئىلھاملاندۇرۇش مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

يۇ مىنخۇڭ: ئەلىنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى، پىشىپ يېتىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز. مېنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىم ئانچە كونكرېت ئەمەس، ئۈچ يىلدىن كېيىن مۇنداق نىشانغا يېتىمەن دېگەندەك پىلانلىرىم يوق. ئەمما ھەر ۋاقىت ئاكتىپ روھىي ھالەتتە تۇرۇشقا، ھەر كۈنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىستىكىدە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن. بۇنداق روھىي ھالەت ئىنتايىن مۇھىم. ئادەم بۇ ئۆمرىدە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە بىلىپ بولالمايدۇ، كۆپىنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ قانداق ئادەمگە

www.uyghurkitap.com

ئايلانماقچى ئىكەنلىكىنى بىر ئۆمۈر بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئەلىگە ئوخشاش ھەربىر كۈننى پىلانلىق، نىشانلىق ئۆتكۈزىدىغان، قىسقا مەزگىللىك پىلانلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق، بىر نىشانغا يېتىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىنكى قەدەمنى پىلانلايدىغان بۇنداق ئادەملەر چەكلىك ئۆمرىدە چەكسىز ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

رىياسەتچى: ئەلى ئۈچ يىلدىن بۇيان باشقىلارنىڭ سەھەر تۇرىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن خالىس 200 نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. لېكىن ئۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى ئىقتىسادچىل، ئىشلىتىۋاتقان كومپيۇتېرى ۋە سومكىسى شۇنچە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇزۇلۇپ قالسا ياسىتىپ، ھازىرغىچە ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇ بۈگۈن كىيىپ كەلگەن 300 نەچچە يۈەنلىك بۇ كۆڭلەك ئۇ كىيگەن ئەڭ قىممەت كۆڭلەك ئىكەن. ئەلى ئۆزىگە شۇنچە پىخسىق بولغان بىلەن، باشقىلارغا شۇ قەدەر سېخىي. يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ: ئەلى بىر كۈنلۈك دەرسلىرىنى تۈگىتىپ كېچە سائەت 11 دە يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم بىلەن ئۇندىدارد خىزمەت توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتىدۇ. پاراڭلىشىۋېتىپ تۇيۇقسىز جىمىپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا ئۇخلاپ قالغانىكەن.

نۇرئەلى: تەخمىنەن ئىككى يىل ئىلگىرى، يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىم مېنى تۇنجى قېتىم بىللە كوماندىروپكىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. لەنجۇ ئايروپورتىدىن شەھەر رايونىغىچە 70 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شەھەر رايونىغا كىرگۈچە بولغان ئاشۇ بىر يېرىم سائەت ۋاقىتتا، ھەممەيلەن چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆزىمىزنى يۇمۇپ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالماقچى

بولدۇق. پەقەت يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىملا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ئېلخەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇۋاتاتتى. مېنىڭ يۈ مىنخۇڭ مۇئەللىمدىن شۇنى سورىغىم كېلىۋاتىدۇ: بۇنچە جاپالىق خىزمەت قىلىشىڭىزغا تۈرتكە بولۇۋاتقىنى زادى نېمە؟

يۈ مىنخۇڭ: ئەمەلىيەتتە تۈرتكە بولۇۋاتقان نەرسە دېگەندىن كۆرە، تۇغما قابىلىيەت دېگەن تۈزۈك، يەنى، ئاپتوموبىلدا ماڭغاچ كومپيۇتېرغا قارىسام بېشىم قايمايدۇ. دەسلەپتە ئاپتوموبىلنى ئۆزۈم ھەيدەپ ئىشقا بېرىپ - كېلىشنى ياقتۇراتتىم. كېيىن بېيجىڭدا قاتناش بارغانچە قىستاڭ بولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىققان چاغلىرىمدا، ئاشۇ يەتتە - سەككىز سائەتلىك سەپەر بىر پارچە كىتابنى ئوقۇپ بولۇشۇمغا يېتىدىكەن، ياكى بولمىسا، كومپيۇتېردا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىكەنمەن، بىرەر نەرسە يازساممۇ بولىدىكەن.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر بۇرادەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ «يۈ مىنخۇڭنىڭ ئەمگەك ۋە ئىستىراھەت ۋاقىت جەدۋىلى» دەپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ، مېنىڭ بىر كۈننى تەخمىنەن قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى بايان قىپتۇ. كەچ سائەت 12 بولغاندا، مەيلى قانداق مۇھىم ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئۇخلايمەن. كەچتە سائەت ئىككى - ئۈچلەرگىچە خىزمەت قىلىپ، ئەتىسى سائەت سەككىزدە ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز، ئەمەلىيەتتە بىرەر مىنۇتمۇ تېجىگەن بولمايدىكەنسىز. زادى ئامال بولمىغاندا، بۇ باشقا گەپ. مەن ھازىر كەچ سائەت 12 دىن بۇرۇن چوقۇم ئۇخلايمەن، ئەتىگەندە 6:30 دا ئورنۇمدىن تۇرىمەن. چوقۇم يۇيۇنىمەن، ئۆزۈمنى

سەگىتىش ئۈچۈن ئادەتتە سوغۇق سۇدا يۇيۇنىمەن. ئاندىن ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر يۈگۈرىمەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يۈگۈرمەيمەن. بولمىسا ۋاقىت ئىسراپ بولىدىكەن. مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان بولمىغاندىكىن، شۇنچىلىك يۈگۈرسەم يېتىدۇ. يۈگۈرگەندە تېزرەك يۈگۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن تەر چىقىدۇ، تەر چىقسا ئادەم يەڭگىللەپ قالىدۇ. بەزىدە بەك تەرلەپ كېتىپ قالسام، يەنە بىر قېتىم، سوپۇن ئىشلەتمەيلا، بىر مىنۇت ئەتراپىدا يۇيۇنىۋالىمەن. يەتتە يېرىمدىن سەككىز يېرىمغىچە بىر سائەت خىزمەت قىلىمەن. ئېلخەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، ئۈچۈر ۋە ئۈندىدارغا جاۋاب قايتۇرىمەن. بۇنداق چاغدا ئۈندىدارنى كومپيۇتېرغا ئۇلىۋالىمەن، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ تېز جاۋاب قايتۇرغىلى بولىدۇ. توققۇز يېرىملاردا ئىشخانامغا بارىمەن. بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماقتا تەخمىنەن ئون مىنۇتتىن ۋاقىت سەرپ قىلىمەن. بۇ ئادەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. تاماق يەپ بولۇپلا ئولتۇرىۋالمايمەن، ئادەتتە ئون مىنۇت ئەتراپىدا سەيلە قىلىپ، تاماق سىڭدۈرىمەن. بۇنىڭ سالامەتلىككە پايدىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، چېنىقىشنىمۇ قولدىن بەرمەيمەن. مەسىلەن، قىشتا قار تېيىلىمەن. بۇلتۇر قىش تۇنجى قاردىلا پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋېلىپ، بىر قىش قار تېيىلالمىدىم. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بىر ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇ ئۈزۈپ تۇرىمەن. بۇلارغا كۈندىكى سەيلە قىلىش قوشۇلسا، ساغلاملىقىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى تەننىڭ ساغلاملىقى. ئەلىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاش. مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرگەندە، ۋاقىتتا

ئۇخلىغاندا، ئۇيقۇنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇيقۇ ياخشى بولسا، خىزمەتتە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

رىياسەتچى: ئاسانلا قولغا كەلگەندەك كۆرۈنگەن نەتىجىلەر ئەمەلىيەتتە زور تىرىشچانلىق بەدىلىگە كەلگەن. مەيلى قايسىلا نۇقتىدىن قارىمايلى، ئىككىڭلارنىڭ غەلىبىسى ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسى. بەزىلەر ھازىر دادىسىنىڭ كۈچىگە، چىرايىغا تايىنىدىغان زامان دەيدۇ، ياشلار دائىم مۇنداق سورايدۇ: ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۇتۇق قازىنىش ئىمكانىيىتى ھازىرمۇ بارمۇ؟

نۇرئەلى: مەنمۇ، يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىممۇ ئۆزىمىزگىلا تايانغان ئەمەس. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا، بۈگۈنكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق. نۇرغۇن ئادەملەر ھازىر دېگەن ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىدىغان جەمئىيەت دەيدۇ، مەنمۇ ئاتامغا تايانسام بولاتتى، لېكىن مېنىڭ ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن. بەزىلەر مېنى سەن كېلىشكەن دەيدۇ، ھازىرچە ماقۇل دەپ تۇراي. مەن ئىنچىل تۇردە ئادەمنىڭ مەنىۋى ساپاسى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايمەن. مېنىڭمۇ ئىنتايىن سېمىز، ئىنتايىن سەت چاغلىرىم بولغان، ئەڭ سېمىز ۋاقتىمدا 92 كىلوگرام كېلەتتىم. سەتلىكىمدىن ھەتتا قىزلارغا مۇھەببەت خېتى يازسام، خېتىمنى ئالدىمدىلا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن. مەن بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە ھەقىقىي ئىقتىدارىغا، تىرىشچانلىقىغا تايىنىدىغان كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت بارلىقىغا باشتىن ـ ئاخىر ئىشىنىپ كەلدىم. بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئاتا ـ ئانىسىغا، چىرايىغا تايانغاندىلا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ دەيدىغان قاراشقا قوشۇلمايمەن.

مېنىڭچە ئەڭ مۇھىمى ئالدى بىلەن ئۆزىدە مەلۇم بىر

www.uyghurkitap.com

ئارتۇقچىلىق ھازىرلاش كېرەك، ھېچبولمىغاندا، مەلۇم بىر كەسىپتە تىلغا ئېلىنغۇدەك بولالىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتە ئارتۇقچىلىقىم بار، ئىنگلىز تىلىنى ئاساس قىلدىم. توفېل ئىمتىھانىنىڭ ئېغىز تىلى ۋە يېزىقچىلىق قىسمىدا تولۇق نومۇر ئالغانلىقىمدىن ئۆزۈممۇ ئىنتايىن خۇشال. مەلۇم بىر ساھەدە ئۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا كېڭەيتسەك بولىدۇ. تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ قالتىسلىرى «T» شەكىللىك بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئادەم مەلۇم بىر ساھەدە ۋايىغا يېتىپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كېڭەيسە، چوقۇم ئۇتۇق قازىنالايدۇ. مېنىڭچە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ راۋان، تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

يۇ مىنخۇڭ: ئاتا ـ ئانىسىغا، پۇلغا تايىنىدىغانلار يەنىلا بار. ھازىرقى دەۋر بىز ياشىغان دەۋردىن كۆپ ياخشى؛ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بايلىق مەنبەسى، ئۇچۇر چەكلىك ئىدى، مەنبەنى، ئۇچۇرنى ئىگىلىگەن ئادەملەر كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولاتتى. لېكىن ھازىر ئىنتېرنېت تورى ئومۇملىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بارلىق ئۇچۇرلار ئاشكارا بولۇپ كەتتى، دۇنيا ھەقىقىي تۈردە كىچىك بىر كەنتكە ئايلاندى.

مېنىڭ بۇنداق بىر نەزەرىيەم بار، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇتۇقلىرى ياكى بەخت ـ سائادىتى مەقسەتلىك تىرىشچانلىق بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىدۇ.

چوقۇم مەقسەتلىك تىكلەنگەن نىشان بىلەن ياشاش كېرەك. سىلەر ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى نەتىجە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلەلىدىڭلار. بەلكىم چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىشنى نىشان قىلمىغان

بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما جۇڭگودىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتىمەن دەيدىغان نىيىتىڭىز چوقۇم بار ئىدى. بولمىسا بۇنداق ياخشى مەكتەپكە كېلەلمىگەن بولاتتىڭىز. نىشانىڭىز توغرا بولسىلا، بۇ خىل مەقسەتلىك تىرىشچانلىقتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭ. ئارىلىقتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن قەتئىيلىك كۆپىنچە ھاللاردا ياخشى بولىدۇ.

مېنىڭ ھاياتىمدا مەقسەتلىك تىكلىگەن كۈرەش نىشانلىرىم بار. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈش مېنىڭ نىشانىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش مېنىڭ كۈرەش نىشانىم ئىدى. «جۇڭگولۇق شېرىكلەر» دېگەن كىنونى سىلەرمۇ كۆرگەن. ئۇنىڭدا يېزىلىق ھېلىقى بالا ئانىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش پۇرسىتى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ دەل شۇنداق كەچۈرمىشىم بولغان. مېنىڭ ئەينى چاغدىكى نىشانىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈش ئەمەس، بەلكى يېزىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. بىزنىڭ ئۇ دەۋرىمىزدە يېزىدىن قۇتۇلالمىسىڭىز، چىقىش يولىڭىز بولمايتتى. «يېزىدىن ئايرىلىش» تىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نىشان ئۈچۈن ساق ئۈچ يىل تىرىشتىم. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈپ كېتىشىمنى ئويلىمىغانىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم ئادەتتىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، نوپۇسۇمنى شەھەرگە يۆتكىۋېلىش ئىدى. بۇ نىشاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار ، ئۇ بولسىمۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش. ئەلى ئەمدىلا لېكسىيە سۆزلەشكە باشلىغان چاغدا، ھاياتتا ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئەتە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز دېگەن بىر گەپنى قىلغانىدى،

بىز ھەقىقەتەن ئەتە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ھاياتتا ئويلىمىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ھاياتتا ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇچۇنلا تىرىشىشتىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز 100 يىل ياكى 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنداقتا ئاشۇ ئۆمرىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىسىز؟ بىرى ئۆمۈرلۈك نىشان، يەنە بىرى باسقۇچلۇق نىشان. مەن باسقۇچلۇق نىشانلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، بەزىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. شۇنداقتىمۇ داۋاملىق تىرىشىۋاتىمەن.

ئەينى چاغدا ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان چاغدا، باشقا ئىشىم بولمىغاچقا، سۆزلۈك يادلىدىم، بەربىر يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ دەرس ئۆتىمەن، بالىنىستتا يېتىپ ئىنگلىز تىلىنى يەپ بولسام بولمايدۇ ـ دە! شۇنداق قىلىپ، 20 ~ 30 مىڭ سۆزلۈكنى يادلاپ بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانداق نىشانىم يوق ئىدى. نىشان بولمىسىمۇ، ئىلگىرىلەش دېگەن ھامان ئىلگىرىلەش. كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پۈت تىرەپ تۇرالىشىم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ ياخشى سۆزلۈك ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغانلىقىم، ئاخىردا «يېڭى شەرق»نى قۇرۇپ چىقىشىم دوختۇرخانىدا سۆزلۈك يادلىشىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ «GRE» سۆزلۈك سىنىپى ئاچتىم. مەيلى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز بولسۇن، مېنىڭچە تىرىشقانلىقنىڭ ھامان پايدىسى بار.

لېكىن بەزى چاغلاردا مەقسەتلىك تىرىشقان بىلەنمۇ نىشانغا يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، مەن چەت

ئەلگە چىقىش ئۇچۇن ئۈچ يىل تىرىشتىم، ئاخىردا ئامېرىكا كونسۇلى ماڭا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلدى. جەمئىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەۋر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، بەزىلىرىنى ھېچ قىلمايلا قالىمىز. ئالدىن بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر تاسادىپىي پۇرسەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قىز دوستىڭىز تاشلىۋەتكەن چاغدا، گەرچە ئازابلانسىڭىزمۇ، سانسىز قىزلار ئىچىدىن يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولىسىز. مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا جازالاندىم، بۇ مەن ئۇچۇن بىر مەغلۇبىيەت. بۇ مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلگەن تاسادىپىي پۇرسەت دەل «يېڭى شەرق» نىڭ دۇنياغا كېلىشى بولۇپ قالدى. بىر نەرسىگە ئېرىشكەن ئىكەنمىز، يەنە بىر نەرسىدىن مەھرۇم قالىمىز. لېكىن كارىۋاتتا ئۇخلىسىڭىز يېتىپلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغىمۇ چوقۇم تىرىشىش، بەدەل تۆلەش ھەم پۇرسەتنى تۇتۇش كېرەك. شەخسەن مەن ھاياتىمىزنى بېيىتىمەن دەيدىكەنمىز، ئۆمۈرلۈك تىرىشچانلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمەن.

رىياسەتچى: ئىككىڭلارنىڭ كەچۈرمىشىدىن مۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدۇق: ئۇتۇق قازىنىش ئىمكانىيىتى ئاران بىر پىرسەنت بولغان تەقدىردىمۇ، توختىماي كۈرەش قىلىش، تىرىشىش كېرەك؛ ئىككى ھەسسە بەدەل تۆلىگەندىلا ئۇمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سىلەرچە قانداق ئىختىساسلىقلار سەرخىللار قاتارىغا كىرەلەيدۇ؟

نۇرئەلى: ئالدى بىلەن، مەن ئۆزۈمنى سەرخىللار قاتارىدا دېيەلمەيمەن. مەن بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق ئادەتتىكى

بىر ھاماقەتتىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شەخسىي ئىگىسىگە ئايلاندىم. مەن مىكروبىلوگىمنىڭ باش بىلىگە ئۆزۈمنىڭ ئەڭ سېمىز چاغدىكى رەسىمىنى چىقىرىپ توختىماي ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن. ئۆزۈمنى «سەرخىل» دەپ ئاتاشقا پېتىنالمايمەن. كۆپچىلىك بەزى ئادەملەرنى «سەرخىل»، بەزى ئادەملەرنى «سەرخىل» ئەمەس دەپ ئايرىشى مۇمكىن. ھازىرقى جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، بۇنىڭ خاتا يېرى يوق. لېكىن ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ شەخسىيەتچى ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ بىرى. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەھمىيەتلىك ھايات ياكى سەرخىل ئىنسانلار «ئۆمۈردىن ئۆزۈن» ئىشلارنى قىلالىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز قىلغان ئىشلار پەقەتلا ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولسا، ئۇ ھالدا سىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايسىز، چۈنكى بۇ دۇنيادا ئەھمىيەتلىك بىرەر نەرسە قالدۇرالمىدىڭىز؛ ئەگەر بۇ دۇنيادا پەقەت پۇل ئۈچۈنلا كۈرەش قىلغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېچكىم سىزنى ئەسلىمەيدۇ؛ ئەگەر كۆپچىلىك ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، كۆپچىلىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياشىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايسىز.

يېقىندا چىڭدۇغا لېكسىيە سۆزلىگىلى بارغانىدىم. لىفتتىن چاتاق چىقىپ، كونتروللۇقىنى يوقاتتى. يېرىم سائەت لىفتتا سولىنىپ قالدىم. شۇ چاغدا ھاياتىم ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئەگەر مەن ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ھەرھالدا مەندىن مىننەتدار بولىدىغان 6000 ئادەم بار ئىكەن، ھېچبولمىغاندا ئۆلارنىڭ سەھەر تۇرىدىغان ئادەت

يېتىلدۈرۈشىگە، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا ياردەم قىلالايتتىمەن، ئۇلار مېنى ئەسلەپ تۇرغۇدەك دەپ ئويلىدىم.

بەلكىم شەخسىيەتچى بولۇشنىڭمۇ يامىنى يوقتۇ. لېكىن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان چاغدا، چوقۇم قەلبىڭىزدە بىر ئۆكۈنۈش قالىدۇ. باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇپ ياشىسىڭىز، ئەڭ بولمىغاندا بىر خىل ئىللىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ياشايسىز.

يۇ مىنخۇڭ: ھەممىشە ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلەيدىغان ئادەم پايدا ئالالمايدۇ. باشقىلارنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، ئۆز دۇنيارىڭىز بارغانچە كىچىكلەپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ يۈرىكى تاش ئەمەس، ئويلاپ بېقىڭ، يېنىڭىزدا بىر ئادەم بار، ناھايىتى ئەقىللىق، ئەمما بەك شەخسىيەتچى، بۇنداق ئادەمدىن تەبىئىي ھالدا يىراقلىشىسىز. مەن ئەتراپىمدىكى ھەم ئەقىللىق ھەم قۇۋ ئادەملەرنى ئادەتتە دوست قاتارىدا كۆرمەيمەن. ھەم ئەقىللىق، ھەم قۇۋ شۇنداقلا شەخسىيەتچى ئادەملەرنى كۆرسەم، كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا ھە دەپ قويۇشىم مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز دامىغا چۈشمەيمەن. مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەم، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق بېغىشلىيالىسام، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم قىلالىسام دەپ ئويلايمەن. ئەگەر شۇنداق قىلالىسىڭىز ئۆز دۇنيارىڭىزنى بارغانچە كېڭەيتەلەيسىز.

ئاددىي بىر مىسال ئالساق، ھازىر مەندىن تۈرلۈك ياردەملەرنى سورايدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. چۈنكى بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئادەمنىڭ قولىمۇ ئۇزۇن بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ بالىلىرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان بولغاچقا، تەكرار قىلىپ بېرىدىغان ئادەم لازىم بولسىمۇ مېنى ئىزدەيدۇ. مەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ

قىلىش ئۈچۈن بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىمەن. باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق ئۆز - ئۆزىگە ياردەم قىلغان بىلەن باراۋەر. چېچەن بولغاننىڭ خاتاسى يوق، ئۆزىنى كۆچەيتكەننىڭ خاتاسى يوق، لېكىن بۇ جەرياندا باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ ئويلاپ قويۇش، باشقىلارغىمۇ ياردەم قىلىش كېرەك. بۇ ھاياتىمىزنىڭ مەنىلىك، خۇشال ئۆتۈشىگە پايدىلىق. شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر ئادەمنى مەيلى قانچىلىك ئۇتۇق قازانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «سەرخىل» دېگىلى بولمايدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتىدە، ھەقىقىي مەنىدىكى «سەرخىللار» ئۆزى ئۇتۇق قازانغاندىن سىرت، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا كۈچ قوشالىغان ئادەملەردۇر. بۇ يەردىكى جەمئىيەت پەقەت جۇڭگونىلا كۆرسەتمەيدۇ، دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. چوقۇم ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولۇشى، جۇڭگونىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشالايدىغان ئادەم بولۇش كېرەك. مانا بۇ بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.

تىرىشىش بىلەن تىرىشماسلىق پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. تىرىشمىسىڭىز ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز؛ تىرىشىپمۇ يەنە قۇرۇق قول قالىدىغان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا تىرىشتىڭىز، ھاياتىڭىزدىن بىر ئىز قالىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم.

رىياسەتچى: ئەلى «دەرىجىدىن تاشقىرى ناتىق» سەھنىسىدە ئاتىسى بىلەن ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قانداق ياردەم قىلغانلىقىنى سۆزلىگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىسىز ياش تۆكۈشتى. دەرۋەقە، ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىگەن ئادەمدۇر.

نۇرئەلى: مېنىڭ ئارزۇيۇم ھەركۈنى كىچىككىنە بولسىمۇ ئىلگىرىلەش. پەقەت كۈندىن ـ كۈنگە ئەنە شۇنداق ئازراقتىن بولسىمۇ ئىلگىرىلەپ ماڭالىسىڭىزلا، ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىڭىز چەكسىز پارلاق بولىدۇ.

يۇ مىنخۇڭ: ھەربىرىمىز ساپ ھەم پاك قەلبىمىز بىلەن جۇڭخۇانىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## خاتىمە

«بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت» ناملىق كىتابنىڭ قايتا نەشر قىلىنغانلىقىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم.

ئۆتكەن بىر يىلدا، ئۆتكەن 8760 سائەت ئىچىدە مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان گۈزەل مىنۇتلارنى، يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردۈم.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مەنمۇ بىر ھەقىقىي مەنىدىكى قەلەمكەشكە ئايلاندىم.

نەچچە كۈن ئاۋۋال، «غەلىتە پاراڭلار»نىڭ 3 ـ بۆلۈمىنى سۈرەتكە ئېلىۋاتقاندا، خېلى كۆپ تاماشىبىنلار ماڭا باشتا بۇ كىتابنى پەقەت مېنى دەپلا سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئوقۇش داۋامىدا كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ئۇسۇل ۋە كۆزقاراشلاردىن تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە كۆپ نەپ ئالغانلىقىنى ئېيتىشتى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلدۇق.

ئۆتكەن يېرىم يىل ئىچىدە چېڭدۇ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، خاربىن، تيەنجىن... قاتارلىق شەھەرلەردە ئىمزا قويۇپ سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر كەلدى، ئۆتكەن بىرقانچە يىل داۋامىدا 34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى، «سەھەرچىلەر گۇرۇپپىسى»، «كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى» ۋە مېنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسلىرىم ئۇلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

بىر قەلەمكەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز قەلبىدىن چىققان ئۇنچىلەرنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ چۈشەنگەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى بىلىشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك.

2015 - يىلى 8 - ئايدا شىنجىڭدا ئىمزا قويۇپ سېتىش پائالىيىتى قىلغان ۋاقتىمىزدا، مۇخبىر بولۇش ئىرادىسى بىلەن ئوقۇۋاتقان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تولىمۇ ئۆتكۈر سوئالدىن بىرنى سورىدى: «ھازىر ئازراق نامى چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كىتاب يازىدىغان بولۇپ كەتتى. سىزمۇ نامىڭىز چىققا - چىقمايلا كىتاب يازدىڭىز، مەقسىتىڭىز تېخىمۇ نام چىقىرىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈنمۇ؟»

گەرچە ئازراق تەئەججۈپلەنگەن بولسامۇ، يەنىلا دەرھال جاۋاب بەردىم: «شۇنداق، نام چىقىرىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن. بۇلار نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۈرەش قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل. بۇنىڭ بولمايدىغان يېرى بارمۇ؟» كۆپ ھاللاردا ئەخلاقنىڭ يۈكسەكلىكىگە چىقىۋېلىپ، نام - ئاتاق ۋە پايدا - مەنپەئەت قوغلاشقانلارنى تەنقىد قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم بۇ مەقسەت ئۈچۈن ناتوغرا ۋاسىتە قوللانمىغانلا بولسا، قوللاش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، كۆپچىلىك ئادىل مۇھىتتا رىقابەتلىشىش، تىرىشىش، ئۆز قىممىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئايىمنى سورىغانلار كۆپ.

ئەگەر مەن ئۇلۇغۋار قىياپەتتە نام - ئاتاق، پايدا - مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېسەم، ئازراق ساختا بولۇپ قالىدۇ.

كىتابىمنىڭ بېشىدا ئاتامغا بولغان ھۆرمەت -

www.uyghurkitap.com

ئېھتىرامىمنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. مېنىڭ ئىسمىم نۇرئەلى، مىللىتىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە، ئاتامنىڭ ئىسمى دەل مېنىڭ فامىلەم بولىدۇ. ئاتامنىڭ ئىسمىنى ۋە ئىش-ئىزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. ناۋادا كىشىلەر مۇشۇ كىتاب سەۋەبلىك دۇنيادا شۇنداق بىر ياخشى ئاتىنىڭ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان شۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلسە، شۇنىڭ ئۆزىدىنلا قانائەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمنىڭ كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك ئويلىنىشقا يېتەكلىيەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بىر لېكسىيەچى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ھەر قېتىم لېكسىيە سۆزلىگىلى چىققان ۋاقتىمدا، مۇنداق بىر ئوخشايسىز ئەھۋالغا دۇچ كېلىمەن: ئەمدىلا مۇنبەرگە چىقىپ، ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى سۆزلەي دەپ تۇرسام، ئارىدىن بىرەيلەن ئەلى مۇئەللىم، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز بولمامدۇ، ــ دەيدۇ. كەسىپ پىلانلاش توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرسام، ئەلى مۇئەللىم، قانداق قىلغاندا ئورۇقلىغىلى بولىدۇ، ــ دەپ سورايدۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ ھاياتىمىزغا پايدىلىق تەرەپلىرى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرسام، قانداق قىلغاندا قىز دوست (ياكى ئوغۇل دوست) تاپقىلى بولىدۇ، ــ دەپ سورايدۇ.

مەيلى قانداقلا تەييارلىق قىلىشتىن قەتئىينەزەر، بارلىق مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغان لېكسىيە سۆزلىگىلى بولمايدۇ. لېكىن مېنىڭ سىلەرگە دېمەكچى بولغانلىرىم ناھايىتى كۆپ. شۇلارنىڭ ھەممىنى قەلەم بىلەن كىتابقا پۈتتۈم.

ئۈچىنچى مەقسەتكە كەلسەك، مېنىڭ كۆپچىلىككە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە شىنجاڭنى كۆپرەك

تونۇشتۇرغۇم بار. نۇرغۇن ئادەملەر شىنجاڭنى يۇزەكى چۈشەنگەچكە، «ماركا» چاپلاشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ كىتابنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم. شۇ سەۋەب بىلەن، ھەر مىللەت كىشىلىرى ھەتتا ھەر مەملىكەت كىشىلىرى شىنجاڭنى چۈشەنسە، چۈشەنگەنلىكتىن شىنجاڭغا مۇھەببەت باغلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ماڭا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە، ئەلى مۇئەللىم بىر كۈن كەچكىچە كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھېرىش دېگەننى بىلمەيدىغان بىر ئادەم بولسام كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. گۆش بىلەن ئۇستىخاندىن تۈزۈلگەن ھەرقانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن، ئۇدا بىرقانچە يىل ھەركۈنى ئالتە سائەتتىن ئاز ئۇخلاشنىڭ ئازابى ئوخشاش بولىدۇ؛ مۇشكۇلاتلارغا يولۇققان چاغدىكى مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ئوخشاش بولىدۇ؛ پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ «يالغۇز جەڭ»گە چىققاندىكى تەشۋىش تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولىدۇ. مېنىڭمۇ ھارىدىغان، ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان چاغلىرىم بار. مەن ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا كۆرسەتمەيمەن، تەسەللى تەلەپ قىلمايمەن، خالاس.

ھەممە ئادەم ئوخشاش، ھېچكىم خاسىيەتلىك ئادەم ئەمەس. بەل قويۇۋەتكىنىڭىز كەلگەن ئاشۇ دەقىقىلەرنى چىشىڭىزنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىزلا، دۇنيادىكى 90% ئادەمدىن ئېشىپ چۈشكەن بولىسىز. قالتىس تورمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قالتىس تىزگىنلەپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. مەن ئۆزۈمگە شۇنداق تەلەپ قويىمەن، ماڭا كېرىكى

نورمال تۇرمۇش ئەمەس، قالتىس تۇرمۇش دەپ ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىمەن.

ھەرقانداق ئادەم قايناق ھاياجاندىن كېلىدىغان كۈچكە، ئىلھامغا موھتاج. ئەمما بىر كىتاب سىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنىلا دەپ بېرىپ، ئۇسۇلنى دەپ بېرەلمىسە، بۇنداق كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ئانچە زور بولماسلىقى مۇمكىن. مەن بۇ كىتابتا نۇرغۇن ئۇسۇللارنى، ماھارەتلەرنى تونۇشتۇردۇم. ئۇلار سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى ياخشىلىشىڭىزغا ياردەم قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتتىكى رولىڭىزنى بىلىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئۈنۈملۈك قوراللارمۇ بار. مەن بۇ كىتابنى «روھىيەتنىڭ توخۇ گۆشى قوردىقى» دەپ قارايمەن، ھەم يېيىشلىك، ھەم ئاچقان يەرگە بارىدۇ.

ئايدا بىرنەچچە مىڭ يۈەن مائاش ئالىدىغان، بېيجىڭدا ئىجارە ئۆي ئېلىشتىمۇ بىرقانچە قېتىم رەت قىلىنغان بىر مۇساپىر ۋاقتىمدا پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ، جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل جايلارنى تاماشا قىلىمەن دېگەن نىشاننى تىكلىگەنىدىم. يەنە تېخى مىكروبلوگىمدا چاقچاق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىئامى دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، بىر كۈن كەچكىچە ئوڭدا ياتىمەن، ئاپېلسىن شەربىتى ئىچىمەن دېگەنىدىم.

غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىلىقى ئۇنچە يىراق ئەمەس.

2014 ـ يىلى ئامازون يامغۇرلۇق ئورمانلىقىغا بېرىپ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل يۇلتۇزلۇق ئاسماننى كۆردۈم؛ 2015 ـ يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا

سەيلە قىلدىم؛ ئىمپېرىيە سارىيىغىمۇ، مەركىزىي شەھەر مۇزېيىغىمۇ كىردىم. مىئامى ساھىلىدا بىر كۈن كەچكىچە ئاپېلسىن شەربىتى ئىچىپ، سەھەردە قۇياشنىڭ چىققىنىنى، كەچتە قۇياشنىڭ پاتقىنىنى سۈرەتكە تارتتىم.

ئارزۇ - ئىستەكلەرگە، چەكسىز خۇشاللىققا تولغان مىنۇتلار تۈنجى قېتىم بېيجىڭغا كەلگەن چاغدا سەھەر سائەت تۆتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتكەن چاغدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمغا بەك ئوخشايدۇ. پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا كەتكەن، يېگانە سىزلا ئويغىنىپ، ئىلگىرى ئارمان قىلغان نامەلۇملۇققا يۈزلىنىسىز.

مېنىڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمنى قوللىغان بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. بولۇپمۇ ياخشى ھەمكارلاشقۇچۇم جاڭ شياۋئەينىڭ ماڭا شەرتسىز ئىشەنگەنلىكى، چەكسىز ياردىمى مېنىڭ بۇ كىتابنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىمغا تۈرتكە بولدى.

كېلەر يىلنىڭ مۇشۇ كۈنىدە، يەنى 8760 سائەتتىن كېيىن، بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىنكى سىزنىڭ بۈگۈنكى قارارىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋاقىتنى خاتىرىلەپ، ياخشى ئادەت، ياخشى مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، ھاياتىڭىزدا مەڭگۈلۈك ئۆزگىرىش ياساڭ.

ئەڭ ياخشى ئۆزىڭىزگە ئايلىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**قوشۇمچە 1:**

34 تىللالىق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى

كۈنلۈك ئۇخلاش ۋاقتى 7 سائەت

ئۇخلاش ۋاقتىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتى 17 سائەت

30 مىنۇت = 1 تىللا

ھەر كۈنى 34 تىللاغا ئىگە بولىمىز

**قوشۇمچە 2:**

ئەلىنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيەتلىرى

6:19

ئورنىدىن تۇرۇش

6:30

كۈندىلىك بەھرىلەش

7:00

ئىشقا بېرىش يولىدا

7:45

شىركەتكە يېتىپ كېلىش

11:00

كىتاب يېزىش

12:00

چۈشلۈك تاماق

14:00

يىغىن

18:00

بەدەن چېنىقتۇرۇش

21:20

ئىسپانچە ئۆگىنىش

22:30

بىردەم ئويۇن ئويناش

23:30

ئۇخلاش ئالدىدىكى ھېكايە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| 1.1 | 12.31 | 12.30 | 12.29 | |
|---|---|---|---|---|
| بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | 6:00 – 6:30 |
| يۈز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | يۈز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | يۈز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | ئۇخلاپ قاپتىمەن | 6:30 – 7:00 |
| كىتاب ئوقۇدۇم | ئىسراپ قىلىۋەتسەم | كىتاب ئوقۇدۇم | كىتاب ئوقۇدۇم | 7:00 – 7:30 |
| | تاكسىغا چىقىپ مەكتەپكە باردىم | يولغا چىقىشىم دەرسكە كېچىكىپ قالدىم | | 7:30 – 8:00 |
| | | ئاخىرقى قېتىم خۇلاسە دەرسى | | 8:00 – 8:30 |
| ئىشنى كېچىكتۈردۈم | ئىلخەت يوللىدىم | | ناشتا | 8:30 – 9:00 |
| | دەرس ئۆتتۇم. ئىككىنچى قېتىملىق كوچەيتىش | | سىنىپ ئىشىغا ئىشنى كېچىكتۈردۈم | 9:00 – 9:30 |
| ئىشقا ماڭدىم | | | ئىشقا بېرىش يولىدا | 9:30 – 10:00 |
| خىزمەت ئورۇنلاشتۇردۇم | | | ئىچىدە سىنىپلىدى سىنىپ ئىشىم | 10:00 – 10:30 |
| ئىنگلىز تىلى دەرسى، مىكرو بىلوگ ۋە PPT ماتېرىياللىرىنى رەتلىدىم | | | | 10:30 – 11:00 |
| | | | ئون ئالدۇق | 11:00 – 11:30 |
| سىنادىكى فەن ۋېنيەن بىلەن خالق يەنى تاماقتا تەكلىپ قىلدىم. مۇناسىۋەتلىك باتالىيەتلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق | چوشلۇك تاماق يېدىم | | | 11:30 – 12:00 |
| | سۇ سىپتىۋالدىم | | جوڭگامنى مېھمان قىلدىم. گەپنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئاڭلىدىم | 12:00 – 12:30 |
| ماتېرىيال رەتلىدىم | ئارام ئالدىم | خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق | | 12:30 – 13:00 |
| دەرسكە ماڭدىم | | PPT تەييارلىدىم | جوڭگامغا كومپيۇتېر ئالغىلى باردۇق | 13:00 – 13:30 |
| ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ تاپشۇردۇم. ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن | دەرس ئۆتتۇم. ئىككىنچى قېتىملىق كوچەيتىش دەرسى. نۇرغۇن ماتېرىيال تەييارلىدىم | جىڭشۈي 401-سىنىپ ئۈنجى قېتىملىق سىنىپ، خېلى ياخشى بولدى | | 13:30 – 14:00 |
| | | | ئاۋئاۋ بۇرادەر بىلەن مەكتەپلەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتۇق. نۇرغۇن مەكتەپلەرگە بارساق بولىدىكەن | 14:00 – 14:30 |
| | | | 2014-يىللىق خۇلاسىناق PPT ھۆججىتىنى ئىشلىدىم | 14:30 – 15:00 |
| | | | | 15:00 – 15:30 |
| | | | | 15:30 – 16:00 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 16:00 – 16:30 | پىروگراممىدا ئىشلىدۇق | | قايتىش يولىدا | |
| 16:30 – 17:00 | | | | |
| 17:00 – 17:30 | تالون كەستىم. خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق | | غەربچە كالا گۆشى كاۋىپى يېدىم | |
| 17:30 – 18:00 | چىنىقىشقا ماڭدىم | ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم | كالا گۆشى كاۋىپى يېدىم | چىڭشۇي. 2 ـ قېتىملىق |
| 18:00 – 18:30 | يوگۇردۇم، هورداققا كىردىم. رەسىمگە چۈشتۈم. يېتەرلىك تەر چىقمىدى | بىلوگقا مەزمۇن يوللىدىم. چىنىقىش زالىغا ماڭدىم | شىركەتكە كېلىپ، ئۈستەلنى رەتلىدىم | قايتىش يولىدا |
| 18:30 – 19:00 | | چىنىقىشقا تەييارلىق قىلدىم | تورغا چىقىپ ئارام ئالدىم | |
| 19:00 – 19:30 | | چىنىقتىم، هورداققا كىردىم. رەسىمگە چۈشتۈم. خىيلى بولدى. لېكىن ئوپېراتورنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم | ۋاقىت رەتلىدىم | چىنىقىش |
| 19:30 – 20:00 | | | ئىلياتنىڭ كىتابىنى ئاپتىم | |
| 20:00 – 20:30 | | | كىتاب ئوقۇش گۆرۈپپىسىنىڭ بىلوگ مەزمۇنىنى يوللىدىم | |
| 20:30 – 21:00 | | | | يۇيۇندۇم |
| 21:00 – 21:30 | پىروگراممىدا PPT خۇلاسىسىنىڭ ھۆججىتىنى تەييارلىدىم | | شىيۇ مۇئەللىمگە ئېلخەت يازدىم | قايتىش يولىدا |
| 21:30 – 22:00 | | قايتىش يولىدا | | «شېرلوك هولمىس» نى ئوقۇدۇم. ھەر خىل فىلىملەرنى كۆردۈم. بەك كۆڭۈللۈك بولدى |
| 22:00 – 22:30 | | سۈرەتلەرنى رەتلەپ. نەتىجەمنى يوللاشقا تەييارلىق قىلدىم | قايتىش يولىدا كاۋاپ سېتىۋالدىم | |
| 22:30 – 23:00 | | | لۈڭگە كېلىپ، سىرەمم سېتىۋالدىم | |
| 23:00 – 23:30 | | | تېلېۋىزور كۆردۈم. خەت ساندۇقىنى تەكشۈردۈم | |
| 23:30 – 24:00 | پىروگراممىنىڭ خۇلاسىسىنى سىنىغا ئالدۇق (ئۆزۈمدىن نەسىرلەندىم) | يېڭىدىن ئۆگىنىشمەكچى بولغان ئىشنى ئىلان قىلدىم | تېلېۋىزور كۆرۈپ ئارام ئالدىم | |
| 00:00 – 00:30 | | | ئويۇن ئوينىدىم | |
| 00:30 – 1:00 | | كەيپىياتنى تەڭشەپ، ئۇخلىدىم | ئارام | ئۇخلىدىم |
| Gult free play ئىچىلىپ ئويناش | 4 | 2.5 | 1.5 | 6.5 |
| ئارام Rest | 7 | 7.5 | 11.5 | 8 |
| Mandatory work مەجبۇرىي خىزمەت | 0 | | 0 | 0 |
| Quality work يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت | 11.5 | 13.5 | 10 | 8.5 |
| Procrastination كېيىنگە سۈرۈش | 1.5 | 0.5 | 1 | 1 |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## قوشۇمچە 3:

## ئەلىنىڭ 2015 - يىلى بىرىنچى ھەپتىلىك ۋاقىت خاتىرىسى

| | 1.2 | 1.3 | 1.4 | DEF |
|---|---|---|---|---|
| 6:00 – 6:30 | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | بىلوگقا مەزمۇن يوللاش | 1. ماشىنا سىزىقى ئېمىلەرنى ئۆگەتتى 2. ئارخىمېدنىڭ قول يازمىسىنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرىمىز 3. شەرەت تىلىغا تايىنىپ ئۆزىڭىزنى قانداق يارىتىسىز |
| 6:30 – 7:00 | يوز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | يوز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | يوز-كۆزلىرىمنى يۇدۇم | |
| 7:00 – 7:30 | كىتاب ئوقۇدۇم | يولغا چىقىشقا تەييارلاندىم | ئىسراپ قىلدىم، ئەمدى ئۆزۈمنى ئاياپ قويمايمەن | |
| 7:30 – 8:00 | | ئاپتوموبىلدا ئارام ئالدىم | يولغا چىقتىم | |
| 8:00 – 8:30 | | | ۋېيگوڭسۇن، كوچەيتىش سىنىپى ئاخىرلاشتى | بۇ ھەپتە كۆرگەن كىنو |
| 8:30 – 9:00 | سەيلە قىلدىم | ئارام ئالدىم | | «شېرلوك ھولمس» 3-بۆلۈم 1-قىسىم |
| 9:00 – 9:30 | | دەرس ئۆتتۈم، 3-قېتىملىق دەرس | | بۇ ھەپتە ئوقۇغان ماقالە |
| 9:30 – 10:00 | ئىچىم پۇشۇپ، ئىسراپ قىلىۋەتتىم | | | 1. «ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش ھەققىدە» 2. «كىتاب ئوقۇش ھەققىدە» 3. خومىر داستانلىرىغا تەقرىز |
| 10:00 – 10:30 | | | | |
| 10:30 – 11:00 | | | | |
| 11:00 – 11:30 | | | | بۇ ھەپتىلىك ئۆگىنىش ئەھۋالى |
| 11:30 – 12:00 | شىركەتكە ماڭدىم | كىتاب ئوقۇدۇم | | 1. «خومىر داستانلىرى» نى تۈگەتتىم 2. «چارلىز مانگىنىڭ تەرجىمىھالىنى» نى ئوقۇدۇم 3. ئىسپان تىلى |
| 12:00 – 12:30 | دوپپاق بۇرادەرنى مېھمان قىلدىم، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىنى چۈشەندىم، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياخشى دوستۇم ياردەمگە موھتاج | | | |
| 12:30 – 13:00 | | | چۈشلۈك تاماق، سۆزلۈك دەرسى بېرىدىغان ئىككى مۇئەللىمنى مېھمان قىلدىم | |
| 13:00 – 13:30 | | ئارام ئالدىم | | بۇ ھەپتە قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك 5 ئىش |
| 13:30 – 14:00 | تىڭشىغۇچنى ئاپىرىپ بەردىم | دەرس ئۆتتۈم، ئۈچىنچى قېتىم | | 1. 2014-يىللىق نىشانىنى تاماملىدىم |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 14:00 – 14:30 | جەدۋەلنى تۈزەتتىم. كۈن ئەرتىپ تۈزدۈم | | باش ئىشتابقا قايتىش يولىدا | 2. 2015-يىللىق پىلاننى باشلىدىم. «خومىر داستانلىرى» نى تۈگەتتىم<br>3. 2 سىن ماتېرىيالىنى پۈتكۈزدۈم (پىروگىراما خۇلاسىسى. 2014-يىللىق خۇلاسە)<br>4. كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى رەسمىي قۇرۇلدى<br>5. شۈيچىڭدىكى تۇنجى دەرس ئۇتۇقلۇق بولدى |
| 14:30 – 15:00 | | | باش ئىشتابقا، ئېلخەتلەرگە جاۋاب قايتۇردۇم | |
| 15:00 – 15:30 | | | خىزمەت ئورۇنلاشتۇردۇم | |
| 15:30 – 16:00 | كىنو دەرسىنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلەشتۇق | | كىتاب ئوقۇدۇم | |
| 16:00 – 16:30 | يادرەمچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلەشتۇق | قايتىش يولىدا، ئارام ئالدىم | ئىچىم سىقىلدى، تولا تېلېفون كېلىپ، ئىش قىلالمىدىم | |
| 16:30 – 17:00 | سۆزلۈك سىنىپىنىڭ تەشۋىقاتى | | | بۇ ھەپتە قىلغان ئەڭ بىمەنە ئۇچ ئىش |
| 17:00 – 17:30 | يۇ مىنخۇڭ مۇئەللىمگە ئېلخەت يوللىدىم | بانكىغا باردىم | | 1. كەچتە دەرسنى سىنغا ئېلىۋاتقاندا، ئېكراننى مايماق قىلىپ قويۇپ، دەرسلىكنى يوللىيالمىدىم<br>2. كىتاب ئوقۇۋاتقاندا دىققەتنى يىغالمىدىم<br>3. بەك كۆپ ئارام ئېلىپ يېتەرلىك چېنىقالمىدىم. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم يېرىم |
| 17:30 – 18:00 | كىيىنكى ھەپتىلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇم | كەچلىك ئاماقنى بەك كۆپ يەۋېتىمەن | چېنىقىشقا باردىم | |
| 18:00 – 18:30 | | | چېنىقتىم، ئۇنۇمى خېلى ياخشى بولدى | |
| 18:30 – 19:00 | | كىتاب ئوقۇدۇم | | |
| 19:00 – 19:30 | شاڭخەيدە سىنىپ ئېچىش ئىلتىماسىنى تاپشۇردۇم | رېركىسپ كەتتىم | | |
| 19:30 – 20:00 | ئاماققا ماڭدىم | | يۇيۇندۇم، ئۇيغۇرچە كىتاب سېتىۋالدىم، كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسىنى قوزغاتتىم | بۇ ھەپتىدىكى ئەڭ قالتىس 3 جۈملە سۆز |
| 20:00 – 20:30 | كاۋاپ يېدۇق | | | 1. خەت تونۇپ كىتاب ئوقۇمىساڭ نېمە پايدىسى.<br>2. ياشا، باشقىلى قوي.<br>3. ئاۋۋال ئادەم بول. ئاندىن ئىش قىلىسەن. |
| 20:30 – 21:00 | | | قايتىش يولىدا | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 21:00 – 21:30 | قايتىش يولىدا لى جون بىلەن باراڭلاشتۇق | قايتىش يولىدا | خىزمەت ئورۇنلاشتۇردۇم | بۇ ھەپتە ئاماققا تەكلىپ قىلغانلار (ئۆگىنىش) |
| 21:30 – 22:00 | بىلوگقا كىتاب ھەققىدە مەزمۇن يوللىدىم | ئۆيگە كەلدىم، رېرىكسپ كەتتىم | رېرىكسپ كېسىپ. سكار لۆنكوروۋەتتىم | 1. جوڭام. تەسىراتىم ئاغزىكى يوم. دانىشمەنلەر سۈكۈت قىلىشنى بىلىدۇ. 2. جاڭيەن. ئۆلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىغا ياردەملەشتىم 3. سۆزلۈك ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ بەك ئوماق ئىكەن |
| 22:00 – 22:30 | ناكسى بىلەن قايتتىم | | | |
| 22:30 – 23:00 | ئويۇن ئوينىدىم | | | |
| 23:00 – 23:30 | كىتاب كۆردۈم | | سىن دەرسى ئىشلىدىم | |
| 23:30 – 24:00 | | | ئۇن ئالدىم | قولغا كەلتۈرگەن ئويۇن ئويناش ۋاقتى |
| 00:00 – 00:30 | ئۇخلىدىم | ئۇخلىدىم | ۋاقىت رەتلىدىم. بىلوگقا مەزمۇن يوللىدىم | 10.25 |
| 00:30 – 1:00 | | | ئارام | جەمئىي |
| Gult free play ئېچىلىپ ئويناش | 4 | 1 | 4.5 | 24 |
| Rest ئارام | 8 | 10.5 | 8.5 | 61 |
| Mandatory work مەجبۇري خىزمەت | 0 | 0 | 0 | 0 |
| Quality work يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت | 8.5 | 8 | 9 | 69 |
| Procrastination كەينىگە سۈرۈش | 3.5 | 4.5 | 2 | 14 |

كۆڭۈل ئېچىش — ئارام ئېلىش — ئارقىغا سۈرەش

مەجبۇري خىزمەت قىلىش — ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جياڭسۇ سۇمۇرغ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2016 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2016 - يىلى 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据江苏凤凰文艺出版社2016年1月第1版，2016年1月第1次印刷本翻译出版。

出 版 人：唐辉
阿迪力·穆罕默德
策　　划：努尔比亚·司马义
责任编辑：努尔比亚·司马义
责任校对：阿丽亚·买买提
制　　版：阿依努沙·吾布力

你一年的8760小时（维吾尔文）
（升级版）
努尔艾力·阿不利孜　著
多力坤·艾力　译

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华华龙印务有限责任公司
880mm×1230mm　32开本　13.625印张
2016年5月第1版　2016年5月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-3632-0（民文）定价:39.80元